شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال

# BULAK



# بۇلاق

4
2013

ISSN 1005-0876
08>
9 771005 087006

# 源泉（布拉克）



# رۇبائىيلار

كىم ئىستەسە سەلتەنەت سەخادۇر ئاڭا شەرت
كىم ۋەئدەگى ئەيلەسە ۋەفادۇر ئاڭا شەرت
كىم فەقر تەلەب قىلسا فەنادۇر ئاڭا شەرت
ئاللىغا نىكىم كەلسە رىزادۇر ئاڭا شەرت

گۈل زىكرىن ئىشتۇرمەنۇ يوق گۈلدىن ئەسەر
بۇ باغ ئىشكىنىن ئىستەرەم ئانچا گۈزەر
كىم تاپماسا گۈل جەمالىدىن بەھرە نەزەر
بارىي ئىسىدىن يەتسە دىماغىمغا خەبەر

نەۋائىي

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

35 - يىل نەشرى    ئومۇمىي 151 - سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەتتى تاباش چەككىنى كۆكلىن مەيى بىلە خۇشھال ئېتەر
ھۆسنخەت ئۈستەپ يۈزىنە ئۇزراقىن ھەمانا ئال ئېتەر

لېكىن ئەل ئۆتتى ئاياغ بىرلە ئۇچۇرگەندەك باسىپ
خەتتىنىڭ خېلى يۈزنىڭ شولىسىن پايمال ئېتەر

خەت چىقاردى ئول پەرى يۈزگە يوقلۇم ئىگنىگە
ۋەھ نې پەردۇر بوكى ئاندىن ئەسلى فارىغ بال ئېتەر

خەت ئەمەس كىم قىلدى ھۆسنى كىشۋەرىن زىر-ۇ زەبەر
كىم بۇ ياڭلىغ يۈزنى مەشق ئەۋراقىدىن تىمسال ئېتەر

ھۆسنخەتدىن سەبزەپۇش ئولماققا نا رازى ئېدىم
كۆز نىھال ئولغايكى ئول كىشۋەرنى ئەمدى شال ئېتەر

ھۆسنى زاھىردىن نې ھاسىل ئەي خۇش ئولكىم بىر نەپەس
شاھىدى مەئنى يۈزىدىن ئۇزرنى پەرروخ فال ئېتەر

تا سەۋادى خەتتىنى كۆرمىش نەۋائىي زەئفىدىن
جىسمىنى كىلكى ئاندا مەھنەت ئوقلارىدىن نال ئېتەر

# بۇلاق

2013 - يىللىق 4 - سان

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى　　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت


## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


ئىسكەندەرى ئايىنە .................. پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەلى ئىبنى ئاخۇند ئابدۇلئەزىز تۇرپانىي (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابلىمىت ئەھەت بۆگۆ، ئىلھام ئابدۇللا

ۋەفائىي شېئىرلىرىدىن .................................................. ۋەفائىي (24)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھاجى ئابدۇللا مەھمۇد


### شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتى


ئۇۋەيسىي شېئىرلىرىدىن .................................................. جەھان ئاتىن ئۇۋەيسىي (37)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇنەۋۋەرە ھەبىبۇللا نۇر


### تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى


ئالتۇن توشقان .................................................. بوغدا ئابدۇللا (51)

قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىدا گۈزەللىك قارىشى .................. ئابلىز مۇھەممەت سايرامىي (59)

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلارغا ئائىت ئۇچۇرلار ........................ تۇرغۇن ئىبراھىم (67)

## ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدىبلىرىنىڭ تەخەللۇس قوللىنىش توغرىسىدا ئىزدىنىش .......................... ئادىلە قىز مەمەت (73)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

رىۋايەتلەر ..........................................................................................................(83)
توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەدئىمىن قۇربان تۇغلۇق
ئۇچ ئەۋلىيا (چۆچەك) .................................................................................................. (101)
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇقادىر سادىر

※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: پەردە كەينىدىكى سىرلار
(رەسسام: مەھمۇد فەرشچىيان)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلئارام باھاۋىدىن
مۇھەررىرى: مۇتەللىپ ئىسمايىل
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مۇقەددەس دىلشات
خەتتاتلار: قايىنام جاپپار

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 0991 ـ 2827971
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@yahoo . cn
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 0991 ـ 2827472

پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەلى ئىبنى ئاخۇند ئابدۇلئەزىز تۇرپانىي

# ئسكەندەرى ئايىنە

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابلىمىت ئەھەت بۆگۈ، ئىلھام ئابدۇللا

## ئوتتۇزىنچى باب
## ئەپۇ قىلىش ۋە جازا بېرىشنىڭ بايانى

ئەي غەملىك كۆڭلۈمنىڭ سەرۋەرى ۋە نەملىك كۆزۈمنىڭ نۇرى، بىلگىنكى، ئەگەر كىشى گۇناھ سادىر قىلسا، ئۆز ئادالىتىڭ بىلەن ئەرزىگە قۇلاق سېلىپ گۇناھىنى كەچۈرگىن. چۈنكى، ئۇمۇ ئادەم بالىسىدۇر. گۇناھ ئەڭ دەسلەپ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولغانىدى. ئۇ ھەممىمىزنىڭ ئاتىسى ئىدى.

بېيىت:

ئول كۈن يۈزىدىن بولۇپدۇ كۆڭلۈم فەردى،
ئارمان بىلە يەتتى كۆككە ئاھى سەردى.
بىر ئارفا گۇنەھ كۆرۈپ بۇ قۇلدىن قاچما،
مەن ئادەمۇ باش گۇنەھنى ئادەم تەردى.


همه یه بر و نه شریک قیلماغیل تا اول الیشنی قصور بولغای همیشه
خوجه ننک غیرنک الدیده سرخ روی بولغای سن و دوست و دشمن
کریم بولغیل کیشی گناه قیلسه قاتیغ غضب قیلماغیل و کیشی
سوزینی انکلاب کونکل صحیفه سیغه بیتماکیل کیشیدین خواه
خواه یلغان گناه صادر بولسه انکا جزا و عقوبت قیلماقغه کونکل
کرم طریقینی سالماغیل هر قایداغ گناه اوچون کیشی کا جزا و عقوبت
بر له کلفت قیلماغیل تا بزرگ تیلدا مدح قیلنغای سن
عفو قیلماق و عقوبت قیلماق ... بیلکیل ای غم لیک کونکلوم
نینک سروری و ای نملیک کوزوم نینک نوری اگر کیشی گناه قیلسه
بر له عذرینی قبول قیلیب گناهینی کوچورکیل که اول بنی آدم دورور باشلاب
آدم علیه السلام دین گناه وجود غه کلدی بیزنینک اتامیز ایردی
اول کون یوزیدین بولوبدو کونکلوم فردی ارمان بیله یتی کوککه آهی
سردی بر آرفه گنه کوروب بو قولدین قاچمه من آدم و باش گنه نی آدم تردی

خۇدايىتائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىماي دېسەڭ، كىشىلەرگە سەۋەبسىز ئازار قىلما. بىرەر گەپنى ئاڭلىغان ھامان ئاچچىقلىنىپ كەتمە. كىشىگە جازا بېرىدىغان ۋاقىتتا، ئاچچىقىڭنى بېسىۋېلىشنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل.

بىراۋ گۇناھىغا تۇۋا قىلىپ ئۆزرە سورىسا، ئەپۇ قىلغىنكى، ئەگەر بەندىنىڭ يۈزىنى گۇناھ غۇبارى قارا قىلمىغان بولسا، ئەپۇ ۋە مەغپىرەت يامغۇرىمۇ ياغمىغان بولاتتى. ئەپۇ ۋە كەرەم تەرىقىنى ئۆزۈڭگە ۋاجىپ بىلسەڭ، ئۇلۇغلۇق پەزىلىتىدىن مەھرۇم قالمايسەن. ئەمما، بىراۋنى ئەپۇ قىلغاندىن كېيىن كايىما. كايىش — ئەمەلىيەتتە گۇناھىدىن ئۆتمىگەنگە باراۋەردۇر. ئەگەر كىشى جازاغا

بېشى ئالدىنقى ساندا.



لايىق گۇناھ قىلغان بولسا، جىنايىتىنى ئۆلچەپ كۆرۈپ، جىنايەتكە تۇشلۇق جازاغا بۇيرۇغىن. ئىنساب ئەگىلىرى بۇ توغرىدا مۇنداق ھۆكۈم قىلىشقان: «جازا جىنايەتكە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك». مەن ئېيتىمەنكى: «بىراۋ گۇناھ قىلسا، ئۇنىڭغا جازا ئىسىغا چۈشلۇق جازا بېرىلسە، شەپقەت ۋە كەرەم تەرىقى ئۇنتۇلغان بولىدۇ. شۇڭا، جازا شۇ تەرىقىدە ئۆلچەنگەي ۋە بېرىلگەيكى، بىرسى گۇناھ ئۆتكۈزسە، شۇ گۇناھنىڭ يېرىمىغا مۇۋاپىق جازا بېرىلسە، سىياسەت رەسمىمۇ، رەھىم ۋە كەرەملىك قانۇنىمۇ يۈرگۈزۈلگەن بولىدۇ. رەھىمدىل كىشىلەرگە رەھىمسىزلەرنىڭ ئىشى ياراشمايدۇ. كىشىگە ئۆزرە ئېيتىشقا مەجبۇر قىلمىدىغان گۇناھتىن يىراق بول، ئەگەر گۇناھ قىلساڭ، ئۆزرە ئېيتىشتىن نومۇس قىلما.

ھېكايەت: مۇئاۋىيە — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ زامانىسىدا بىر قوۋم گۇناھ سادىر قىلغانىدى. ئۇلارغا ئۆلۈم ۋاجىب بولدى. مۇئاۋىيە ئۇلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. ھۆكۈم ئىجراسى بويىچە ئۆلتۈرمەك ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن نۆۋەتتە كەلگەن بىر گۇناھكارنى كەلتۈردى. ئۇ بىچارە:

— ئەي ئەمىر، بىزگە قانداق جازا بەرسەڭ، راۋادۇر. ئەمما، خۇدايىتائالانىڭ ھەققىدە بولسىمۇ پېقىرنىڭ بىر ئېغىز ئەرزىنى ئاڭلاپ باقساڭ، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.



مۇئاۋىيە:

— ھەرقانداق سۆزۈڭ بولسا، ئېيتقىن، — دەپ ئىجازەت بەردى.

گۇناھكار دېدىكى:

— ھەممە ئالەم خەلقى سېنى «ئالىيجاناب ۋە مېھىر-شەپقەت ئىگىسى» دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئەگەر بۇ گۇناھنى باشقا بىر پادىشاھنىڭ مەملىكىتىدە سادىر قىلغان بولساق، ئۇ سەندەك كەرەملىك بولمىسا بىزگە قانداق مۇئامىلە قىلار؟

— مۇئاۋىيە ئېيتتىكى:

— مەن بەرگەن جازانى بېرەتتى.

— ئۇنداقتا، — دېدى گۇناھكار، — سەنمۇ شۇ رەھىمسىز زالىمنىڭ قىلغىنىنى قىلساڭ، مېھىر-شەپقىتىڭدىن بىزگە نېمە پايدا؟!

مۇئاۋىيە دېدىكى:

— مۇبادا سەن دېگەن بۇ سۆزنى ئىلگىرىكىلەر (ئىلگىرى قەتل قىلىنغانلار) دېگەن بولسىيدى، ھەممىسىنى ئەپۇ قىلغان بولاتتىم. ئەمدىلىكتە بولسىمۇ، قالغان گۇناھكارلارنىڭ گۇناھ-


نیز معامله قیلور ایدی معاویه ایدی شونداق جزا بیرور ایرکن
من بیرامن اول مجرم ایدی سیننگ حلیم کریمنگ دین
بهره کانیمه سود کیم اول ای رحیم ظالیم نینگ نعلینی قیلوری
سن معاویه ایدی ایلکار کیلار رحم سن دیکالی سوزنی
دیب اسیر دیبلار بهره نی عفو قیلورای ایردیم ایمدی قالغان
لکنه کارلار بیز نینگ گناه لاریدین اتوم یس کنه کار عفو طلب
قیلر درحال عفو قیلغیل عذر سیغا یاتورغان گناه
[illegible] عفو کرم قیلماق دین توقتاماغیل کیم عفو نه [illegible]
جرم بولماس اگر محتاج نینگ سینغا حاجتی توشسه اول
حاجت [illegible] خلقی دنیالیق غه [illegible] بولدنیا
یوزیدین اول محتاج سوزینی یوزیگا یاندوروب [illegible]
کونکلی سیندورماغیل هیچ حاجت مندنینگ حاجتی نی
روا قیلمای ناامید یاندورماغیل اول حاجت مندسنی [illegible]

لىرىدىن ئۆتتۈم!

بەس، گۇناھكار تۇۋا قىلىپ گۇناھى ئۈچۈن ئەپۇ قىلىشنى تەلەپ قىلسا، دەرھال ئەپۇ قىل. كەچۈرگىلى بولمايدىغان گۇناھ دەپ، ئەپۇ - كەرەم قىلماقتىن توختاپ قالما، كەچۈرگىلى بولمايدىغان گۇناھ بولماس.

موھتاج كىشىنىڭ ساڭا ھاجىتى چۈشسە، شۇ ھاجەتنىڭ بارلىق زىبىنى دۇنيالىقىڭغا ئازغىنا زىيان يەتكۈزسە، دۇنيا يۈزىدىن ئۇ كىشىنىڭ سۆزىنى يۈزىگە سېلىپ كۆڭلىنى سۇندۇرما. ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلماي، ئۇنى نائۈمىد قايتۇرما. ھاجەتمەننىڭ سېنى مېھىر - شەپقەتلىك ئوبدان كىشى دەپ بىلىپ، ساڭا ئەقىدە قىلغىننى يالغانغا چىقارما. ئەگەر كىشى سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭنىڭ ياخشىلىقىغا ئىشەنچ بىلەن قارىمىسا، سېنىڭ ئالدىڭغا ھاجەت تىلەپ كەلمەس ئىدى. موھتاج كىشى ئەسىر مەسىلىكتۇر، شۇڭا ئەسىرلەرگە رەھىم ۋاجىپتۇر. چۈنكى، ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرگۈچىلەر ماختاشقا ئەرزىمەيدۇ. ئىككى جاھاننىڭ ئەبەدىيلىك سائادىتى ۋە ساۋابىنى تەڭ كۆرەي دې سەڭ، بۇ توغرىسىدا گۇناھ سادىر قىلىشنى راۋا كۆرمىگەيسەن!

ئەگەر بىراۋغا ھاجىتىڭ چۈشسە، ئالدى بىلەن ئۇ كىشىگە ئوبدان نەزەر سال. مۆجىزىلىك يۈزى ۋە بەخت - ئىقباللىق رۇخسارىدىن نۇر ۋە سېخىيلار يولباشچىسىغا خاس خىسلەت ئايان بولسا، ئۇنىڭغا ھاجىتىڭنى ئېيت. ئەمما ئاچ قورساق، خاپا، بىچارە ھالدا كىشىگە ھاجىتىڭنى ئېيتما. قولغا كەلتۈرۈش قىيىن بولغان نەرسىنى سورىما. شۇندىلا تىلىكىڭگە يېتىسەن.


کیشی عقیده قیلیب کریم وحلیم کمانینی اوز حقینکدا ایلغای
اول کوماکیل تا کیشی وجودونینگ ایکشیلیق کمان قیلمای [illegible]
حاجت تیلاماکای وبینه محتاج اسیر مثل لیک دور [illegible]
لارغه رحم واجب دور اسیر اولتیکوچی تعریف غه [illegible]
وبو باب دا تقصیر واهمال غه روا کورماکای سن تا ایکی
جهاندا دولت ابدی وسعادت سرمدی حاصل قیلغونک
دور [illegible] اگر اوزونک بو غه احتیاج السانک
اول کیشی کا نظر قیلغیل اگر کرامت یوزی سعادت
طلعتی دین تابان وسخاوت سرور [illegible] دین
عیان بولسه انکا حاجت بیان قیلغیل اگر سینه و
دل تنک لیک بیله درماندەلیغ حالتیدا کیشیدین
حاجت تیلاماکیل ممکین بولمایدورغان مجال [illegible]
تیلاماکیل تا تیلاک یا یراق میسر بولغای حاجت یوزیدین

بىراۋغا سۆزۈڭنى دېمەكچى بولساڭ، ئاۋۋال ياخشى ئويلىنىپ، ئوبدان تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ سۆزۈڭنى بايان قىل. سۆزۈڭ تاتلىق، ۋەزىنلىك، مەنىسى يېقىشلىق، ياخشى مەزمۇنلۇق بولسۇن. ئەرزىڭنى ئاڭلىغۇچىغا قىسقا ۋە چۈشىنىشلىك بايان قىل. مۇلايىملىق ۋە ھۆرمەت بىلدۈرگىنكى، مۇلايىملىق ۋە ھۆرمەت ھاجەت بابىدا ئىككىنچى ۋاستىچىدۇر. ئەگەر ھاجەتنى ھاجىتىڭدىن چىقالايدىغان كىشىنى بىلىپ ئېيتساڭ، ھاجىتىڭ راۋا بولماي قالمايدۇ، ھېچ ئەشكىتىن قۇرۇق قول يانمايسەن. شېئىر:

يەتمەك تىلەسەڭ كۆڭۈل دىلئارامىڭغا،
غەم يەر كىشىسىز يېتىپ مەھتامىڭغا.
دىلبەر بىلە دىلخاھ مۇرادىچە تىرىل،
يەتكۈڭ، بىلىبان تىلەر ئېيسەڭ كامىڭغا.

ھەرقانداق بىر كىشىگە ھاجىتىڭ چۈشىدىكەن، ئۆزۈڭنى شۇ


بروغه سوز تقریر قیلیشدا یخشی اندیشه قیلیب تکلم تصوریا
تفکرنی کمالیغه یتکوروب عبارتینی شیرین و موزون
و معنیسینی دل نشین خوش مضمون ترتیب بریب
سامعغه غرضنی مختصر مفهوم قیلغیل لطف و تملق
ایلاکیل کیم لطف ملایمت حاجت بابیدا ایکنجی شفیع دور
اگر حاجت نی بیلیب تیلاسانک هیچ حالدا حاجتینک روا
بولمای هیچ ایشیکدین محروم یانماغای سن البته حاجتینک
روا بولغوسیدور تیماک تیلاسانک کونکل دل ارامینک غه
غم برکنتی سیز قیب بهتامینک غه دلبر بیله دلخواه مرادیغه تریل
ییکونک بیلیبان تیلار ایسانک کامینک غه هرکیشی کا حاجتینک بولسه
اوزنی انکا بنده مثل لیک بیلکیل خدای عز و جل غه هم محتاج
لیغیمیزدین قیلیبدور اگر حاجت بولماسا عبادت یوزی (بنده لیک)
طاعت تفراغیغه قویولماس ایردی وقتی که حاجت روا

كىشىنىڭ بەندىسى دەپ بىل. بىز ھاجەتمەنلىكىمىزدىن ئاللاھنىڭ قۇلىدۇرمىز. ئەگەر بەندە ھاجەتمەن بولمىغان بولسا، ھېچكىممۇ تائەت ـ ئىبادەت تۇپرىقىغا يۈز قويماس ئىدى. ئەگەر ھاجىتىڭ راۋا بولسا، ھاجىتىڭنى راۋا قىلغان كىشىگە شۈكۈر ئېيت. دەرھەقىقەت، ھاجىتىدىن چىققان كىشىگە شۈكۈر بەجا كەلتۈرمەيدىغان ئادەم ئاللاتائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگىمۇ شۈكۈر قىلمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە: «شۈكۈر ئېيتقۇچىلارنى خۇدايىتائالا دوست تۇتىدۇ» دېگەن كەلىمە بار. ئەلۋەتتە، ئاۋۋالقى ھاجەتكە شۈكۈر ئېيتىش ئىككىنچى ھاجەتنىڭ راۋا بولمىقىغا ئاساستۇر.

مۇبادا ھاجىتىڭ راۋا بولمىسا، ئۆز بەختىڭدىن كۆر. ھاجىتىڭدىن چىقمىغان كىشى تۇغرۇلۇق باشقىلارغا سۆز ـ چۆچەك قىلىپ يۈرمە. ئەگەر كىشى سۆز ـ چۆچەك قىلىشىڭدىن قورققان بولسا، ھاجىتىڭنى راۋا قىلغان بولاتتى.

بېخىل، پەسكەش كىشىنىڭ ئەس ـ ھوشى جايىدا ۋاقىتتا، ئۇلاردىن بىر نېمە سورىما، بەرمەيدۇ. مەست ۋاقتىدا سورا. چۈنكى، بېخىل، پەسكەش ئادەملەر گەرچە ئەتىسى پۇشايمان قىلسىمۇ، مەست ۋاقتىدا سېخىي بولۇپ كېتىدۇ.

ئومۇمەن، قايسى تەرىقىدە بولسۇن، بېخىل، پەسكەش ئادەملەرگە ھاجەتمەن بولغان كىشى ئۆزىنى بىچارىلەر قاتارىدا سانىسا بولىدۇ. ئېيتىپتۇرلاركى، ئۈچ خىل كىشى بىچارىلەر قاتارىدا سانىلىدۇ:

بىرى، ئۆزى ئاقىل بولسىمۇ، نادانىڭ قول ئاستىدا بولسا؛

ئىككىنچىسى، ئۆزى كۈچلۈك تۇرۇپ، زەئىپ، ئاجىز رەقىبىدىن يېڭىلسە؛

ئۈچىنچىسى، ئالىيجاناب، سېخىي تۇرۇپ، بېخىل، پەسكەشلەرگە موھتاج بولسا.

ئوقۇپ تەلىم ئالسۇن، ئۆگىنىپ بىلىم ھاسىل قىلسۇن دەپ، كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە تۆرلۈك ئىلىم ۋە ھېكمەتكە ئائىت نەسىھەت ۋە ھۈنەر ـ سەنئەتكە ئائىت ئۈگۈتلەرنى ئىمكانىيىتىمنىڭ يېتىشىچە بايان قىلىپ، بۇ توغرىدا ساڭا نىشان كۆرسىتىپ بېرىشنى ئىرادە قىلغانىدىم. كاشكى، پېقىر ئىلىمنىڭ باش ـ ئاخىرىنى كۆپرەك بىلگەن بولسام ئىدىم، ۋايىگە يەتكۈزۈپ چۈشەندۈرگەن ۋە ئۆگەتكەن بولاتتىم. ئەجەل يەتكەندە پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە ئارمانسىز كەتكەن بولاتتىم. لېكىن قانداق قىلاي، ئىلىم ـ ھېكمەت دۆلدۆلى


بولدی ایرسا اول حاجت روا قیلغوچی غه شکر بجا کلتورکیل [illegible]
[illegible] کلام حمید
و فرقان مجیددا فرمان قیلادورکه [illegible]
لأزيدنكم و شاکرلارنی خدای تعالی دوست توتادور
و بیله اولقی حاجت غه شکر ایتماغلیق ایکنجی حاجت نینک روا بولماقی
امیدیغه دلیل دور مبادا حاجتینک روا بولماسا اوز بختینک دین
کورکیل و اول کیشیدین گله قیلماغیل و اول گله قیلمادین یاک توتسه (سین)
البته سینینک حاجتینک نی روا قیلور ایردی بخیل و لئیم دین هشیارلیق
حالتیدا انیمرسه تیلاماکیل کم برماگای مست لیک دا تیلاکیل بخیل لار مست لیک دا (حالتی)
سخی بولغای اگرچه ایرته پشیمان قیلادورلار هم و هر طریق حاجتی لئیم غه توشسه اوزینی
رحمت سناماق لازم کا ایتیبدورلار اوچ کیشی بجای رحمت بولغایلار بیری عاقل بی عقل
زیردست بولسه ایکنچی قویکا انکا ضعیف مسلط بولسه کریم لئیم غه محتاج بولسه بیلکیل کی
کتابنینک مقدمه سیدا مذکور بولوبدورکه هر قسم علم و حکمت آداب و پیشه و صنعت



ئالدىدا پىيادىدۇرمەن. بىلىدىغانلىرىم بەكلا ئاز. يەنە كېلىپ بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنى تامام بايان قىلغان بىلەنمۇ ئىشتىكۈچى قوبۇل قىلمىسا، كۆپ سۆزدىن نېمە پايدا؟!

ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، ئېچىلىپ تۇرغان غۇنچە، مەندىن كۆڭۈلنى شادلاندۇرىدىغان ۋە روھلاندۇرىدىغان شۇنچە كۆپ نەسىھەت، ئۇگۇت ۋە سۆز - ئىبارىلەرنى ئاڭلىغان بولساڭمۇ، بىلىپ تۇرۇپتىمەنكى، ئەمەل قىلىشىڭ ناتايىن. چۈنكى، مەنمۇ ھۆرمەتلىك ئاتامدىن ئاجايىپ تاتلىق پەندۇ نەسىھەتلەرنى، قالتىس يېقىشلىق ئىبارىلەرنى تالاي قېتىم ئاڭلىغان. ئەلۋەتتە، مۇنداق ساپ، يالتىراق گۆھەرنى قولىقىمنىڭ جان تومۇرىغا ئېسىپ، كۆڭلۈمنىڭ چاھار بېغىدىكى قەلب غۇنچىسىنى ئېچىلدۇرمىقىم لازىم ئىدى. ئەمما، قابىلىيەتسىزلىكىم تۈپەيلى① مەنمۇ ئىلگىرى ئۆزۈم بىلگەنچە ئۇمۇر ئۆتكۈزۈپ، ئاتامدىن ئاڭلىغان - ئۆگەنگەنلىرىمگە ئانچە كۆڭۈل باغلاپ كەتمىگەنىكەنمەن. ئەمدىلىكتە خاھى ئاڭلا، خاھى ئاڭلىما، بىلگەنلىرىمنى قالدۇرماي ساڭا ئېيتتىم. تەبىئىتىمنىڭ ئەينىكىدە ساڭا كۆرسەتتىم. ئۇلۇغلار ئېيتقانكى: «سائادەتمەن كىشى ئاڭلىغاننى قوبۇل قىلىدۇ!»

## ئوتتۇز بىرىنچى باب
## ئىلىم تەلەپ قىلماق ۋە قازى بولماقنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، ئەمدى تۆرلۈك ھۈنەر - ئىلىم توغرىسىدا بىلگەنلىرىمنى بايان قىلىمەن:

ھۈنەر - دۇكاندارلىق، يەنى ئالماق - ساتماق بىلەن شۇغۇللىنىش ئەمەس، بەلكى ھەربىر كىشى تىرىشىپ - تىرمىشىپ قولغا كەلتۈرىدىغان ئىلىم ياكى بىرەر كەسىپتۇر. ناۋادا سەن بىرەر ئىلىمنى ئوبدان بىلسەڭ، ئۇنىڭ مېۋىسىنى تېتىيسەن. بىلىمەن، ئۇستازغا ھاجىتى چۈشمەيدىغان ھېچبىر ھۈنەر ۋە ھېچ ئىش يوقتۇر.

ھۈنەرنىڭ تۈرى كۆپتۇر. ھەممىسىنى تەپسىلىي شەرھلىسەك، كىتاب ئۇزىراپ كېتىدۇ، يەتمەكچى بولغان مەقسەتتىن يىراقلاپ كېتىدۇ. لېكىن، بىلگىنكى، ھۈنەرگە تەئەللۇق ئىلىم مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن تاشقىرى بولمايدۇ. ئۇلار: تېبابەتچىلىك ئىلمى، مۇنەججىملىك (ئاسترونومىيە)، ھەندىسە (گېئومېتىرىيە)، شائىرلىق قاتارلىقلارغا ئوخشاش. بۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تەرتىپى باردۇر. ئەگەر سەن بۇلارنىڭ قائىدە - تەرتىپلىرىنى بىلمىسەڭ، ئۇ ھالدا ھەرقانچە بىلەرمەن بولساڭمۇ، بۇ ئىلىم ئالدىدا ئەسىرگە ئوخشاپ قالىسەن. مانا بۇ «ھۈنەر» دېيىلىدۇ. بۇ ھۈنەرلەر تولىمۇ مەشھۇر بولغاچقا، ئۇلارنى بىر -

① قول يازمىدا مۇشۇ يەردىن باشلاپ ئوتتۇز بىرىنچى بابنىڭ «ھەر رەڭ پۈتۈك ۋە ھەر تۈرلۈك كىتابنى، يەنى كۆرگەنلىكى پۈتۈك ۋە كىتابلارنى مۆتىۋەر بىلىپ كەتمە» دېگەن جۈملىسىگىچە بولغان ئارىلىقتا بىر ۋاراق يوقالغان. بۇ مەزمۇنلار «سىددىقنامە» ناملىق قول يازما نۇسخىسىدىن تولۇقلاندى.

كىتاب تورى بىلىك



بىرلەپ شەرھلەپ ئولتۇرۇشنىڭ هاجىتى يوق. لېكىن، ئەمەلدە كۆپرەك كۆرۈلىدىغانلىرىنىلا بايان قىلىمەن ھەمدە ھەربىرىنىڭ قائىدە - تەرتىپلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

ھەر ئىشنىڭ مەقسىتى ئىككى خىل ئەھۋالدىن تاشقىرى بولماس: بىرسى، زاماننىڭ تەقەززاسىدىن مەلۇم بىر ھۈنەرنى ئۆگىنىشكە ھاجىتىڭ چۈشىدۇ، ھاجەت چۈشكەن ۋاقىتتا ھەربىر ھۈنەرنىڭ سىرلىرىدىن خەۋەردار بولۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ ھەمدە ئۆگەنگەن شۇ ھۈنەرىڭ ۋاقتى كەلگەندە ساڭا ئەسقاتىدۇ. ھاجىتىڭ چۈشمىگەن، يەنى ئەسقاتمىغان تەقدىردىمۇ كاتتىلار ئۇچۇن ھەرقانداق ئىلىمنىڭ قائىدە - تەرتىپلىرىنى بىلىپ قويۇش ئوبداندۇر. يەنە بىرسى، ئەگەر دۇنيا تەلەپ قىلساڭ، قازى، مۇپتى ۋە ياكى كاتتا مەرتىۋىدە بولغىن. ئەمما، بۇلارنىڭ مەنپەئەتى يەنىلا ئىلىم - ھۈنەرگە يەتمەيدۇ. ئىلىم تەلەپ قىلماي تۇرۇپ، دۇنيا ھاسىل بولمايدۇ.

ھۈنەر توغرىسىدا بىلگىنىمچە بايان قىلدىم. ئەگەر ھۈنەر تەلەپ قىلساڭ، قانائەتچان ۋە پەرھىزكار بولغىن. ئىلىمنى دوست تۇتقۇچى، مال - دۇنياغا بېرىلمىگۈچى، كىشىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرگۈچى، خۇشچاقچاق، ياخشى خۇيلۇق، كەم ئۇيقۇ، سەھەر تۇرىدىغان، كىتابقا ۋە ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن، خوش مۇئامىلىلىك ۋە ئالىم، دۇرۇس، چىداملىق، شەرم - ھايالىق، ھۈنەر ۋە ئىلىمنىڭ ھۆرمىتىنى، ئۇستازنىڭ ھەققىنى ساقلىغۇچى بولغايسەن. مەيلىڭ ۋە ئىلتىپاتىڭ ھەر ۋاقىت كىتابلارغا بولغاي! قەلەم، دەۋەت، قەلەمتىراش، قەلەمدان، پىچاق ۋە جەدۋەل، جەدۋەل قەلىمى، قەغەز ۋە باشقا لازىملىق نەرسىلەر دائىم ئۆزۈڭ بىلەن ھەمراھ بولغاي! ھۈنەر تەلەپ قىلغۇچى قانداق ئىش بىلەن مەشغۇل بولسۇن، مۇشۇ تەرتىپ - قائىدىلەرنى ئۆزىگە ئادەت قىلسا، زاماننىڭ يېگانىسى بولالايدۇ.



بەس، ئەگەر مۇپتى بولساڭ، ئىبادەتتىن ئايرىلما. ئىككى يۈزلۈك بولمىغىن. راست سۆزلە. بەدىنىڭنى ۋە كىيىمىڭنى پاك تۇتقىن. ھەرقانداق مەسىلىگە قارىتا جاۋابىنى ۋاقتىدا بەر. لېكىن، ھەقىقىتىنى تاپماي تۇرۇپ جاۋاب پۈتمە. كىشىدىن ئاڭلىغىنىڭغا قانائەت قىلما. كىشىنىڭ ئېيتقىنىنى ئاڭلاپلا ھۆكۈم چىقارما. ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ خېتىگە ئىشەنچ بىلەن قارا، ئەمما سۆزىگە ئىشىنىپ كەتمە.

كۆرگەنلىكى پۈتۈك ۋە كىتابلارنى مۆتىۋەر بىلىپ كەتمە. رىۋايىتى ھەرقانچە قايىل قىلارلىق بولسىمۇ، نام - شەرىپى ئېنىق بولمىغانلارنىڭ رىۋايىتىگە قۇلاق سالما. ئاتاقلىق ۋە مەشھۇر راۋىيلار-



نىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سال، ئەمما بىرلا ئادەمنىڭ خەۋىرىگە ئىشىنىپ كەتمە. يوشۇرۇن گەپ ـ سۆزلەردىن خەۋەرسىز قالما، يەنى ھادىسىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىشكە سەل قارىما. تىرىشچان بول. جاھىللىق قىلما، ئەسەبىيلەرچە سۆزلىمە. باشقىلار بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە توغرا كەلسە، قارشى تەرەپكە باققىن. ئەگەر رەقىبىڭگە باراۋەر تۇرالىغۇدەك قۇۋۋىتىڭ بولسا، ئارىغا كىر؛ بولمىسا، توختاپ قال. بىرلا مىسالغا قانائەت قىلما ۋە بىر ھۆججەتكە تايىنىپ خۇلاسە چىقىرىش دەۋاسىدا بولما. دەسلەپ ئېيتقان سۆزلىرىڭنى يادىڭدا مەھكەم تۇتقىن، قىلغان سۆزۈڭ ئۆزئارا زىت بولۇپ قالمىسۇن! ئەگەر مۇنازىرە قانۇن، دىنىي ئىلىملەر ئۈستىدە بولسا، ئايەتنى ھەدىستىن ئاۋۋال باشلا. قىياس ۋە بارلىق مەۋجۇداتلار توغرىسىدا ئاۋۋال ھەدىسنى بايان قىل. ئىلمىي ئۇسۇلنىڭ مۇنازىرىسىدە سەۋەب ۋە سەۋەبتىن تاشقىرى ئىشلار ھەمدە مەۋجۇداتلار توغرىسىدا سۆز ئېچىلسا ئەيىب سانالمايدۇ. غەرىزىڭنى تولۇق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىش. سۆزنى تەرتىپ بىلەن دېگىن. پايدىسىز گەپلەرنى قىلما. قۇرۇق گەپنى تولا قىلما.

ئەگەر ۋائىز بولساڭ، كۆپ سۆزنى يادلىغىن. گەرچە رەقىبىڭنىڭ ئاجىزلىقى مەلۇم بولسىمۇ، مۇنبەر ئۈستىدە مۇنازىرە، دەتالاش قىلما. مۇنبەردە ھەرقانداق سۆزۈڭنى راۋان قىلغىنكى، ئۇ يەردە ھېچ كىشى سەندىن سوئال سورىيالمىغاي! ۋەز ئېيتساڭ، سۆزۈڭنى پاساھەتلىك قىل. ئاڭلىغۇچىلارنى سۆز ئىلمىدە ئۆزۈڭدىن تۆۋەن تۇتۇپ، ئەركىن ـ ئازادە سۆزلە. سۆزلەۋېتىپ توختاپ قالما. كىيىمىڭنى ھەمىشە پاكىز تۇت. يېنىڭدا دوست تارتىشىپ بېرىدىغان ئەگەشكۈچىلىرىڭ بولسۇن. سەن ھەر قېتىم بىرەر ھېكمەتنى بايان قىلغىنىڭدا، ئۇلار دوست تارتىپ، سېنى قوللاپ مەجلىسنىڭ كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەي! ۋاقتىكى، مەجلىس ئەھلى سۆزۈڭدىن تەسىرلىنىپ يىغلىسا، سەنمۇ يىغلا. ئەگەر مەلۇم بىر سۆزدە توختاپ قالساڭ، ھودۇقۇپ كەتمەي، مۇۋاپىق تەھلىل ۋە دۇئالار بىلەن نۇتقۇڭنى تامام قىل. سۆزلىگەندە جانلىق بول. ياخشى نەرسىلەرنى تەسۋىرلىگەندە، ناچار، يەنى يېقىمسىز سۆزلەرنى ئىشلەتمە. لېكىن، خەلق سۆزۈڭنى ياقتۇرۇپ ئاڭلىغانسېرى تېخىمۇ ئېھتىياتچان بول. چۈنكى، نۇتقۇڭنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغانلار كۆپەيگەنسېرى دۈشمەنلىرىڭمۇ، ھەسەت قىلغۇچىلارمۇ كۆپىيىپ بارىدۇ. ئەمما، نۇتقۇڭنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىگەن جايلاردا ئۇزاق تۇرما. مۇنبەردە بەكلا ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن بولۇۋالما، قاپىقىڭ ھەم تۈرۈلۈپ قالمىسۇن، بولمىسا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرۈلمەي قالىدۇ. ئىمكان بار چەبدەس بول، لېكىن قولۇڭ جىم تۇرسۇن،





يەنى قولۇڭنى شىلتىما. ئاڭلىغۇچىلار قايسى مەسىلىگە بەكرەك قىزىقسا، شۇ مەسىلە ئۈستىدە سۆزلە. ئەگەر مۇنبەر ئۈستىدە ئوخشىمىغان سوئاللار سورالسا، بىلگىنىڭگە جاۋاب بەر. بىلمىسەڭ، بۇ سوئالغا بۇ يەردە جاۋاب بەرسەڭ، ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس، جاۋابىنى ئۆيگە بارغاندا ئاڭلاڭلار، دەپ ئۆزرە ئېيتقىن. سوئال سورىغان كىشى جاۋابىنى ئاڭلايمەن دەپ، ئاتايىتەن ئۆيۈڭگىچە ئىزدەپ كېلىپ يۈرمەيدۇ.

مەجلىستە بىر قېتىم ئېيتىلغان سۆزنى يادىڭدا ياخشى ساقلىغىن. ئۇ سۆز قايتا تەكرارلانمىغاي. ھەرقاچان ئوچۇق چىراي بول. ھەرقانداق بىر شەھەردە ئۇزاق تۇرۇپ قالما. ۋەزخانلار ۋە پالچىلارنىڭ رىزقلىرى كۆپ ماڭماق بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

خەلق سۆزۈڭنى قانچە ياقتۇرۇپ ئاڭلىسا، شۇنچە خۇش چىراي ۋە خۇش سۆزلۈك بولغىن. ۋائىزلىقنىڭ ھۆرمىتىنى ياخشى ساقلا. ئىچىڭ بىلەن تېشىڭنى توغرىلىق بىلەن بېزە. ناماز ئۆتىمەك، روزا تۇتماققا ئوخشاش تەرتىپلەرنى تولۇق ئادا قىلىشقا تىرىش. بازاردا ئاۋامغا قوشۇلۇپ كۆپ يۈرمە، خاس - ئامىنىڭ نەزىرىدە ئەزىز ۋە مۆكەررەم بولغايسەن.

ھەرقاچان ياماناللار سۆھبىتىدىن يىراق تۇر. مۇنبەرنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرىنى ساقلا. بۇ شەرت - تەرتىپلەر يۇقىرىدىكى بابلاردىمۇ دېيىلگەندى. تەكەببۇرلۇق، يالغانچىلىق ۋە پارىخورلۇقتىن يىراق بولغىن. خەلقنى ئۆزۈڭ ئەمەل قىلغان ئىشقا تەرغىب قىل، كىشىلەر نەزىرىدە سەممىي ئالىم ئاتالغايسەن.



ئىلىمنى ياخشى ئۆگەن ۋە ئۆگەنگەن بىلىمىڭنى ياخشى سۆز - ئىبارىلەر ئارقىلىق كىشىلەرگە يەتكۈز. شۇندىلا خىجىلچىلىققا قالمايسەن. ۋەز - نەسىھەت بابىدا ھەرقانداق سۆزنى ئېيتساڭ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان، قەلبىنى ئۈمىد - ئىشەنچكە تولدۇرىدىغان سۆزلەرنى دېگىن. خەلقنى بىر يولىلا خۇدايىتائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرمە، خەلقنى ھېچ تائەت - ئىبادەت قىلدۇرماي تۇرۇپمۇ مۇتلەق جەننەت ئەھلى قىلمىۋەتمە. ۋەز ئېيتقاندا كۆپرەك ئەسلىنى بىلىدىغان، ھەدىستىن چىقالايدىغان سۆزلەرنى دېگىن. ھۆججەتسىز، ئاساسسىز دەتالاش قىلمىغىن. دەلىلسىز، ئاساسسىز دەتالاش كىشىنى ھامان ئۇياتقا قالدۇرىدۇ.

ئەگەر ئىلىم ۋە ھېكمەتنىڭ سەۋىيە بىلەن مەرتىۋىگە ئېرىشىپ قازى بولساڭ، ھەرقاچان ئاز سۆزلۈك، ئېغىر - بېسىق بول. زېرەك ۋە پاراسەتلىك، تەدبىرلىك، دىنىي ئىلىملەرگە پۇختا بول، ھەر تائىپە ۋە ھەر پىرقىنىڭ ئادەت ۋە مەزھەپلىرىنى پىششىق بىل. ھەر


کین بو کشیکا یوزلانیب اول ایمدی نینگ درخت یانیکا بیکانکا ندور سود بیب میدی
اول تحیر بتماکاندور دیدی قاضی بنا حکم مشغول بولدی اول مدعی بار بیب
شهرکا نه درخت قه تنکلابای درخت قاضی سنی چرلایدور دیب بزبان
اولتوردی درخت دین جواب حاصل بولمای ایرسه بار یتیب قاضی قاشیغه
کلیب ایدی بار بیب مهر نه درخت کا کورساتیم هیچ جواب برمادی قاضی ایدی
غلط ایتاسیین اول درخت کلیب شهادت سوره بیب کیتی بیان اول خصم غه
یوزلانیب بو کشی نینگ حقیغیغ برکیل یولماسا کیم کیم ساتیب نه قیلیب
مدعی غه برامن دیدی اول امر ایدی تا من بو برد اولتور غالی بر ره هیچ درخت
کلمادی کواه لیق هم برمادی قاضی ایدی بر ایتاسیین دوری کلمادی
اما اول درخت تو بیدا آلتون آلماغان بولسانک من اول خصم شول
یر کا بیتکاندور مو یا یوقمو دیب سورغاندا سین ایدی نینگ یوق تحیر بتماکا
دور موندین تا اول بر یراق دور اگر آلتون آلماغان بولسانک
بو حرف نی دیب تیلغه سور اسیین وه نه باعث دین بو سوز نی دیماس ایدینگ

گۇرۇھنىڭ مىكرىدىن ھەمىشە ئاگاھ بول. كۆتۈلمىگەن بالا ـ قازانىڭ ئالدىنى ئالالايسەن. زۇلۇمغا ئۇچرىغان بىرەرسى مەھكىمىگە دەردىنى ئېيتىپ كەلسە، ھەقلىق بولسىلا، گۇۋاھچىسى بولمىغان تەقدىردىمۇ، قايتۇرۇۋەتمەي، چارە ـ تەدبىر بىلەن ئۇنى ھەققىگە ئۇلاشتۇرغايسەن.

ھېكايەت: تەبەرىستاندا ئەبۇلئەبباس رويانى دەپ بىر قازى بار بولۇپ، ئۇزى ناھايىتى ئالىم ۋە تەقۋادار، يىراقنى كۆرەر ۋە تەدبىرلىك كىشى ئىدى. بىر چاغدا، بىر كىشى قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا بىراۋدا يۈز دىنار ئېلىشىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ دەۋا قىلدى. قازى جاۋابكارنى ھازىر قىلىپ سورىغانىدى، جاۋابكار تېنىۋالدى. قازى دەۋاگەردىن گۇۋاھچى تەلەپ قىلدى. دەۋاگەر گۇۋاھچىسىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى. قازى جاۋابكارنى قەسەم قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇ چاغدا دەۋاگەر پەرياد قىلىپ:

— ئەي قازى، ئۇنى قەسەم قىلىشقا بۇيرۇمىغىن، ئۇ يالغان قەسەم قىلىشقا ماھىر، — دېدى.

قازى ئېيتتىكى:

— شەرىئەتنىڭ مۇبارەك قائىدىلىرىگە مۇخالىپ ئىش قىلالمايمەن. يا سەن گۇۋاھچى تاپسەن ياكى ئۇ قەسەم قىلىدۇ.

دەۋاگەر قازىنىڭ ئالدىدا توپىغا ئېغىناپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— ئەي قازى، مېنىڭ راستلا گۇۋاھچىم يوقتۇر. ناۋادا ئۇ يالغان قەسەم قىلسا، ماڭا ئۇۋال بولىدۇ، مەن زىيان تارتىمەن. مېنىڭ ئىلاجىمنى قىلغىن.


توکل بولیغه شجاعت و همت بیله قدم قویغای همیشه صدق و دیانت
روش قیلیغای اوز سودینی کوزلاب اوز کالارنینگ زیانینی خواهلاماغای
اوز نفعی نی جمع قیلیب خلق نینگ سرزنشی نی ایستاماکای اوز دیدیست
کشی بیله معامله قیلیماغای اوز دین فایق کشی بیله معامله قیلسون بولمسه آنداغ
کشی بولغایکه تیلی صدق و دیانت بیله آراسته بولغای و دلی لطف و مروت
بیله پیراسته بیله دور و غایق لاردین اجتناب قیلغیل متاع جوهرینی ادراک قیلیشدا
بصارت تیز لار بیله معامله قیلیماسون یا رسا و تو غمکسا ر مونق لار
بیله هم معامله قیلیماغای اگر معامله واقع بولسه آنین سود طمع اسرای
خام بیشور ولماسون تا دستلاو تیز ترسی اوز و لماکای کوب سوز دستلو بار اندک
و زیان سببی دین منقطع بولغو سیدور آر تو غراق سود کو راکنینگ طمع دا
نسیه معامله قیلیماغای کوب زیاده لیک بولغایکه کم لیک یوز لاندور کای
اولوق زیان اسراف قیلیا قدادور تا سود حاصل بولماغو نچه سرمایه دین
بازرکانغه اولوغراق زیان مایه یا کلیک دور بازرکانغه اولوغراق سود

صرف قیلیماغای

قازى ئۇنىڭ نالە ـ زارىنى ئاڭلاپ راست ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

قازى ئېيتتى:

— ئەي خاجە، ئۇ كىشىگە قەرز بەرگىنىڭنىڭ جەريانى قانداق؟ جەرياننى بايان قىل!

دەۋاگەر ئېيتتىكى:

— قازى جانابلىرىنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولغاي! كۆپ يىللاردىن بېرى بۇ كىشى بىلەن دوست ئىدىم. كۈتۈلمىگەندە، بۇ كىشى بىر كېنىزەككە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇ كېنىزەكنىڭ باھاسى يۈز ئەللىك دىنار ئىكەن. بۇ دەردمەننىڭ ئىلكىدە ئەللىك دىناردىن زىيادە ئالتۇنى يوق ئىكەن. ئۇ كېنىزەككە ئېرىشىشكە ھېچ چارە تاپالماي، پىراق ئازابىدا كېچە ـ كۈندۈز زار ـ زار يىغلايتتى.

بىر كۈنى تاماشا ئۈچۈن ئىككىمىز سەھراغا چىقىپ سەير قىلىپ يۈرۈپ، بىر چىمەنلىكتە دەم ئېلىپ بىر


عكسی بیلکیل یعنی زیاده حاصل بولغان سودنی سرمایه غه قاتماغلیق اسود ابیدیرا
غلّه ساتیب الیش دین بیر هیز قیلغیل که غلّه فروش متصل بد نام بولغای دیانت
اولدورکه خریدارغه یالغان ایتیلماغای مسلمان و کافرنینک قاتید اخریدار اغ
دروغ سوزلاماکلیک مردود دور و بو معنی غه مصنف ایکی بیت
تحریر قیلیب دورلار نظم ای عشقینک اوتی سالیب کونکل ایچره فروغ
جان بوینی غه هجرنینک غمیدین توشتی تروغ جانغه ریب عشق بها تیب الیش
ظاهر که خریدارغه ایماس لادروغ بیع تمام بولماغونچه هیچ متاع ایلیک دین
بریلماگای و معامله دا شرم توتولماغای که بزرگلار ایتیب دورلار که وب
شرم رزق نی کامیتور و حیا باقیلماق نه عادت قیلماغای ولیکن مروت
طریق آیین قیلماغای و بو صناعت نینک متصرفلاری ایتیب دورلار که بازرگا
لیق نینک اصلی تصرف دور و مال تصرف قیلماق برله مروت نی ساقلاغای
و مروت برله آبرویی انداغکیم ایشتیلیب ایردی بازرگانی بر بیاع برله
مینک دینارغه معامله قیلیب ایردی وقتی بیع انتهاسیغه یتی ایرسه بیاع

پەس ئۇلتۇرغانىدۇق، بۇ بۇرادەر كېنىزەك توغرىسىدا سۆز ئې-چىپ يىغلىدى. ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ئۇنىڭغا رەھىم كەلدى. ئۇ مېنىڭ يىگىرمە ئۈچ يىللىق دوستۇم ئىدى. شۇڭا، دوست-لۇق يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا: «ئەي بۇرادەر، ئىلكىڭدە بۇ كېنىزەك-نىڭ باھاسىغا چىقىش قىلغۇدەك پۇلۇڭمۇ يوق ئىكەن. مەندىمۇ ئۇنچە كۆپ پۇل يوق. باشقىلارمۇ دەماللىققا سېنىڭ دەردىڭگە يېتىپ بولالمايدۇ. ئەمما، مېنىڭ قولۇمدا پەقەت يۈز دىنارلا بار. ئۇنى ئۇزاق يىللاردىن بېرى كۆپ رىيازەت چېكىپ يىغقا-نىدىم. شۇ دىنارىمنى ساڭا بېرىپ تۇراي، ئۇنىڭغا قولۇڭدىكىنى قوشۇپ، ئۇ ئاي يۈزلۈكنى ئېلىپ، بىر ئاي ئۇنىڭ بىلەن مۇرا-دىڭنى ھاسىل قىل. ئاندىن ئۇنى سېتىۋېتىپ دىنارىمنىياندۇ-رۇپ بەرگىن» دېگەنىدىم، ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ يىغلاپ، يە-قىلىپ ـ قوپۇپ، يېلىنىپ: «ئۇ كېنىزەكنى ئېلىپ بىر ئايدىن كېيىن سېتىۋېتىپ، ئالتۇنلىرىڭنى ياندۇرۇپ بېرىمەن» دەپ كۆپ قەسەملەر قىلدى. ئالتۇننى ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ يەردە، ئەتراپىمىزدا تەڭرىتائالادىن باشقا ھېچ كىم مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. مانا ئەمدى تۆت ئاي بولدى، يا كېنىزەكنى سېتىشقا تاقىتى يوق، يا دىنارلىرىمنى قايتۇرۇپ بې-رىشكە مەيلى يوق.

قازى سورىدى:

— ئەينى ۋاقىتتا ئالتۇننى بۇ كىشىگە قانداق جايدا بەرگەنە-دىڭ؟


برله بازرگان نینک اراسیدا بر قیراط آلتون دا خلاف واقع بولدی بیاع
ایدی مینک کردینیم اسینینک دینار آلتونینک باقی دور و بازرگان ایدی
و بر دینار و بر قیراط هم باقی دور و بو مقاوله دا بامداد دین تا پشین غیچه
بو متعاقدین نینک اراسیدا مجادله واقع بولدی عاقبت بیاع دلتنک
بولوب بازرگان غه بر دینار غه بر قیراط قاتیب بردی اول کشی آلتون نی
آلدی کتی بیاع نینک شاگردی آرقاسیدین باریب ایدی مینک شاگردانم نی
بر کیل تا جراول جمله آلتونی اول بیاع نینک شاگردی غه بردی شاگرد
آلتونی الیب باندی بیاع شاگردیغه ایدی ای بیچاره منی بامداد دین
تا پشین غیچه بر قیراط زر اوچون عمروم دین بیزار قیلغان ممسک طبع
دین نیمه طمع قیلیب آرقاسیدین باردینک اول سنکا نیمه برسون
اول او غول ذرنی اوستادیغه کورساتتی بیاع بو ایش نی کوروب
تعجب غه قالیب ایدی سبحان الله بو او غول صاحب جمال ایماس
باوجودی یاشی هم کیچیک بو مرد بو منداغ بخیل لیغی برله بو نوع دینار

دەۋاگەر ئېيتتى:

— بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە بەرگەنىدىم.

قازى ئېيتتىكى:

— دەرەخنىڭ تۈۋىدە بەرگەن بولساڭ، نېمە ۋەجىدىن گۇۋاھىم يوق دەيسەن؟! جاۋابكار بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرسۇن، سەن قىلچە تەشۋىشلەنمەي شۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە بېرىپ، ئاۋۋال ئىككى رەكئەت ناماز ئۆتە، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيت. بەس، ئاد-دىن دەرەخكە: «قازى سېنى چاقىرىۋاتىدۇ، بېرىپ مەن ئۈچۈن گۇۋاھلىق بەرگىن» دېگىن.

جاۋابكار مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. قازى كۆرمەسكە سالدى.

دەۋاگەر دېدىكى:

— دەرەخنىڭ پەرمانغا بويسۇنماسلىقىدىن ئەنسىرەيمەن.

قازى ئېيتتى:

— مۆھۈرۈمنى ئېلىپ بارغىن ۋە دەرەخكە: «بۇ مۆھۈر قازىدۇر،


ودرم نی ایشار وکرم قیلماقیغه تیا المای بازرگان نینک ایزیچه آرقاسیدین
باریب ایدی ای شیخ سیزدین بوکون عجب الیش مشاهده قیلدیم منی ایرادین
تا بو ساعت غه افرادیم بیله بر قرار ایدی چون نیکیل لیک قیلیب آغریت آلتونی
الیب باریغی شاکردیم غه بردینکیز اول خصات وصداع نینک حقیقتی
نه ایردی و بو سخاوت شجاع نینک ماهیتی بازرگان ایدی فقیر بازرگان
دورمن بازرگانلیق شرطی اول دورکه بیع وشرادا اگر کشیدین
بر درم زیان تارتیب مغبون بولغان کونی نصف عمریدا تمام مغبون
بولغاندک بولغای واگر برد غمروت قیلادورغان یردا مروت نی
ترک ایتسه گویا اوزی نینک بد نژادلیغی غه گواه لیق برگانی بولغای
پس فقیر اول درم مغبون و زیان زده بولوشوم نی خواهلامادیم و اصل
نژادیم نینک ناپاکلیغینی هم اما بازرگان شریکیتقا قدین پرهیز قیلغای
واگر مشارکت نی لازم توتسه غنی زردار کیشی بیله شریک بولغای تا قسمت
وقتی انکا افسوس بیلماگای و بیچه کشی نینک سرمایه سیغه متاع آلماغای

باعث

نینک

ئۇ ساڭا ‹كەلگىن، گۇۋاھلىق بەرگىن دەيدۇ، دېگىن›.

دەۋاگەر مۆھۆرنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. جاۋابكار قازىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. قازى جاۋابكارغا قاراپمۇ قويماي، باشقا دەۋا ـ دەستۇرلارنى سوراش بىلەن مەشغۇل بولدى.

قازى بىر هازادىن كېيىن ئۇ كىشىگە قاراپ:

— دوستۇڭ دەرەخ تۈۋىگە يېتىپ بارغانمىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

جاۋابكار شۇ ئان:

— ئۇ تېخى يېتىپ بارمىدى، — دېدى.

قازى يەنە دەۋا ـ دەستۇر ئىشلىرىغا مەشغۇل بولدى.

دەۋاگەر بېرىپ مۆھۆرنى دەرەخكە تەگكۈزۈپ: «ئەي دەرەخ، قازى سېنى چاقىرىۋاتىدۇ» دەپ، دەرەخ تۈۋىدە ئۇزاق ئولتۇردى. دەرەختىن هېچ جاۋاب ئاڭلانمىدى. ئۇ مەيۈسلىنىپ قازىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى ۋە:

— بېرىپ مۆھۆرنى دەرەخكە كۆرسەتتىم، ئەمما هېچ جاۋاب بەرمىدى، — دېدى.

— يالغان ئېيتتىڭ، ئۇ دەرەخ كېلىپ گۇۋاھلىق بېرىپ كەتتى، — دېدى قازى ۋە جاۋابكارغا قاراپ:

— بۇ كىشىنىڭ ھەققىنى بېرىۋەتكىن، بولمىسا، كېنىزەكنى سېتىپ ئالتۇن قىلىپ دەۋاگەرگە بېرىمەن، — دېدى.


جونک کجیک الیشا نکغو نرسه آلماغای مرده و شکسته نرسه هم آلماغای
و بختیم نی آزمایش قیلامن دیب اندک سرمایه بیله تجارت که قدم قویماغای
اگر کشی فلان شهرکا تیکور دیب برسه ایلگری نامه نی اوقوب آندین
نامه نی الیسون مبادا نامه دا یازیلغان بلالارنی بیلگالی بولماغای
و هر شهرغه بارسه خوش خبر و تهنیت برگای و بد خبر و تعزیت ایلتماگای
و یولارش سیز تنها سفر قیلماغای سفردا کاروان سرایدا جمع نینک
اراسیغه توشکای و رخت متاعینی هم جمع نینک اراسیدا قویغای
جبه و جوشن و سلاح آهن پوشن نو قسم کیم لیک خلق نینک قاتیدا
قرار توتماغای مطلق اولارغه قاتیلماغای دقراقچی اول کیم لیک
لارغه قصد قیلغای واگر پیاده بولسه راکب لار بیله همراه لیق قیلماغای
دیکانه دین یول سورماغای و کوب ناپاک بی باک لار بولغای کیم
یولنی غلط کورساتیب ایزیچه کلیب متاعینی ایلتکای اگر یولدا کشی دوچار
بولسه انکا تازه رویلوق بر اسلام قیلغیل داوزونکنی انکا مضطر

بیرور قسمی

— مەن بۇ يەردە ئولتۇرغاندىن بېرى، — دېدى جاۋابكار، — هېچبىر دەرەخ كېلىپ گۇۋاھلىق بەرمىدى.

— راست دەيسەن، — دېدى قازى، — دەرەخ كەلمىدى، ئەمما مەن سەندىن: «دوستۇڭ شۇ يەرگە، يەنى دەرەخ تۈۋىگە يېتىپ بارغانمىدۇ؟» دەپ سورىغىنىمدا، سەن: «ياق، تېخى يېتىپ بارالمىدى، ئۇ يەر بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى خېلىلا يىراق» دەپ جاۋاب بەردىڭ. ئەگەر سەن ئالتۇننى ئالمىغان بولساڭ، نېمە دەپ بۇنداق جاۋاب بېرىسەن ۋە: «ئۇ كىشى نېمە سەۋەبتىن[①] نەگە ۋە قايسى دەرەخ تۈۋىگە بارىدۇ؟» دېگەن گەپنى قىلمايسەن؟ ناۋادا سېنىڭ ھەق بولسا، بۇنداق جاۋابنى بەرمىگەن بولاتتىڭ، ئۇ هالدا سەن ئۇتقان بولاتتىڭ، ئەپسۇس، ئۇتتۇردۇڭ!

جاۋابكار گۇناهىنى بويىنىغا ئالدى.

قازى جاۋابكاردىن ئالتۇننى تاپتۇرۇپ ئېلىپ ئىگىسىگە بەردى.

بەس، ھەممە ئىشنى كىتاب بويىچە بىر تەرەپ قىلىمەن، دېمىگىن. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھېكايەتتىكىگە ئوخشاش



تۇرلۇك تەدبىر ئارقىلىق مەسىلىنىڭ ھەقىقىتىگە يېتىشنىڭ چارىسىنى ئىزدە. ئەمما، قازىخانىدا چىرايىڭنى سورلۇك تۇت، كۆلمەي تۇز ئولتۇر.

ھۆرمەت تاپاي دېسەڭ، ئېغىر - بېسىق بول. كەمرەك سۆزلىگىن. ئەمما، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاش ۋە سوراش جەريانىدا، ئەلۋەتتە، زېرىكمە ۋە تېرىكمە. سەۋرچان بول. ناۋادا بىرەر مۇرەككەپ ياكى مۇشكۇل دەۋا ئىشلىرىغا دۇچ كەلسەڭ، ئۆز رايىڭ بويىچە بىر تەرەپ قىلىشتىن ساقلان. ئىمكان بار مۇپتىلار بىلەن كېڭىشىپ، ئۆز قاراشلىرىڭنى چۈشەندۈر. ھەممىشە راست سۆزلەشنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل. بۇ ھەقتە بىر مۇنچە مەسىلە سۆزلىدىم. تەجرىبىلىرىڭنى كۆڭلۈڭدە بىل. شەرىئەتكە مۇخالىپ تەرەپكە ھۆكۈم قىلما. چۈنكى، بۇنداق ھۆكۈم راۋا ئەمەستۇر.

ئومۇمەن، قازى بولغان كىشى پاك، دۇنيا — پۇل - مالغا بېرىلمەيدىغان، دىنىي قانۇن ھەققىدىكى بىلىملەرنى پىششىق بىلىدىغان بولۇشى كېرەك.

قازى بولغان كىشى ئاچ قورساق، ئۇسسۇز ۋە ھامامدىن يېڭىلا چىققان ۋاقتىتا، غەم - قايغۇلۇق، تەشۋىشلىك، خاپا چاغلىرىدا ۋاقتىنچە دەۋا - دەستۇر ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولماسلىقى لازىم.

قازىنىڭ خىزمەتكارلىرىمۇ ئەرز - داد ئېيتقۇچىلارنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ۋە تۈرلۈك ھال - ئەھۋالىنى پۇختا ھەم تەپسىلىي ئىگىلەپ، قازىغا ئەينەن ئىنكاس قىلىدىغان بولۇشى شەرت. چۈنكى، قازىنىڭ ۋەزىپىسى بىر - بىرلەپ تەپتىش قىلىش ئەمەس، بەلكى ئىگىلىگەن ئەھۋالغا قاراپ ھۆكۈم قىلىشتۇر. شۇڭا، قازى بولغان كىشى سۆزنى قىسقا قىلىپ، ھەربىر مەسىلىنى گۇۋاھچى ئارقىلىق دەلىللىگەي ياكى ئەرز - داد ئېيتقۇچىلارنى ۋاقتىدا قەسەم قىلىشقا بۇيرۇغاي! ناۋادا دۇنياسى، يەنى پۇل - مېلى كۆپ، ھېچنېمىدىن ئەيمەنمەيدىغان كىشىلەر ئۈستىدىن سوئال - سوراق قىلىش توغرا كەلسە، قازى ئۆز تەجرىبىسىگە تايىنىپ تەپتىش ۋە تەھقىق قىلغايكى، ھەرگىزمۇ سەۋەنلىك سادىر قىلمىغاي ھەمدە قىلچە يۈز قارىمىغاي!



قازى بولغان كىشى ھەرقانداق ئادەمگە باراۋەر مۇئامىلىدە بولغاي! چىقارغان ھۆكۈمىنى ھەرگىزمۇ بۇزمىغاي ۋە ھۆكۈمنى پۇختا ھەم مەھكەم قىلغاي!

قازى ھۆججەت، ۋەسىقە، يارلىق، پەرمان قاتارلىقلارنى ھەرگىز ئۆزى يازمىغاي. زۆرۈرىيەت بولۇپ قالسا، يازغاي، ئەمما ئۆز خېتىنى ئەزىز تۇتقاي ۋە ئۆز سۆزىنى ئىناۋەتكە ئالدۇرغاي!



ئەي ئوغۇل، ھۈنەرلەرنىڭ ئوبدىنىنى ئىلىم ۋە تەقۋادارلىق دەپ بىل. ناۋادا ئىلىم ھۈنەرلىرىگە ھەۋەسىڭ بولمىسا، ئۇ ھالدا تىجارەت يولىنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇت ۋە ئۇنىڭدىن مەنپەئەت كۆر. ئەمما، تىجارەتتە ھەرقانداق نەرسىنى ھالال يول بىلەن قولۇڭغا كەلتۈر. ھالال يول بىلەن بېيىساڭ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ھۆرمەت تاپىسەن. ئەمما، بۇ يولدىمۇ سەۋەنلىك سادىر قىلما!

## ئوتتۇز ئىككىنچى باب
## تىجارەت قىلماقنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، سودىگەرچىلىكنى ھۈنەر دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەقىقەتتىگە قارىسا، سودىگەرلەرنىڭ قائىدە – يوسۇن، ئادەتلىرى دائىرىسىدە يەنىلا ھۈنەر ھېسابلىنىدۇ. دانالار ئېيتقانكى: «سودىگەرلىكنىڭ ئەسلى نادانلىقتۇر، شاخچىلىرى ئەقىلگە تەۋەدۇر، يەنى سودىگەرلىكنىڭ يىلتىزى نادانلىقتا، شاخچىلىرى ئەقىلگە تۇتاشقان. ناۋادا شۇ «نادان»لار بولمىغان بولسا، جاھان خاراب بولغان بولاتتى».

بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، سودا بىلەن مەشغۇل بولغان ھەر بىر كىشى بىر مىسقال پۇلنى ئارتۇق تېپىش تەمەسىدە مەشرىقتىن مەغرىبكىچە يۈرۈپ، تاغ، باياۋان ۋە دەريالاردا جانلىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلمىغان بولسا، ئوغرى، قاراقچى، شىر، يولۋاسلاردىن، يوللارنىڭ تىنچسىزلىقىدىن قورققان بولسا، مەشرىقتىكى نازۇ نېمەتلەر مەغرىبكە ۋە مەغرىبتىكى نازۇ نېمەتلەر مەشرىققە يەتمەس ئىدى. مەلۇمكى، جاھاننىڭ ئاۋاتلىقى پەقەت نازۇ نېمەت بىلەندۇر. شۇڭا، بۇنداق ئىشلارنى سودىگەردىن بۆلەك كىشى قىلالمايدۇ. پەقەت سودىگەرلەرلا بۇنداق خەتەرلىك ئىشقا تەۋەككۇل قىلىدۇ. چۈنكى، پايدا ئېلىش ئىستىكىدە سودىگەرنىڭ ئەقىل كۆزى ھەرقانداق خەتەرنى كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ.



سودىگەرچىلىكنىڭ يوللىرى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرسى، مۇئامىلە قىلماق، يەنى ئۆز يۇرتىدا ئېلىم – بېرىم بىلەن مەشغۇل بولماق؛ يەنە بىرسى، مۇساپىر بولماق، يەنى يۇرت ئاتلاپ سودا ئىشى بىلەن شۇغۇللانماق.

مۇئامىلە قىلماق — زەردارلار، يەنى قول ئىلكىدە بار پۇلدار، بايلارنىڭ تىجارەت يولىدۇر. بۇلارنىڭ بەزىلىرى يۇقىرى باھادا سېتىپ كۆپ پايدا ئېلىش تەمەسىدە مالنى كاسات، يەنى ئەرزان ۋاقتىدا كۆپلەپ ئېلىپ بېسىپ قويىدۇ. مۇنداق قىلىش تولىمۇ خەتەرلىك،



يەنى تەۋەككۇلچىلىكتۇر. ئەمما، يىراقنى ئويلايدىغان ــ يىراقنى كۆرىدىغان كىشىلەر ئۇنداق قىلمايدۇ، يەنى ئەرزان ئېلىپ قىممەت سېتىش تەمەسىدە مال ئېلىپ بېسىپ قويمايدۇ. ئەمما، سودىگەرچىلىكنىڭ يولى شۇكى، تىجارەت يولىغا كىرگەن كىشى پايدا ئېلىش ئۈچۈن ھەر ئىككى ئەھۋالدا، يەنى مۇئامىلىدىمۇ، مۇساپىرچىلىقتىمۇ يۈرەكلىك ۋە جەسۇر بولغاي، تەۋەككۇل يولىغا قەيسەرلىك ۋە سېخىيلىق بىلەن قەدەم قويغاي، ھەمىشە راستچىللىق ۋە دىيانەتنى ئۆزىگە ئادەت قىلغاي؛ ئۆزىنىڭ پايدىسىنى كۆزلەپ ئۆزگىلەرنى زىيانغا ئۇچراتمىغاي؛ ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن خەلققە مالامەت، ئازار يەتكۈزمىگەي؛ ئۆزىدىن پەس، يەنى تۆۋەن كىشى بىلەن مۇئامىلە قىلمىغاي. ئۆزىدىن يۇقىرى كىشى بىلەن مۇئامىلە قىلىش توغرا كەلسە، راستچىل، دىيانەتلىك، تىلى بىلەن دىلى بىردەك، سېخىي كىشى بولغاي.

چىرماقچى، يەنى قويمىچىلاردىن يىراق تۇر. مال تونۇمايدىغان نادانلار بىلەنمۇ مۇئامىلە قىلما. سادىق دوست، يېقىن ـ يورۇقلار بىلەنمۇ مۇئامىلە قىلما. ئەگەر مۇئامىلە قىلىش توغرا كەلسە، سودىدىن، يەنى پايدا ئېلىش تەمەسىدىن كۆڭۈل ئۈز، شۇندىلا دوستلۇق رىشتىسى ئۈزۈلمەيدۇ. كۆپ ھاللاردا دوستلۇق تارى كىچىككىنە پايدا ياكى زىيان سەۋەبلىك ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

تىجارەت ئىشىدا ئارتۇقراق پايدا كۆرمەكنىڭ تەمەسىدە نىسى مۇئامىلە قىلىنمىغاي. كۆپ پايدا تەمەسىدىن كۆپىنچە زىيان كېلىپ چىقىدۇ.



زىياننىڭ ئەڭ چوڭى ئىسراپچىلىقتۇر. بىرسى، تىجارەتتە پايدىغا ئېرىشمەي تۇرۇپ دەسمايىنى سەرپ قىلما. سودىگەرلەر ئۈچۈن ئەڭ زور زىيان ــ دەسمايىنى خەجلىمەكتۇر؛ ئەكسىچە، ئەڭ زور پايدا ـ تاپقان پايدىسىنى سەرمايىسىغا قوشۇپ، دەسمايىسىنى كۆپەيتمەكتۇر. يەنە بىرسى، پايدا ئېلىش ئۈمىدىدە ئاشلىق سېتىۋېلىشتىن پەرھىز قىل، چۈنكى ئاشلىق ساتقۇچىلار ھەمىشە يامان ئاتلىق بولۇپ قالىدۇ.

سودىدا دىيانەتلىك بولاي دېسەڭ، خېرىدارغا يالغان ئېيتما. ئېلىم ـ سېتىمدا خېرىدارغا يالغان سۆزلىگەننى ھەممە كىشى يامان كۆرىدۇ. بۇ ھەقتىكى مەنىلەرنى پېقىر مۇنۇ ئىككى بېيىتتا يىغىنچاقلىدىم. نەزم:

ئەي، ئىشقىڭ ئوتى سالىپ كۆڭۈل ئىچرە فۇرۇغ،
جان بويىنغا ھەجرىڭ غەمىدىن تۇشتى تۇرۇغ.
جان نەقد بېرىپ ئىشق ساتىپ ئالمىشمەن،


بو مېنة زنبيلت دين حاصل قيليب ييلكان بولغاي و بو طرز داد و قايات اونكا كا
ليك دا گناه بولغاي و نه بدنام ليق كه اوي اولوغ نينك لازمه سى
بدنام ليق دور و قتى تجارت كا كه خدا ليق دين خلل [illegible] بولسه دخل
زياده بولوشى نينك تدبيرينى قيلغيل اگر دخل نى زياده متصور بولماسا
خرجينى كم صرف قيلغيل تا دخل دن زياده قيلغان نينك حكميده بولغاى و اگر
بازرگان ليق صنعتى اتفاق توشماى بر علم شريف نى اراده قيلسا علم
شريعت دين صكره طب علمى دين مرغوبراق هيچ علم موجود بولماس
اول سرور عالم و سيد بنى آدم صلى الله عليه وسلم فرمان قيلادوركيم العلم
علمان علم الابدان و علم الاديان ديب دور [illegible]
علم طب طلب قيلماق نينك بينيادى [illegible] اگر طبيب بولماغلىق لازم
كلسه البته علم طب نينك علميسى نينك قسم لارى نينك و عمليسى نينك و علاج لارى
نينك اصلينى [illegible] تا نوماق لابد دور آگاه بولونغايكيم انسان نينك
وجود [illegible] كيم موجود دور يا طبيعت دور و يا طبيعت دين خارج دور و طبيعى

قيلماق
سيلماكني

زاھىركى، خەرىدارغا ئىماسلا دۇرۇغ.

سودىدا پۇتۇشمەي تۇرۇپ ماتالىرىڭنى ئىلكىڭدىن چىقار-ما. مۇئامىلىدە ئارتۇقچە تارتىنچاقلىق قىلما. ئۇلۇغلار: «ئارتۇقچە تارتىنچاقلىق رىزقنى كەمەيتىۋېتىدۇ» دېگەن. بەك چوڭچىلىقنىمۇ ئۇزۇڭغا ئادەت قىلىۋالما، ئىنسابسىزلىقنىمۇ لازىم تۇتما. بۇ ھۈنەرنىڭ پېشۋالىرى: «سودىگەرچىلىكنىڭ ئەسلىي مال - دۇنيا يىغىشتۇر، شۇڭا سودىگەرلەر مال - دۇنيا يىغىش ئارقىلىق سېخىيلىقنى، سېخىيلىق بىلەن ئابرۇيىنى ساقلىغاي» دېگەن، يەنى مال - دۇنيا يىغىش — جەمئىي قىلغان مالنى ساقلاشقا، يەنى پايدا يارىتىشقا؛ سېخىيلىق — سېخىيلىق يولى بىلەن ئىززەت ۋە ھۆرمەتنى ساقلاشقا ئېيتىلغان.

ھېكايەت: بىر سودىگەر بىر سېتىقچى بىلەن مىڭ دىنارلىق مۇئامىلە قىلغانىدى. سودا كېلىشىلدى، سېتىقچى بىلەن سودىگەر ئالغان - بەرگىنىنى ھېساب - كىتاب قىلىش جەريانىدا بىر قىرات ئالتۇندا كېلىشەلمىدى.

سېتىقچى:

— مېنىڭ گەدىنىمدە سېنىڭ بىر دىنار ئالتۇنۇڭ باقىي قالدى، — دېسە، سودىگەر:

— سېنىڭ گەدىنىڭدە بىر دىنار بىر قىرات ئالتۇنۇم باقىي قالدى، — دەيتتى.

سودىگەر بىلەن سېتىقچى مۇشۇ تەرىقىدە بامداتتىن تا پېشىنغىچە دەتالاش قىلىشتى. ئاقىۋەت سېتىقچى تەڭقىسلىقتا بىر دىنارغا يەنە بىر قىرات ئالتۇننى قوشۇپ سودىگەرگە بەردى. سودىگەر ئالتۇننى ئېلىپلا كەتتى.

سېتىقچىنىڭ بىر شاگىرتى بار ئىدى. ئۇ سودىگەرنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ:

— مېنىڭ شاگىرتلىق ھەققىمنى بەرگىن، — دېدى. سودىگەر بايىقى ئالتۇننىڭ ھەممىسىنى سېتىقچىنىڭ شاگىرتىغا بەردى. شاگىرت ئالتۇننى ئېلىپ سېتىقچىنىڭ قېشىغا كەلدى. سېتىقچى شاگىرتىغا:

— ئەي بىچارە، بىر قىرات ئالتۇن ئۈچۈن بامداتتىن تا پېشىنغىچە دەتالاش قىلىپ، مېنى ئۆمرۈمدىن بىزار قىلغان ئۇ سالجا تەبىئەتنىڭ ئارقىسىدىن نېمە تەمە قىلىپ باردىڭ؟ ئۇ ساڭا نېمىمۇ بەرسۇن؟! — دېدى. ئۇ ئوغۇل ئالتۇننى ئۇستازىغا كۆرسەتتى. سېتىقچى بۇ ئىشنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ: «سۇبھانالللا، بۇ ئوغۇل ساھىبجامال ئەمەس، ئۇنىڭ ئۇستىگە يېشىمۇ كىچىك تۇرسا، بۇ كىشى شۇقەدەر بېخىل تۇرۇپ مۇنچە دىنار ۋە دىرھەمنى بۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن بېرىۋەتكەندۇ؟» دەپ، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى تاپالماي، ئىز بويلاپ سودىگەرنى ئىپىپ سورىدى:

— ئەي شەيخ، سىزدىن بۈگۈن ئاجايىپ بىر ئىشنى كۆردۈمكى، ئەتىگەندىن تاكى كەچكىچە يەڭگىلمىلىك قىلىپ، بىر قىرات ئالتۇن ئۈچۈن كۆڭلۈمنى ئاغرىتقانىدىڭىز. مانا ئەمدى مەندىن ئالغان ئالتۇننىڭ بارىنى شاگىرتىمغا بېرىپسىز. شۇ دەتالاشنىڭ ھەقىقىتى ۋە بۇ ساخاۋەتنىڭ ماھىيىتى نېمىكىن؟

سودىگەر ئېيتتى:

ــ مەن سودىگەر. سودىگەرچىلىكنىڭ شەرتى ئالماق ۋە ساتماقتۇر. ئەگەر سودىگەر سودىدا كىشىدىن بىر دىرھەم چاغلىق زىيان تارتىپ ئالدانسا، ئۇ سودىگەر ئۇچۇن پېرىم ئۆمرىدە ئالدىنىش بىلەن ئۆتكەنگە باراۋەردۇر؛ ناۋادا بىراۋغا سخىيلىق قىلىدىغان چاغدا سخىيلىق قىلمىسا، ئۇزىنىڭ ئەسل ـ نەسەبىنىڭ ناپاكلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى بىلەن باراۋەردۇر. بەس، مەن ئالدىنىپ قېلىشنى ۋە زىيان تارتىشنى خالىمىدىم، ئەسل ـ نەسەبىمنىڭ ناپاك بولۇپ قېلىشىنىمۇ خالىمىدىم. شۇڭا، ئالتۇنلىرىمنى سىزدىن ھەقلىق يوسۇندا قايتۇرۇۋالدىم. ئەمما، سخىيلىق يۈزىسىدىن شاگىرتىڭىزغا بېرىۋەتتىم.

ئەمما، سودىگەر بولغان كىشى شېرىكلىشىپ سودا قىلماقتىن پەرھىز قىلغاي. ئەگەر شېرىكلىشىپ سودا قىلماق لازىم بولسا، باي، پۇلدار كىشى بىلەن شېرىك بولغاي. زىيان كۆرۈلگەن ۋاقىتلاردىمۇ ھېچ پۇشايمان يېيىلمىگەي. يەنە كىشىنىڭ سەرمايىسىغا رەخت ئالمىغاي. شۇنىڭدەك چوڭ ـ كىچىك ئېلىشاڭغۇ نەرسىلەر، دەماللىققا كارغا كەلمەيدىغان، ئاسان بۇزۇلۇپ كېتىدىغان بۇيۇملار ئۇچۇنمۇ مەبلەغ سالمىغاي. بەختىمنى سىنايمەن دەپ ئازغىنا دەسمايە بىلەن تىجارەتكە قەدەم قويمىغاي.

ئەگەر بىرەر كىشى: «پالانى شەھەرگە يەتكۈزۈپ بەر» دەپ نامە بەرسە، ئاۋۋال نامەنى ئوقۇپ (مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولۇپ) ئاندىن قوبۇل قىلغاي. مۇبادا نامەدە كىشىگە بالا ۋە زىيان يەتكۈزىدىغان گەپ ـ سۆزلەر پۈتۈلگەن بولسا، ياخشىسى قوبۇل قىلمىغاي.

ھەر كىشى ھەرقانداق شەھەرگە بارسا، خۇش خەۋەر ۋە قۇتلۇقلاش، تەبرىكلەش سۆزلىرىنى يەتكۈزگەي. يامان خەۋەرلەرنى يەتكۈزمىگەي. بولۇپمۇ ئۆلۈم خەۋەرلىرىنى ئېلىپ بارمىغاي.

يولداشسىز، تەنھا سەپەر قىلمىغاي. كارۋان سارايدا كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ياتقاي. رەخت ـ ماتالىرىنى كىشىلەرنىڭ رەخت ـ ماتالىرىنىڭ ئارىسىدا قويغاي.

سەپەردە ئۇستىبېشى پۇزۇر، ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىق، تەقۋادار ۋە تۇمۇرچىلەردەك كىيىنگەنلەرنىڭ يېنىدا تۇرمىغاي ھەم ئۇنداقلارغا مۇتلەق قېتىلمىغاي. چۈنكى، قاراقچى ئاۋۋال شۇنداق كىيىنگەنلەرگە قەست قىلىشىدۇ. ئەگەر پىيادە بولسا، ئاتلىقلارغا ھەمراھ بولمىغاي. ناتونۇش كىشىلەردىن يول سورىمىغاي. نۇرغۇن ناپاك ۋە بىئەدەپ كىشىلەر باركى، ئۇلار خاتا يولنى كۆرسىتىپ قويۇپ، ئىزىڭنى بويلاپ كېلىپ مال ـ ماتالىرىڭنىڭ پېيىغا چۈشىدۇ.

ئەگەر سەپەر ئۈستىدە كىشى ئۇچراپ قالسا، ئوچۇق چىراي بىلەن سالام قىلغىن. ئەمما، ئۆزۈڭنى ئۇنىڭغا مۇساپىر ۋە بىچارە كۆرسەتمە.

ھەمراھلىرىڭ ۋە قاراۋۇللارغا خىيانەت قىلما، بەلكى شېرىن سۆز ۋە ئىلتىپاتلىرىڭنى ئۇلاردىن قىلچە ئايىما. ئوزۇق ـ تۈلۈكسىز يولغا چىقما. يازدا قىشلىق كىيىمنى، قىشتا يازلىق كىيىمنى ئالماي سەپەرگە ئاتلانما. مۇساپە ھەرقانچە يېقىن بولسىمۇ كىراكەشكە ئازار بەرمە، كۆڭلىنى رەنجىتمە، بەلكى ھەر ئىشتا ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇش تۇتقىن.

بىرەر جايغا چۈشكەندە، ئاۋۋال ئىشەنچلىك ۋە دىيانەتلىك سودىگەرنى ئۆزۈڭگە ئۈلپەت قىل. سۆھبەت قىلساڭ، بىرسىگە، مەرد كىشى بىلەن؛ ئىككىنچىسىگە، تەدبىرلىك كىشى بىلەن؛ ئۈچىنچىسىگە، سېخىي، باي، ھەق ئىش قىلىدىغان، يەنى كىشىنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلمايدىغان، كۆپنى كۆرگەن، كىشىلەرگە يول كۆرسىتەلەيدىغان كىشى بىلەن سۆھبەت قىل.

ئەلۋەتتە، ئۆزۈڭدە ھەرقاچان جاپاغىمۇ، راھەتكىمۇ تەڭ قارىيالايدىغان، ئىسسىق ـ سوغۇققا، ئاچلىق ـ

ئۇسسۇزلۇققا چىدىيالايدىغان ئادەتنى يېتىلدۇر. سەپەرنىڭ مۇشەققەتلىك كۈنلىرىدە يۈز بېرىدىغان رەنج - مۇشەققەتكە، تۈرلۈك دىشۋارچىلىقلارغا ئاسان تاقابىل تۇرالايسەن. قولۇڭدىن كېلىدىغان ئىشنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلما. شۇ ئىش تۈپەيلى باشقىلارغىمۇ ئىشىنىپ كەتمە. بىلگىنكى، بۇ دۇنيا ئازدۇرغۇچى دۇنيادۇر. ئەمما، سودىگەرچىلىكنىڭ سەرمايىسى راستچىللىق ۋە دىيانەتتۇر. شۇڭا، ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىدا مۇلايىم ۋە پۇختا بول، راست سۆزلۈكنى ئادەت قىل. ۋاقتىدا ئېلىپ، ۋاقتىدا سات. ئەگەر قۇدرىتىڭ يەتسە، نېسى ئېلىم - بېرىم قىلما. ئۆلىما ۋە مەرتىۋىلىك ئادەملەر بىلەنمۇ مۇئامىلە قىلما، سودا تۈپەيلى ئارىدا كۆڭۈل ئاغرىقى بولۇپ قالمىغاي. كۆتۈلمىگەن ئەھۋالدا ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىپ قالساڭ، شۇلارنىڭ ئارزۇسىدىكى باھاغا بەرگىن. يېڭىدىن باي بولغان، يوقسۇل ياكى سەرمايىسى ئاز كىشىلەر بىلەن، شۇنىڭدەك قازىنىڭ خاس ۋەكىلى، كىشىنىڭ قولى ۋە ئايال - ئۇششاقلىرى بىلەنمۇ ھەرگىز مۇئامىلە قىلما. چۈنكى، بۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلغان ھەرقانداق كىشى باش ئاغرىقى ۋە نادامەتتىن خالىي بولالمايدۇ. تونۇشمايدىغان ياكى سىناپ كۆرمىگەن كىشىگىمۇ ئىشىنىپ كەتمە. بىر قېتىم سىنالغان كىشىنى قايتا سىناپ يۈرمە. سىنالغان كىشى بىلەن سىنالمىغان كىشىنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتمە. ھەرقانداق بىر كىشىگە ئىشىنىش ياكى ئىشەنمەسلىك ئۇزاق زامان سىنالغاندىن كېيىن مەلۇم بولىدۇ. «سىنالمىغان ئادەمدىن سىنالغان شەيتان ياخشىدۇر» دېگەن مەسەل بار. دېمەك، ئادەمنى ئادەمىيلىك مەيدانىدا تۇرۇپ سىنا. ئۆز تېنى ئارقىلىق ۋۇجۇدىنى سىنىغىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا باشقىلارنىمۇ سىنىغىلى بولمايدۇ. ئەمما، ھەرقانداق بىر كىشىنى سىنىماقچى بولساڭ، ئۇنى مەلۇم ئىش بىلەن سىنا، ھەرگىزمۇ گەپ - سۆز ئارقىلىق سىنىغۇچى بولما.

«يۈز توز چاغلىق نېسىدىن بىر قۇشقاچ چاغلىق نەق سودا ئۇبداندۇر». ئون پۇل ئون بىر بولىدىغان دېڭىز سەپىرىدىن ئون پۇل ئون يېرىم بولىدىغان قورۇقلۇق سەپىرىنى ئەلا بىل. چۈنكى، دېڭىز سەپىرىدە تاپقان پايداڭ، غەرق بولماقنىڭ ۋەھىمىسىدىن كېلىدىغان زىيانغا ئەرزىمەيدۇ. دېيىلىدۇكى: «دېڭىز سەپىرىنىڭ پايدا نېمىتى قورساققا يەتكۈچە، غەرق ئاپىتى بوغۇزغا يېتىدۇ». شۇڭا، سودا سەۋەبلىك ئېرىشمەكچى بولغان پايداڭ، ھېچقاچاندا جانغا خەۋپ كەلتۈرمىگەي! قۇرۇقلۇق سەپىرىدە مېلىڭ زىيانغا ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ جېنىڭ ئامان قالىدۇ. ئەمما، دەريا ئىشى گويا پادىشاھنىڭ ئىشىنى قىلغانغا ئوخشاشتۇر: يا بىراقلا نۇرغۇن نەپكە ئېرىشىسەن، يا بىراقلا خانىۋەيران بولىسەن. لېكىن، پۇل - مېلىڭ بولسا، يەنى قۇدرىتىڭ يەتسە، دېڭىزنىڭ ئاجايىبات ۋە غارايىباتلىرىنى كۆرۈپ تاماشا قىلماق مەقسىتىدە، كېمىگە ئولتۇرۇپ سەير قىلماقمۇ راۋادۇر. رەسۇل ئەلەيھىسسالام: «دەريا - دېڭىزلاردا سەپەر قىلىڭلار، بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرۈڭلار!» دېگەن.

سودا ئىشىدا، يەنى ئالماق - ساتماقتا ئالدىراقسانلىق قىلما. ھەربىر سودىنى ئويلىشىپ قىل. سودا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئويلىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. كارى - بارىڭنى ناتونۇشلارنىڭ قولىغا تاشلاپ قويما. دانالار ئېيتقانكى: «ئەلنىڭ ئىلكى بىلەن يۈك يۈكلىمەك، خەلقنىڭ ئايىغى بىلەن تىكەن سۈپۈرگەنگە ئوخشاشتۇر».

سودا ئىشىدا پايدا بىلەن زىياننى ۋاقتىدا ھېساب - كىتاب قىلىپ، ئۆز قەلىمىڭ بىلەن خاتىرىلە ھەم ھېسابات دەپتىرىنى ياخشى ساقلا، سەۋەنلىك ۋە گۇماندىن خالىي بولىسەن. خىزمەتكارلىرىڭدىن سودىنىڭ نەتىجىسى ۋە ھېسابىنى ھەمىشە سۈرۈشتۈرۈپ تۇر. ھەرقانداق نەرسىنىڭ دېرىكىنى قىلماي تۇرۇپ ھۆججەت بەرگۈچى بولما. ناۋادا شېرىكلىرىڭدىن بىرەرسى: «پالانى رەخت سودا ئۈچۈن ئايرىپ قويۇلغان

رەختىنىڭ ئارىسىدا بارمۇ؟» دەپ سورىسا، كۆڭلۈكتە ھېسابات دەپتىرىدە سېتىلغان ياكى سېتىلمىغانلىقى ئېنىق بولغاندىن كېيىن، «بار ياكى يوق» دەپ جاۋاب بەرسەڭ بولىدۇ. مال ئىگىسى، يەنى خوجايىن بولماقىنىڭ پايدا - زىيىنىنى ئوبدان مۆلچەرلە. ئالماق - ساتماق، كىرىم - چىقىم ئىشلىرىڭ باشتىن - ئاخىر ئېنىق بولغاي. خەلققە خىيانەت قىلماقتىن پەرھىز قىل. كىشىگە خىيانەت قىلغانلىق، ئۆزىگە خىيانەت قىلغانلىقتۇر.

ھېكايەت: ئاڭلىشىمچە، بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتى باي بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ نەچچە قوتان قويى ھەم بۇ قويلارنى باقىدىغان، يىل بويى روزىنى كەم قىلمايدىغان بىر قويچىسى بار ئىكەن. ئۇ پادىچى ھەر كۈنى قويلارنى سېغىپ، سۈتىنى خوجايىنىغا ئەكىلىپ بېرىدىكەن. خوجايىن بولسا سۈتكە تەڭ - باراۋەر سۇ قوشۇپ: «سېتىپ كەلگىن» دەپ پادىچىغا بېرىدىكەن. تەقۋادار پادىچى بۇ ئىش تۈپەيلى نائىنساپ خوجايىنىغا: «خىيانەتنىڭ ئاقىۋىتى خەيرلىك بولماس. سۈتكە سۇ ئارىلاشتۇرغىنىڭىز شەرىئەتكىمۇ مۇخالىپتۇر. بۇنداق ناتوغرا قىلمىشنى دەرھال توختىتىڭ» دەپ قانچە قېتىملاپ نەسىھەت قىلسىمۇ، خوجايىن پايدىغا بولغان ھېرىسمەنلىكى سەۋەبلىك، قۇلىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ، قويچىنىڭ نەسىھەتلىرىگە زادىلا ئېرەنشىمەيدىكەن.

باھار پەسلى ئىكەن. بىر كېچىسى پادىچى قويلارنى قوتانغا سولاپ قويۇپ، ئۆزى ئېگىز بىر جايغا چىقىپ ياتقانىكەن. تاغدا قارا يامغۇر ياغقانلىقتىن، توساتتىن شىددەتلىك سەل، يەنى كەلكۈن كېلىپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا قوتاندىكى قويلارنىڭ ھەممىسىنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى قويچى ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ، قۇرۇق تۇلۇمنى كۆتۈرگىنىچە خوجىسىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. خوجايىن قويچىدىن:

— بۈگۈن نېمە سەۋەبتىن سۈت ئېلىپ كەلمىدىڭ؟ — دەپ سورىغانىكەن، پادىچى:

— ئەي خوجام، بىرنەچچە قېتىم سۈتكە سۇ قاتمىغىن دېسەم، نەسىھەتىمنى قوبۇل تۇتمىدىڭ. مانا ئەمدى سۈتكە قوشقان شۇ سۇلارنىڭ ھەممىسى بىر بولۇپ سەلگە ئايلىنىپ قويلارنى يۇتۇپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ ھېكايىنى بايان قىلىشتىن مەقسىتىم شۇكى، خىيانەت قىلماسلىقتا ئۇندەش. ھەرقانداق كىشى خىيانەت قىلىدىكەن، ھېچ كىشى ئۇنىڭغا ئۆمۈرۋايەت ئىشەنمەيدۇ. شۇڭا، راستچىللىقنى ئادەت قىل. چارە - تەدبىر ۋە قائىدە - يوسۇننىڭ ئۇلۇغراقى راستچىللىقتۇر.

سودىدا دائىم خوش مۇئامىلىلىك بول. ئەمما، سودا ئىشلىرىدا ھېچ كىشىگە ئالدىن ۋەدە قىلما. ئەگەر ۋەدە قىلساڭ، ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلما. خېرىدارغا نەرخنى راست ئېيت، ماللىرىڭغا خۇدايىتائالا بەرىكەت ئاتا قىلغاي!

ئېلىم - بېرىمگە ئالاقىدار مۇئامىلىدە ھۆججەت ئالماق ۋە بەرمەكتە ھوشيار بول. ھۆججەت مەزمۇنىدىن تولۇق خەۋەر تاپ. ھەقنى، يەنى سېتىلغان مال - ماتالىرىڭنىڭ ھەققىنى، قەرز بەرگەن ياكى نېسى قالغان پۇلنى ئىلكىڭگە ئالماي تۇرۇپ ھۆججەت بەرگۈچى بولما.

ھەر دىيارغا بارساڭ، ئاۋۋال دوست، يار - بۇرادەرلىرىڭنى ئىزدە. ئەگەر پەقەتلا بېرىپ باقمىغان شەھەرگە بارماقنى ئىرادە قىلساڭ، ئۇلۇغلاردىن سەن بارماقچى بولغان شەھەرنىڭ كاتتىلىرىغا قارىتا خەت ئالغاچ بارغىن. شۇلارنىڭ تەرىپى ئارقىلىق ئەل ئىچىدە مەشھۇر بولغايسەن.

خالايىق بىلەن چىقىشىپ ئۆت. جاھىل، ئەخمەق، ھورۇن، ئىش بىلمەيدىغان، بەڭباش ۋە بىنامازلار بىلەن بىللە سەپەر قىلمىغىن. ئېيتىپتۇرلاركى: «ئاۋۋال ھەمراھ تاپ، ئاندىن سەپەر قىل.» ناۋادا بىرەر

كىشى سىنى «ئىشەنچلىك» بىلىپ، ساڭا ئىشەنچ باغلىسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا قارىتا گۇمانىي قاراشتا بولما، يەنى ئۇنىڭ ئىشەنچىنى يەردە قويما.

بىرەر نەرسە ئالماقچى بولساڭ، ئاۋۋال ياخشى كۆرۈپ، ئاندىن ئال. كۆرمەي تۇرۇپ ئالما. رەخت ـ ماتالىرىڭنى ساتماقچى بولساڭ، ئۇنىڭ نەرخىنى ئوبدان توختات. گەپ ـ سۆزدىن خالىي بولاي دېسەڭ، سودا ـ سېتىقنى شەرت بىلەن قىلما. غوجايىنلىقنىڭ تەرز ۋە تەرتىپنى ئوبدان ساقلا، يەنى روزغارىڭنى ياخشى قوغدا. سودىگەرچىلىكتىكى ئەڭ كاتتا ماھارەت — غوجايىنلىق، يەنى مال ـ بىسات ئىگىسى، شېرىكلەر پېشۋاسى ۋە ئائىلە باشلىقى بولماقلىقتۇر. ئەلۋەتتە، ئۆي ئەسۋابلىرىنى، يەنى ئۆيگە لازىملىق جابدۇقلارنى ئەرزان ۋاقىتتا ئال. پەيتىنى تېپىپ بىر يىللىق خىراجەتكە يېتەرلىك دەسمايەڭگە ئىككى ھەسسە، يەنى ئىككى يىل خىراجەت قىلغۇدەك نەرسە سېتىۋال ھەمدە ئۇشبۇ ئەشيانىڭ نەرخىدىن، يەنى بازار ئەھۋالىدىن ھەمىشە خەۋەردار بولۇپ تۇرغىن. باھاسى ئۆرلىگەن ۋاقىتتا يېرىمىنى سېتىۋەت. شۇ يىللىق خىراجىتىڭ — يېمەك ـ ئىچمىكىڭ بىكارغا قالىدۇ. بۇنداق ھايات كەچۈرۈش ھېچقاچاندا يامان ئاتاققا سەۋەب بولمايدۇ، گۇناھمۇ ھېسابلانمايدۇ. ۋاھالەنكى، ئائىلە باشلىقى ئۈچۈن يامان نام ـ ئاتاققا قالماقنىڭ سەۋەبى — بارىغا قاراپ ئولتۇرۇش، ئۆي تۇتۇشنىڭ يوللىرىنى بىلمەسلىكتۇر. تىجارەتتە ئائىلە روزغارى سەۋەبلىك زىيان كۆرۈلسە، دەرھال زىياننى ئاشۇرۇۋەتمەسلىكنىڭ تەدبىرىنى قىل. ئەگەر دەماللىققا زىياننى ئازايتىش ئىمكانىيىتى بولمىسا، خىراجەتنى كەمەرەك سەرپ قىل، زۆرۈر بولمىغان چىقىملارنى قىسقارت. ئەگەر سودىگەرلىك، يەنى تىجارەت ئىشى مۇۋاپىق كەلمەي، بىرەر ئىلمى شەرىپنى ئۆگەنمەكنى ئىرادە قىلساڭ، تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگەن. چۈنكى، شەرىئەت ئىلمىدىن قالسىلا تېبابەتچىلىك ئىلمىدىن مەرغۇپراق ھېچ ئىلىم مەۋجۇت ئەمەستۇر. ئالەمنىڭ يولباشچىسى، ئادەم پەرزەنتىنىڭ سەركىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىلىم ئىككى قىسىمدۇر: بىرسى، بەدەن، يەنى تېبابەت ئىلمى؛ يەنە بىرسى، دىنىي ئىلىم».

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن ئابلىمىت ئەھەت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، ئىلھام ئابدۇللا پوسكام ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە)

# ۋەفائىي شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھاجى ئابدۇللا مەھمۇد

مۇھەررىردىن: شائىر ۋەفائىينىڭ بۇ نەزمىي ئەسىرىنىڭ قول يازمىسى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ مۇدىر ۋىراچى، تونۇلغان ئۇيغۇر تېبابەت مۇتەخەسسىسى ھاجى ئابدۇللا مەھمۇدنىڭ ئائىلىسىدە ساقلانغان. قول يازما جەمئىي 11 ۋاراق (22 بەت)، بۇ قول يازمىنىڭ فورماتى 20 × 13.5 سانتىمېتىر بولۇپ، بەزى بەتلىرىگە 13 × 2 مىسرا، بەزى بەتلىرىگە 14 × 2 مىسرا، يەنە بەزى بەتلىرىگە 15 × 2 مىسرادىن شېئىر كۆچۈرۈلگەن. قول يازمىنىڭ باش قىسمى يوقالغان ۋە باشتىكى تۆت ۋاراقنىڭ ئۈستى قىسمى پەرسۇدە بولغان، قول يازمىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا قول يازمىنى كۆچۈرگۈچى كاتىپ، كۆچۈرۈلگەن ۋاقىت ۋە ئورۇن خاتىرىلەنگەن. بۇ ئۇچۇرغا قارىغاندا، بۇ قول يازما ھىجرىيە 1335 ـ (مىلادىيە 1916 ـ يىلى) يىلى جامادىيەل ـ ئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئالتىنچى كۈنى تۇردىنىياز ھاجىم دېگەن كىشى تەرىپىدىن گۇما ناھىيەسىنىڭ كىلياڭ يېزىسىدا كۆچۈرگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يەنە بىر ئۇچۇردا ئابلانخان ئوغلى نىيازمۇھەممەد ئاخۇننىڭ 11 يېشىدا مۇسا ھاجىمدىن ساۋاق ئېلىپ بۇ پەندىنامىنى تۈگەتكەنلىكى يېزىپ قويۇلغان ۋە ئاخىرىغا بۇ خەتنىڭ ھىجرىيە 1343 ـ يىلى رەجەب ئېيىدا يېزىلغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. بۇنىڭدىن بۇ كىتابنىڭ مەدرىسەلەردە دەرسلىك قىلىنغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

ۋەفائىي تەخەللۇسلۇق بۇ شائىرنىڭ تەرجىمەھالىغا ئائىت مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا ۋەفائىي تەخەللۇسلۇق بىر قانچە شائىر ئۆتكەنلىكى مەلۇم، ئەمما بۇ ئاپتورنىڭ قايسى ۋەفائىي ئىكەنلىكى ھازىرچە مەلۇم بولمىدى، بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ۋەفائىينىڭ بۇ شېئىرلىرى تىلىنىڭ راۋانلىقى، مەزمۇنىنىڭ چۈشىنىشلىك، بەدىئىي سەنئىتىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكى بىلەن مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. بۇ شېئىرلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيە شائىرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان ئۆزىگە خاس پوزىتسىيەسى ۋە قىممەت قارىشىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ ئەسەردە بىزنىڭ ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىلغار تەرەققىيپەرۋەر قاراشلار بار، تەنقىد قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بەزى دىنىي مىستىك خاھىشلارمۇ مەۋجۇت، شۇڭا بۇ ئەسەرگە نىسبەتەن تەنقىدىي پوزىتسىيەدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشىمىز، شاكىلىنى قويۇپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىشىمىز زۆرۈر. مەدەنىيەت مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش بىزنىڭ قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىكى تۈپ پرىنسىپىمىز.



①..............
كۆردىلەر ئول گۆدەكى پۇر دەردۇ غەم،
..............
بولدى ئول سائەت جۇھۇدى خەشمگىن،
..............
قول ـ فۇتىنى باغلادى زەنجىر ئىلە،
تا بۇ كۇن ..............
ئۆزنى زەنجىر ئىچرە ھەم بەندە كۆرۈپ،
يىغلادى تەڭرى قاشىنغا ئاھ ئۇرۇپ.
تارتىپ ئاھىستە ئانى خان چىققۇچە،
تا ئىرىكدۇرمەن گەدا جان چىقغۇچە.
ئول زەمان چىقتى يۇگۇرۇپ تاشقارى،
بارغاي ئول مەقسۇدىن ئىستەپ ھەر سارى.
پا بەرەھنە، سەر بەرەھنە، جامە چاك،
يولغا كىردى، ئاھ ئۇردى دەردناك.
قايدا ئەردى، يا مۇھەممەد، دەپ نىدا،
يوق ئېدى ئاغزىدا ئۆزگە ھېچ سەنا.
..............

.............. بارىي ئەردى زەئفەران.
..............
ھېچ ھەمراھ يوق ئاڭا بۇ دەشت ئارا.
..............
كارۋان ئەھلى ئاڭا قىلدى نەزەر.
..............
يا مۇھەممەد، دەپ دەمادەم قىچقىرۇر.
..............
رەھم ئېتىپ ئەل بارچە سۆيدى باشىغە.
..............سۇئال،
نىگە بولدۇڭ سەن زەئىفى خەستە ھال.
.............. ئانچە دەرد،
يا مۇھەممەد، دەپ يۇرۇرسەن روھى زەرد.
..............ئاھ ئۇرۇپ قىلغان فىغان،
ئايدى: ئەي ياران ئەزىزى مېھرىبان.
نى سورارسەن مەن يەتىمنىڭ ھالىنى،
دەردۇ غەملىك مۇفتەلا ئەتۋارىنى.
ئۇشبۇ خەلق ئىچرە مۇھەممەد قايسىڭىز؟
كىمدۇرۇر قايدا مەكانى، ئايتىڭىز.
ئاشىق ئولدۇم كۆركى ئول گۇلزارىغە،
شەمئ ياڭلىغ ئارەزى رۇخسارىغە.



① كۆپ چېكىت قويۇلغان ئورۇنلار قول يازمىدا يىرتىلىپ پەرسۇدە بولغان.



قىلدى كارۋان ئەھلى فەرياد ھەر بىرى،
يىغلادى ئول لەھزەدە دۈۋ پەرى.
بەئد ئەزان كەلتۇردىلەر ئابۇ تەئام،
بۇ كۈن ئۈچ كۈندۇر، قىلىپدۇرمەن ھەرام.
گۆدەك ئايتتىكىم: ئالىڭىزلار نارى،
مەن يېمەك ـ ئىچمەك ھەرام ئەتتىم بارىي.
كارۋانىي ئايدى: ئەي تىفلى ئەزىز،
باردارۇرمىز ..................................
قوپ رەۋانۇ بىزگە بولغىن ھەمقەدەم.
ئايتالى ......................................
بولدى ئول دەم كارۋان ئەھلى رەۋان،
گۆدەك ئۇلدىلار ..............................
يەتتىلەر بىر شەھرى ئانداق خۇش ھەۋا.
كۆرگەچ ـ ئۇق ئەل .........................
بۇ مەدىنە شەھرىدۇر، دەپ ئايدىلار.
مۇستەفانى شۇمدا دەپ ...............
قوپتى گۆدەك ئول زەمان ئەيلەپ شىتاب،
شەھرىگە كىرمەكنى قىلدى ئىزتىراب.
كارۋانىي ئەھلى ئايتتىلار كېلىپ:
مۇستەفانى كۆرگەمىز بىز ھەم بارىپ.

بىز ھەم ئەرتە شەھر ئىچىگە كىرگۈمىز،
ھەدىيەلەر ئالىپ رەسۇلنى كۆرگۈمىز.
بىز سېنى ھەزرەت قاشىغا ئېلتەلىك،
سىررى ھالىڭنى ئۇلارغا ئايتالىك.
گۆدەك ئايتتى: بىل، يۈرۈرمەنكىم قىزا،
گىرىيەمىزغە ھەم نەزەر سالغاي خۇدا.
كۆردىلەر گۆدەككە غالىب ئىشتىياق،
يوق تەندە قۇۋۋەتى، باردۇر فىراق.
كىرگەلى ئۇندا ئىجازەت بەردىلەر،
ھەم بۇ گۆدەككە دۇئالار قىلدىلەر.
شەھر ئىچىگە كىردى ئول سائەت يەتىم،
ئۇچرادى ئالدىغا بىر مەردى ئەزىم.
گۆدەك ئايتتى: بۇ مۇھەممەد بىگۇمان،
باردى ئالدىغا يۈگۈرۈپ ئول رەۋان.
...................... بەردى سەلام،
ھەم ئەلەيك ئالدى ئۇشۇل مەردى كەلان.
................................ ئەسھابىغا،
مۇستەفانىڭ مۇئتەبەر ئەھبابىغا.
.............................. رۇخسارىغا،
بىلدىكىم ئاشىق نەبى دىدارىغا.
........................ ئەقلۇ ھۇش،





تۇتتى ئەفغان بىرلە يەر يۈزىن خورۇش.
...................... بەرۇيى ئاشنا
ئايدى ئەي پەيغەمبەرى بائىقتىدا.
كۆرمەگۈنچە كىچە - كۈندۈز تىنمادىم،
ئىشقىڭىزدا ئاب - تەئاملار تارتمادىم.
دەھيە ئول سائەت جىگەردىن تارتتى ئاھ،
دۇددىن ئول دەم جەھان بولدى سىياھ.
چۈنكى يوق ئەردى رەسۇل ئول كۈن ھەيات،
ئەردى مۇندىن ئىلگەرى ئۈچ كۈن ۋەفات.
ئايدى: دەھيە يوق دېسەم ئول دەردناك،
قىلغۇدەك گۇدەك ئۆزىن ھەر دەم ھەلاك.
ئايدى: ئەي گۇدەك، مۇھەممەد مەن ئەمەس،
مەن ئاڭا ئوخشارغا ھېچ لايىق ئەمەس.
فادشاھ ئول، بىز ئۇنىڭ چاكەرلەرى،
بىز ئىشىكدەكى كەمىنە قۇللارى.
كەل سېنى ئېلتەي ئانىڭ دەرگاھىغا،
يىقىتاي ئالىپ ئانىڭكى پايىغا.
قوفتى ئىلكىدىن تۇتۇپ ئول دەم يەنە،
باردىلار ھەزرەت قاشىگە ئول يەنە.
كەلدى مۇھەممەد ئىشىكگە يېتىپ،

دەھيە ئايدى ئۇشبۇ گۇدەككە باقىپ:
بىر زەمانىي مۇندا تۇرغىل، ئەي فىسەر،
مەن كىرىپ ......................
بەرسە دەستۇرى ئىجازەت كىرگەلى،
مەن چىقاي ئاندىن .............
كىردى دەھيە مەسجىد ئىچرە يىغلايۇ،
كۆردىلەر .....................
تۇتتىلار باشدىن يەنە بىر ماتەمىي،
تۇشتى ئەسھاب ئىچرە ...............
ئانچۇنانۇ قىلدىلار فەرياد - فىغان،
يىغلادى ئول كۈن زەمىنۇ ھەم زەمان.
بەئد ئەزانۇ دەھيە ئايتتى: يا ئەلى،
ئىبنى ئەممى مۇستەفاسەن ھەم ۋەلى.
يەتتە ياشىدا گۇدەك كەلدى ئەجەب،
مۇستەفانى كۆرگەلى قىلدى تەلەب.
سەر بەرەھنە، پا بەرەھنە، قان يۇتۇپ،
كەلدى يۈز فەرسەڭ يولىغا يۈگۈرۈپ.
تاتماي ئول توققۇز كىچە - كۈندۈز تەئام،
تىنمادى ئول يۈگۈرۈپ زەمىنى شام.
ئول مۇھەممەدنى كۆرەي دەپ ئارزۇلاپ،
كەلدى ئىشىككە كىرگەلى، بەرسەڭ جەۋاب.
ئۇشبۇ سۆز ئېشتىپ ئەلىيۇ نامدار،
ئاھ ئۇردى قىلدى فەرياد زار - زار.
ھەم ھەسەن بىرلە ھۈسەين يىغلادى زار،
يىغلادىلار بارچە ئەسھابىيكى بار.
مەن چىقىپ گۇدەكنى مۇندا كىرگۈزەي،
ئىككى مەئسۇم بىرلە تەڭ ئولتۇرغۇزاي.
تاكى تافقاي گۇدەك ئارامۇ قەرار،





بولماغاي مۇندىن زىيادە دىل فىگار.
...................... قىلماق كېرەك،
ھەرنە ئايتۇرسىز ئانى قىلماق كېرەك.
............................ ئول دەم ئەلى،
كۆرگەچ ـ ئوق گۇدەك مۇھەممەددۇر دېدى.
.............................. نىڭ نام،
يۈز تەۋازۇئ بىرلە ئەيلەپ ئېھتىرام.
............. ئېشىتىپ كەتتى ھوش،
ئەيلەدى ئول دەم ئەلى غەمدىن خورۇش.
...................... كۆتەرىپ ئەلى،
ئىككى شەھزادە جىگەر بەندەم دېدى.
قوللارىن سالىپ ھەمايىل بويىنغا،
ئۆتكەرىپ ھەم ئۆزلەرىنىڭ ئورنىغا.
مۆرتەزا گۇدەكنى فەرزەندىم دېدى،
ئىككى ئوغلۇمدەك جىگەر بەندىم دېدى.
قىلمادى گۇدەك بۇ سۆزگە ئىلتىفات،
تاپمادى كۆڭلى ئانىڭ غەمدىن نەجات.
گۇدەك ئايتتى: ئەي مۇھىببانى ئەزىز،
بولماسا جانانە جانىنى نېتكۈڭىز.
مەن مۇھەممەدنىڭ جەمالىن كۆرمەيىن،
بۇ تىرىكلىكدە نېمە ئىش ئېتەيىن.
دېدىيۇ بىر ئاھ ئۇردى ناگەھان،
ئايتتى ئىمانۇ ئۇشۇل دەم بەردى جان.
يەتتى جانانىغە ئول جاندىن كېچىپ،
بولدى سىيراب ئول شەرابى ۋەسل ئىچىپ.
تاپتى مەقسۇدىنى ئول تىفلى ھەزىن،
بولدى جەننەتدە رەسۇلغا ھەمقەرىن.
گۇدەكى نابالىغدىن دىن جۇدا،
كۆر ئانىڭ ئىشقىدا قىلدى جان فىدا.
سەن ئەگەرچە ئاقىلى ھوشيارسەن،
ھەم مۇسۇلمانلىق بىلە ............
نېگە غافىلسەن ئانىڭكى زىكرىدىن.
يوقدۇرۇر كۆڭلۈڭ ...............
ئىككى دۇنيادا رەسۇل ئۇممەد دېدى،
بارچەدىن كېچىپ ...................
بەلكى مىئراجى خۇدانىڭ قۇربىدە،
ئاندە ھەم ئەردىيۇ ئۇممەت فىكرىدە.
ئول سېنىڭ يادىڭدا ئەردى روز ـ شەب،
سەن ھەم ئانى رۆزۇ شەب قىلغىل تەلەب.
سەن دۇرۇد ئايغىل ئاڭا ھەر سۇبھۇ شام،
ئىككى ئالەمدە ئىشىڭ تاپقاي نىزام.





تەممەت تەمام بىئەۋنىل - مەلىكىل ۋەھھاب
سىينە 1334، شوبۇ تارىختورۇر.

بىسمىللاھىر - رەھمانىر - رەھىم

............ پاكىغا،
ئەقلۇ ئىمان بەردى مۇشتى خاكىغا.
............ رۇھىنى،
قىلدى تۇفانىدىن خەلاس ئول نۇھىنى.
.......... ئۆز لۇتفىنى ئىزھار ئەيلەدى،
ئوتنى ئىبراھىمغا گۈلزار ئەيلەدى.
ئول خۇداۋەندىكى ھەنگامى سەھەر،
قىلدى قەۋمى لۇتنى زىرۇ زەبەر.
ئولكى فەرمان قىلدى قەھرى بادنى،
دۇنيادىن يوق قىلدى قەۋمى ئادنى.
دۈشمەنىكىم ئاتىپ ئەردى ئاگا ئوق،
باشىنىڭ مەغزىنى يېدى فەششە توق.
چۈن ئىنايەت لۇتفۇ قەييۇم ئەيلەدى،
داۋۇد ئىلكىدە تەمۇر مۇم ئەيلەدى.
قۇرتغە سابىر تەنىنى قىلدى قۇت،
لۇقمەئى قىلدى يۇنۇسنى يۇتتى ھۇت.
ئولكى قىلدى دۈشمەنى دەريادا غەرق،
تاش ئىچىدە تىيۋەنى ئەيلەدى خەلق.
رەھمەتەن لىل ئالەمىن بولدى ئۆزى،
مەسجىدى بولدى ھەمە يەرنىڭ يۈزى.
بەردى مۇلك بولدى سۇلەيمان پەرۋەرى،
بۇيرۇغىدا بولدى ھەم دىيۇ پەرى.
فادشادۇر ھەرنە قىلسا ئول قىلۇر،
بارچە ئالەم كۆڭلى ئىچرە يوق قىلۇر.
بىرسىگە گەنجى ئىلە نىئمەت بېرۇر،
بىرسىگە رەنج ئىلە زەخمەت بېرۇر.
بىرسى تورقا - تاۋار ئۈزرە ياتار،
بىرسى تانور ئىچى ساۋۇق ياتار.
بىرسى ھەلۋانى يەر ھەر كوندە توق،
بىرىنىڭ ئاغزى قالۇر ئاچغانچە - ئوق.
بىرسى بىستەر ئۈزە تەۋرەپ ياتار،
بىرسى تۇفراق ئۈزە تىترەپ ياتار.
بىرىگە فول ئىككى يۈز ھەميان بېرۇر،
بىرسى نان ھەسرەتىدە جان بېرۇر.
ئولدۇرۇر ئالەمنى بەرھەم ئۇرغۇچى،
يوقدۇر ئالدىدا ئانىڭ دەم ئۇرغۇچى.
ئول ھەۋا قۇشلارىغا ماھىي بېرۇر،



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بەندەسىگە دەۋلەتى شاھىي بېرۇر.
بەرگۈسى يۈز يىلقى ئۆلۈگلەرگە جان،
ھەقدىن ئۆزگەلەر ئانى قىلغاي قاچان.
مۇلكىدا يوقدۇر ئانىڭكىم ھېچ شەرىك،
لايەمۇت باردۇرۇر دائىم بار تىرىك،
ئىككى ئالەم سەييىدى ئول مۇستەفا.
كەلدى ئەۋۋەل ئاخىرىغا مۇقتەدا.
سەيرىغە توققۇز فەلەك مىئراجدۇر،
ئەنبىياۋۇ ئەۋلىيا مۇھتاجدۇر.
ئانچە ياردۇر ئابابەكرى ئۆمەر،
فارە بولدى مۆئجىز ئىلكىدە قەمەر.
ئول رەسۇلى ھەق خەيرۇن – ناس ئېدى،
ئەممە فاكى ھەمزەئى ئەبباس ئېدى.
بىزدىن ئولسۇن سەد دۇرۇدى سەد سەلام،
مۇستەفانىڭ ئالى ئەسھابىغا تەمام.
ئىجتىھاد ئەتتى ئىماملار بولسا فەرق،
تەڭرىنىڭكى رەھمەتىغە بولسا غەرق.
................. دۇر ئىمامى باسەفا،
ئول چەراغى ئۈممەتانى مۇستەفا.
جان بولسۇن فەزلى ھەققە ئەتقەرىب،

بولسا شاگىردلارى جەننەتغە نەسىب.
ئەيلەدىم دائىم دۇئالار بىرلە ياد،
رۇھلار جەننەت ئىچىدە بولسا شاد.
ئەفۇ قىل جۇرمۇمنى، ئەي فەرۋەردىگار،
مەن گۇنەھكار، سەنسەنۇ ئامۇرزگار.
لۇتف قىل، ئەفۇ ئەت گۇناھىم، ئەي ئىلاھ،
كۆپدۇرۇر بۇ ئاسىي بەندەڭدە گۇناھ.
بىگۇناھ ئىش ئۆتمەدى سائەت ماڭا،
قىلمادىم كۆڭلۈم بىلە تائەت ساڭا.
كەلدى ئىشكىڭگە يانىپ بۇ قاچقىغۇ قۇل،
تەۋبەدىن ئاغرامچىدىن بويىندا غۇل.
دەرگەھىڭغە كەلدى بۇ قۇل باش قويۇپ،
ئابرويىنى گۇناھ بىرلە تۆكۈپ.
رەھمەتىڭ دەريايى بىپايان ئېرۇر،
رەھمەتىڭدىن نائۇمىد شەيتان ئېرۇر.
نەفسى شەيتاندۇر يولۇمنى توسقۇچى،
بولماسا لۇتفۇڭ شەفائەت قىلغۇچى.
رەھمەتىڭ بىرلە گۇناھىمنى يۇغۇن،
گۇر ئىچىدە توفراغ ئۇلماسدىن بۇرۇن.
ئول زەمانكىم بۇ بەدەندىن چىقسا جان،





نۇرى ئىمان بىرلە ھەمراھ قىل رەۋان.
مۇستەفانىڭ ھۆرمەتىدىن، ئەي كەرىم،
ئەفۇ قىل، ئەستەغفىرۇللاھەل ـ ئەزىم.
ئاسىيغا لۇتفۇڭ ئەگەر يار ئولماسا،
رۇزى مەھشەردە مەدەتگار ئولماسا.
ئاسىيلارنىڭ ھالى دىشۋار ئۇلغۇسى،
كېچە ـ كۈندۈز مەنزىلى نار ئۇلغۇسى.
تەۋبە قىلدىم، تەۋبە قىلدىم، ئەي كەرىم،
ئەفۇ قىل بارچە گۇناھىم، ئەي رەھىم.
ئەي ۋەفائىي بارچەدىن ياندىم مانا،
مەغفىرەت قىل، رەببەنا، فەغفىرلەنا.

* *

ئەفۇ ئەيلە گۇناھىم، قىلىپسىز
يوقدۇر كىشى دۇنيادا خەتاسىز.
ھەق رەھمەتى بىرلەكىم ئىمامان،
بىزلەركى قىلىپدۇر يولنى ئاسان.
كەۋنىيگە ئىمامى باسەفادۇر،
ئۇممەتكە چەراغى مۇستەفادۇر.
بولدىلار ئىمام، قازى يۇسۇف،
رازى بولدىلار ئۇلاردىن يۇسۇف.
يەر يۈزىدە بولدىلار ئىمام ئەھمەد،
بولسۇن ئۇلارغا رەۋاج بىشەدەد.
شافىئىي ئىمام بىر سالىك،
ئاندىن كەلدىلەر ئىمام مالىك.
روھلارى ھەشتەدە بولسۇن دائىم،
بولدى ئاسان ئۇلارغا ئالىم.
قىلغان بولسالار گۇناھ ۋەفائىي،
بۇ سۆز ئىچىدە ئاسىي خەتائى.

* *

ئەفۇ ئەيلە گۇناھىم، ئەي ئىلاھىم،
بىسيار ئېرۇر مېنىڭ گۇناھىم.
ھەر ئىشدا ئېرۇرسەن، ئەي نىكۇ كار،
مەن بەندە ئاسىي، سەنسەن غەففار.
ئىسيان بىرلە ئۆتتى ھەر سائەت،
نە مەندە ھۇزۇرى دىل، نە تائەت.
كەلدىم ئىشىكىگە مەن گۇنەھكار،
مەن بەندەئى ئاسىي، سەنسەن غەففار.





نەۋمىد ئەمەسمەن رەھمەتىڭدىن،
مەن ئاسىينى ساقلا غەفلەتىڭدىن.
لۇتفۇڭنى ئىبەر يولۇمنى ئاچسۇن،
شەيتان قوقۇبان يولۇمدىن قاچسۇن.
ئەفۇ ئەيلە ۋەفائىينىڭ گۇناھى،
قىلغىلىكى ئانىڭ ئۆزرخاھى.

* *

تۆرت نېمەرسە، ئەي ئوغۇل، جانغا خەتەر،
گەر قولۇڭدىن كەلسە سەن قىلغىل ھەزەر.
نە ياۋۇق بولماق يامانىنىڭ ئۈلفەتى،
رىغبەتى دۇنياۋۇ خاتۇن سۇھبەتى.
زەھەر باردۇر دەۋلەت ئىچرە خوب نەزەر،
گەرچە باردۇر زەھەردىن جانغا خەتەر.
زالى دۇنيا ئۆزىنى قىلدى جەۋان،
ئالغۇسى ھەر كۈندە بىر بوينى يوغان.
مەقبۇل ئولدۇر بۇ خاتۇندىن بولسا تاق،
يۈزنى ئەۋرۈپ ئانى قىلسا يۈز تەلاق.
بار دەلىلى نىك بەختى تۆرت نېمە،
ئول ئەزىزدۇر قىلسا بۇ تۆرتنى ھەمە.
بىرىسى ئولدۇركى فاك ئولسا دىلى،
فاك يوقدۇر ھېچ ناك ئولسا دىلى.
نىك بەختلەرغە ئولغۇسى راھى تەۋاب،
ئولكى بەندەدۇر ئاڭا قاتتىغ ئەزاب.
ئۆمر دۇنيا نەچچە كۆنلۈك فاك ئەمەس،
ئول كىشى ئاقىل ئېرۇر، ئەندىش يېمەس.
لەززەتى دۇنيانى تەرك ئەتمەك كېرەك،
ئاقىبەت ھەسرەت بىلە كەتمەك كېرەك.
ئەي ۋەفائىي، قىل خۇداغا بەندەلىك،
ئاخىرەتدە تارتماغىل شەرمەندەلىك.

* *

ئاخىرەتنى ئىستەسەڭىز، ئەي ئەزىز،
تۆرت نېمەرسە تافغۇڭىزدۇر بىلىڭىز.
تۈز يىگەن ئۆيدە يامان ئىش قىلماڭىز،
خەلق كۆڭلىنى يەنە زىش قىلماڭىز.
ئاياغ ئاستىن سال ھەۋايى نەفسنى،
فەست قىلغىل سەن ھەۋايى نەفسنى.
خابۇ خورغا نەفسنى كام ئۆرگەتىلىك،





ھەقتەئەلا تائەتىن ھاسىل ئېتىڭ.
نەفسى سەگنى ھەر كىشى قىلسا سەبىل،
مەئسىيەت قىلماقىغا ئول ئەيلەر دەلىل.
نان بىلەن تائەت قارىن فۇر قىلماغىل،
مىسلى خەر ئۆزۈڭنە ئاخور قىلماغىل.
بولماسا روزى تەئامنى كام يېگىل،
تەڭرىگە بەئدەز تەئام شۈكر ئەيلەگىل.
نىگە ئۇخلارسەن كېچە تاڭ ئاتقۇچە،
بىر چەراغ ياندۇر گورۇڭدا ياتقۇچە.
ئىستەمە ھەر سۈرەتى زىبىيانى سەن،
ھەم لىباسى، ئەتلەسى دىبىيانى سەن.
خىرقەئى فەشمىنەنى بەردۇش قىل،
نامرادلىق شەربەتنى نوش قىل.
دەرۋىش ئەللەر بىرلە بولغىل ھەمنىشىن،
قىلماغىل غەيبەت ئۇلار يازۇ قىشىن.
نەفسىڭ كىم باشىغا قويماسا فاي،
تافماغۇڭدۇر يول بەدەرگاھى خۇداي.
تۇرت نېمە ئىشارى بەدبەختلىق ئېرۇر،
كاھىلىيۇ جاھىلىيۇ سەخت ئېرۇر.
بىكەسىيۇ ناكەسى بولدى بۇ تۇرت،
بۇ نەسىھەت ئالماغانغا تۇشەر ئوت.
ھەر كىشى دائىم ئىبادەتدە ئېرۇر،
بىشەك ئول تاڭلا سەئادەتدە ئېرۇر.
كىمكى راھەت ئىشكىن باغلار تەمام،
جايى ئول جەننەت ئىشكىن ۋەسسەلام.
غەيرى ھەقدىن ئۆزگەنى كىمكى تىلەر،
يوقدۇرۇر گۇمراھلىق ئاندىن بەتەر.
ئەي بەرادەر، تەركى غەيرى يار قىل،
سەن ئۆزۈڭ شايىستەئى دەرگاھ قىل.
نەفسى سەگ تەركى ھەۋادا فەست بولۇر،
قىلماساڭ نەفسىڭ سىنىڭ ناكەس بولۇر.
ھەر كىشىكىم تەكيە بەر زايىڭ قىلۇر،
دۇنيادا بىر لۇقمەغە قانىڭ قىلۇر.
نەفسنى ئۆلتۇرسە بۇ ئۈچ نېمەدە،
مەن ساڭا ئايتاي قۇلاق تۇت ھەممەدە.
خەنجەرى خامۇش ئېدى شەمشىر نەفەس،
تەركى لەززەت بولسا تەنھا بولسا بەس.
ھەر كىشىدە بولماسا بۇ ئۈچ نېمە،
ئۆلتۇرۇرمەن نەفسنى ھەرگىز دېمە.
مالى دۇنيا نابكارلارغا ئېرۇر،





ئاخىرەت فەرھىزكارلارغا ئېرۇر.
ئەي ئوغۇل، ھەق يادىغا مەشغۇل بول،
سەن خەلايىقدىن يىراق چۈن غول بول.
سەن يامان ئىشلارنى ئەسلا قىلماغىل،
قىل بۇ كۆنلۈك ئىشنى، تاڭلا قىلماغىل.
ئەي بەرادەر، بىزگە بەردى تەڭرى جان،
غەم يېمە، قارنىڭغا ئۇل بەرگۇسى نان.
قىلما خۇيۇڭ خەم غەنىيغە ھەم چۇ تاق،
ئەي ئوغۇل، ئەھلى زىنادىن بول يىراق.
مۇردە دەرۋىشنىڭكى قىلماس خەلقدىن،
نەفرەت ئەمەس جامەھايى دەلقىدىن.
ئۇچ دېسە ئايتۇركى مەن ئۇچدۇر دېمەن،
يا كۆتەر دېسەكى مەن بىر تادۇمەن.
كىمكى كەم رىزقى ئانىڭ نانىي ئەمەس،
خاس ئەللەردىن ئېرۇر ئامىي ئەمەس.
سەن ئۆزۈڭدىن چۈن ھەۋانى تاشلادىڭ،
بىل ئۆزۈڭنى ھەق سارىغا باشلادىڭ.
سالماغۇنچە نەفسنى مېھنەتكە سەن،
كۆندۈرەلمەسسەن ئانى تائەتكە سەن.
چۈن ئورۇقلار يولغا كىرسە بارى تارت،
بار تائەت بىرلە سەن جەببار تارت.
بارىنى جانۇ دىلى تارتماق كېرەك،
بولماسا تىلنى كىشى تارتماق كېرەك.
كىمكى گەردۈن قايتارۇر بۇ باردىن،
بولغۇسى يوقتۇر خەلاس ئۇل ناردىن.
قىلدىڭ ئۇل بارىي ئەمانەتنى قەبۇل،
ساقلاماقدىن بولماغىل ھەرگىز مەلۇل.
ۋەقتى تائەت تىز ھەم چۈن ياد بول،
جۈملە دۇنيا ئىشىدىن ئازاد بول.
يول خەتەرناك ئوغرىلار قەسدىڭدەدۇر،
قەسدى جانىڭدا قىلىچ ئارقاڭدادۇر.
مەنزىلىڭ يىراقدۇرۇر، يۈكۈڭ ئاغىر،
مەركەبىڭ لاغىر، ئۇچاسىدۇر ياغىر.
جىددۇ جەھد ئەتكىل يۈكۈڭنى قىل يېنىك،
يول يىراقدۇر، سەن ئۆزۈڭنى قىل يېنىك.
كىمكى تەن فەرۋەردۇرۇر ئۇل مەرد ئەمەس،
ئۇل ئېرۇر نادان، ئەھلى مەرد ئەمەس.
كىمگە فايدا قىلدى بۇ دۇنيايى دۇن،
بولماغىل ئارقاسىدا زارۇ زەبۇن.
يوقتۇ تەنگە ياخشى تەقۋادىن لىباس،
كىمكى تەقۋا قىلماسا يوقتۇر لىباس.
دەۋزەخى باردۇر جەھەم ئەتفىلدۇر.
مەنزىلى ھەم تاڭلاكى قاتتىغدۇر.
ئەي ۋەفائىي، بولما كاھىل زىنھار،
كۆيدۇرۇر كاھىل تەنىڭنى تاڭلا نار.

* *

ئاقىل ئۇلدۇر تەڭرىگە شاكىر بولۇر،
دائىم ئۇل ئۆز نەفسىگە قاتىل بولۇر.



كىمكى يۇتسا ئاچچىقنى رەھمەت تافار،
ئاخىرەتدە ئول كىشى جەننەت تافار.
بەلكى، تۇش كۆرگەنگە ئوخشا بۇ جەھان،
يوقتۇرۇر قاشىدا ئويغانغان زەمان.
ئاقىبەت بارغۇلۇق بۇ دۇنيادىن قۇرۇغ،
ئاخىرەتنىڭ يولىغا سالغىل ئۇرۇغ.
كىمگەكىم ياخشى ئەمەل داخىل ئېرۇر،
ئاخىرەتنىڭ يولىغا ھەمراھ ئېرۇر.
بۇ جەھان بىر ئەۋرەتيدۇر خۇب رۇي،
ھەر كۈنى بىر ئەرنى ئەيلەر جۇستۇ جۇي.
چىرلابان ئەرنى قاشىغا كەلتۇرۇر،
بىۋەفالىقدىن ئېرىنى ئۆلتۇرۇ.
ساڭا ئايتاي، ئەي ئەزىزى نامۇەر،
بۇ خاتۇن مەككاردىن قىلغىل ھەزەر.
ئەي ئوغۇل، بۇ دۇنيادا فەرھىزكار،
گەر تافاي دېسەڭ ھەمىشە ئىئتىبار.
دىن ئۆيىن ئاباد قىل فەرھىز ئىلە،
رەۋشەن ئەت دىلىڭنى شەبخىز ئىلە.
كىمكى فەرھىز ئىلمىدىن ئالسا سەبەق،
ئول بۇ ئالسۇن داغى ئەۋۋەل غەيرى ھەق.
ھەر كىشىكىم فەرھىز ئىچرە بولسا راست،
تەڭرىنىڭ يولىدا ئۆزىن قىلدى خاست.
ئەي ۋەفائىي، سەن داغى فەرھىز قىل،
بولما كاھىل، بەندەلىكنى تىز قىل.

* *

فەرھىز ئەتكىل ئىككى كىشدىن زىنھار،
كۆرمەگەيسەن سەن يامانلىق زىنھار.
ئول بىرى دۇشمەنكى يار ئىستەھرىسى.
سۇھبەتى نادان دۇستدۇر بىرىسى.
ئەي ئوغۇل، دۇشمەن قاشىدىن بول يىراق،
يارى ناداندىن يىراقلىق ياخشىراق.
ئەي ئوغۇل، سۆز ئايتماغىل ئاڭا دۇرۇشت،
گەر ئايتساڭ كۆرسەتۇرلەر ساڭا مۇشت.
ئەيلەبان ياخشى چىقىشغىل، ئەي جەۋان،
قالغۇسىدۇر ياخشى ئاتىڭ جاۋىدان.
ئەي ۋەفائىي، بۇ نەسىھەت گۇش قىل،
شەربەتى نافىئدۇر، سەن نۇش قىل.

* *

سەككىز ئىشدۇر كەلتۇرۇر ئول خارلىق،
مەن ساڭا ئايتاي قىلىپ دىلدارلىق.
ئول يامان ئىشدۇركى، مانەندى مەگەس،
چىرلاماي بارما كىشىنىڭ ئۆيىگە بەس.
ھەر كىشىكىم چىرلاماي مىھمان ئېرۇر،
خارلىقنى ئىزدەگەن ھەيۋان ئېرۇر.
بىرىسى ئولدۇركى نادان ئېرۇر،
كەدخۇدالىقنى كىشى ئۆيدە قىلۇر.
مەگەر ئولتۇرسا زەبەردەستدىن ئۇلۇغ،
يەتكۇسى خارلىق ئاڭا، نە قىلغۇلۇق.
گەر سۆزۈڭە سالماسالار ئەل قۇلاق،
بىھۇدە سۆز سۆزلەمەكدىن بول يىراق.
دۇشمەنىڭگە سالما ھاجەت زىنھار،
قىلما دۇشمەنىنىڭ قاشىدا ئۆزنى خار.
سەن خەلايىقدىن مۇرادىڭ ئىستەمە،
خارلىق تارتارسە، زىنھار ئىستەمە.
گۇدەكىي خاتۇنغا بازى ئەيلەمە،
خارلىقنى ئۆزگە رازى ئەيلەمە.
ئەي ۋەفائىي، قىلما ناكەسكە ئويۇن،
ناكەس ئەل تۇفراق ساچار مىسلى قۇيۇن.

* *

خۇبدۇرۇر ئالتە نېمە، ئەي خاسۇ ئام،
ئەۋۋەلى بىشۇبھەدۇر ياخشى تەئام.
خۇبدۇرۇر يارى مۇۋافىق مىسلى نان،
يەنە خىزمەتكارىي بولغاي مىھرىبان.
ئەي بەرادەر، بول سۆزۈڭە راستگۇي،
سەن ئۆزۈڭنى ئاندا قىلغىل جۇستۇ جۇي.
ھەر كىشى ئۇچ ئىشنى ئادەت قىلغۇسى،
دۇنيادا ياخشى سەئادەت قىلغۇسى.
ناسەزار ئىش قىلغۇچىنى كۆرسەڭىز،
تا نەسىھەت بىرلە مانىئ قىلساڭىز.
ئولدۇرۇر ئىككىنچىسى، ئەي نەۋجەۋان،
ئاچماغىل ئەل ئەيبىنى ھەرگىز يامان.

زەخمەتىڭنى تۇت خەلايىقدىن يىراق،
سالماساڭ يۇكۇڭنى ئەلگە ياخشىراق.
ئەي ۋەفائىي، بۇ نەسىھەت ئاڭلاغىل،
ھەق يولىدا دەمبەدەم بەل باغلاغىل.

* *

تۆرت نىمەرسەدۇر كەرامەتھايى ھەق،
ياد قىلغىل ئانى مەندىن ئال سەبەق.
ئەۋۋەلا سىدقىڭ بىلەن سۆز سۆزلەگىل،
ھەم ئەمانەتنى داغى خۇب ساقلاغىل.
بەس سەخاۋەتدۇر كەراماتى ئىلاھ،
قىل ساخاۋەت خاھ فەقىردۇر خاھى شاھ.
يول يىرامەكدۇركى كىم ئول سۇدخار،
نە ئۇچۇن ئول دۇشمەننى كىردىگار.
ئول ئۇچۇنچى ئىستەمەك ھەق يولىنى،
سەرف قىلماغلىق يولىدا مالىنى.
گەر تەۋازىئ فىشە قىلساڭ، ئەي جەۋان،
دۇست تۇتارلار جۇملەئى خەلقى جەھان.
قىلما دۇنيادارلارغە باشىڭنى فەست،
گەر قىلۇرسەن ئەتكۇسى ئول تەنگى دەست.

ھەر كىشى دۇنيادا دۇنيادار ئېرۇر،
بىگۇمان ئاندىن خۇدا بىزار ئېرۇر.
مال ئەمەسدۇر جەمئ ئېتەرسەن مارنى،
تا نە قىلغۇڭدۇركى ئول مۇردارنى.
بىل ئۆلۇگدۇر ئىئتىبالى رۇزگار،
ئەي ئوغۇل، بولما ئۆلۇگلەر بىرلە يار.
مالۇ دۇنيا نابكارلارغا ئېرۇر،
ئاخىرەت فەرھىزكارلارغا ئېرۇر.
مالى بىھەد قولۇڭا كەلتۇرەسەن،
ياردۇرۇر كۇنىگە ھەسرەت ئىلە سەن.
زىندە تۇت زىكرىدە دىلنى سۇبھۇ شام،
غافىل ئۆتكەرمە داغى، مەرد، ۋەسسەلام.

تەئرىخقە بىر مىڭ ئۇچ يۇز ئوتتۇز بەش ماھى جەما - دىيەل ئەۋۋەل ئايىنىڭ ئالتەسى ئەردى، بۇ كىتاب تەمام بولغان، يەكشەنبە كۇنى، تۇردى نىياز ھاجىم كىلياڭدىن.

ئۇشبۇ فەندنامەنى ئالىش باشىداقى ئابلانخان ئوغلى نىيازمۇھەممەد ئاخۇند ئون بىر ياشدا مۇسا مۇللاجىمىدىن سەبەقى تەئلىم ئالىپ ئوقۇپ ئۆتكۇز - گەن. سىنە 1343 ـ (مىلادىيە 1925 ـ) يىلى, ماھى رەجەبۇل ـ مۇرەججەب ئايىدا.

(نەشرگە تەييالىغۇچى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىدا)

# ئۇۋەيسى شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇنەۋۋەرە ھەبىبۇللا نۇر

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** جاھان ئاتىن ئۇۋەيسى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئەينى دەۋردىكى قوقان خانلىقى ئەدەبىي مۇھىتىدا يېتىشىپ چىقىپ كۆزگە كۆرۈنگەن مەرىپەتپەرۋەر شائىرەلەردىن بىرى. ئۇ مىلادىيە 1779 ـ يىلى مەرغىلاندا تۇغۇلغان، ئائىلىدە خەت ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئاۋۋال خەلپەت بولغان، كېيىن ئانىسىنىڭ يېنىدا مەكتەپ باشقۇرۇش، ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا ئۇ ئاكىسى ئاخۇنجان ھافىزدىن شېئىرىيەت ئىلمىنى ئۆگەنگەن. ئۇ ئۆگىنىشتە تېز ئىلگىرىلەپ، شائىرە ۋە ئاتىن سۈپىتىدە تونۇلغان. ئاتىن — خاتۇن دېگەن ھۆرمەت نامىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى بولۇپ، مەكتەپلەردە قىزلار ئوقۇتقۇچىسى بولغان مۇئەللىمەلەر، دىن ۋە شەرىئەت بويىچە بىلىملىك ئاياللار شۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئۇۋەيسىنىڭ ئەسلىي ئىسمى جاھان بولۇپ، ئاتىن ئۇنىڭ ھۆرمەت نامى، ئۇۋەيسى بولسا ئەدەبىي تەخەللۇسىدۇر. ئۇۋەيسى شېئىرىيەتتە ئەرۇز ئىلمىنى ۋە مۇئەممما شەكىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن بولۇپ، شېئىرلىرى ئەرۇزنىڭ تۈرلۈك بەھرلىرىدە راۋان، سەنئەتلىك ئىجاد قىلىنغان. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى قوقان ئەدەبىي مۇھىتىغا يېقىنلىشىپ، مۇشائىرە پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان، شۇنداقلا قوقان خانلىقى سارىيىدا نادىرە ۋە باشقا خوتۇن ـ قىزلارغا شېئىرىيەت ئىلمىدىن دەرس بېرىدىغان ئۇستاز بولغان. تونۇلغان شائىرە دىلشات ئاتىننىڭ ئۇچۇر بېرىشىچە، ئۇۋەيسى نادىرە بىلەن بىللە كانىبادام، خوجەند، ئۆرەتېپە، تاشكەنت، ئەندىجان قاتارلىق شەھەرلەرگە بارغان.

بۇخارا ئەمىرى نەسرۇللا 1842 ـ يىلى قوقان خانلىقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇۋەيسى ئۆز يۇرتى مەرغىلانغا قايتىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ يەردە ياشىغان ۋە مىلادىيە 1849 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئۇۋەيسى ئۆزىنىڭ ئىجاد قىلغان لىرىك شېئىرلىرىدىن تۆت دىۋان تۈزگەنلىكى مەلۇم. بىراق، بۇ دىۋانلارنىڭ ئەسلىي قول يازمىسى ھازىرغىچە تېپىلمىغان. ئۇۋەيسى ئىجادىيىتىدە غەزەل شەكلى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، لىرىك شېئىرىيەتنىڭ باشقا شەكىل ۋە تۈرلىرىدە ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلىرىمۇ خېلى كۆپ بولغان. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى كىلاسسىك شېئىرىيەت ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرغان ۋە ئۆز دەۋرداشلىرى ئىجادىيىتى بىلەن زىچ باغلانغان. ئۇ ئەلىشىر نەۋايى، فۇزۇلىي، ئەمىر ئۆمەرخان ۋە باشقا شائىرلارنىڭ غەزەللىرىگە مۇخەممەسلەر يازغان. بۇ شائىرەنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەدەبىي

مىراسلىرى ئىچىدە 269 غەزەل، بىر مۇسەللەس، 29 مۇخەممەس، بەش مۇسەددەس، بىر مۇرەببە، چىستان، ئۈچ پارچە داستان ۋە ئاخىرى تۈگىمىگەن بىر پارچە نەزم قاتارلىقلار بار.

ئۇۋەيسىي كىلاسسىك ئەدەبىيات نامايەندىلىرى تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيەۋى قاراشلارنى ئىلگىرى سۈرىدىغان گۈزەل ۋە يېقىملىق ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، ئىنسان گۈزەللىكى، ھايات گۈزەللىكىنى قىزغىن كۈيلىگەن. پاك ئىنسانىي مۇھەببەتنى، مېھىر - ۋاپا، دىيانەتنى، ئۆزئارا ئىناقلىق ۋە ئىنسانىي قەدىر - قىممەتنى ئۇلۇغلىغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكۈزۈلگەن ئاجايىپ نازۇك تۇيغۇلار كىشى قەلبىنى ئىختىيارسىز مەپتۇن قىلىدۇ. ئۇۋەيسىي ئەسەرلىرىدىكى لىرىك قەھرىمان كىشىلىك ئەخلاقنى، ھايات گۈزەللىكلىرىنى قىزغىن سۆيگۈچى بىر دانىشمەن ئاشىق، بىر گۈزەل ھېس - تۇيغۇ ئىگىسى، ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ، ۋەتەن - خەلقنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىدىغان، مېھىر - مۇھەببەت، ۋاپا، ساداقەت يولىدا بارلىقىنى ئاتاشقا تەييار تۇرىدىغان بىر پىداكار ئىنسان سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىستېداتلىق شائىرە ئۆزى ھايات ۋاقتىدىلا ئۆزىنىڭ گۈزەل لىرىكىلىرى بىلەن زاماندىشلىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىغا ئېرىشكەن.

ئۇۋەيسىي مىراسلىرى ئىچىدە لىرىك شېئىرلاردىن تاشقىرى يەنە قايناق لىرىك تۇيغۇلار بىلەن يۇغۇرۇلغان ئېپىك ئەسەرلەرمۇ بەلگىلىك سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىسلامىيەت تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقەلەرگە ئالاقىدار بولغان «شاھزادە ھەسەن» ۋە «شاھزادە ھۈسەين» قاتارلىق ئېپىك ئەسەرلىرى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى تارىخىي ۋەقەلەرنى يورۇتۇپ بېرىشكە بېغىشلانغان «ۋاقىئاتى مۇھەممەد ئەلىخان» ناملىق تارىخىي داستانى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

ئۇۋەيسىي ئەسەرلىرى ئۆزىنىڭ تىرەن مەزمۇنى، گۈزەل بەدىئىي سەنئىتى بىلەن شۆھرەت قازىنىپ، خەلق ئىچىدە كەڭ تارالغان. مۇقاملارغا ۋە خەلق ئاھاڭلىرىغا سېلىنىپ، ھاپىزلار، سازەندىلەر تەرىپىدىن كۈيلىنىپ كەلگەن. ئۇنىڭ يېقىملىق ئاھاڭلارغا سېلىنغان گۈزەل لىرىكىلىرى ئۆزبېكىستاندا تارقىلىپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقلىرى ئارىسىدىمۇ كەڭ تارقالغان. كىچىك ۋاقىتلىرىمدا يەكەندە ئۇۋەيسىي شېئىرلىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇيدىغان مېھرىنىساخان ئايىم ئىسىملىك بىر ئەمما ئايال بولىدىغان. يەنە ئۇۋەيسىي شېئىرلىرىنى چالغۇلار بىلەن كۈيلەيدىغان پېشقەدەم سازەندىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇۋەيسىي ئەسەرلىرى يەنە ناشىرلار، خەتتاتلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىغىمۇ ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇلار ئۇۋەيسىي شېئىرلىرىنى تۈرلۈك بايازلارغا كىرگۈزۈپ تارقاتقان ۋە مەخسۇس توپلاملىرىنى تۈزگەن. بۇ بايازلار ۋە توپلاملار ئۆز ۋاقتىدا ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىگىمۇ خېلى كۆپ تارقالغان بولۇپ، رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقلىرى ئىچىدە قولدىن قولغا ئۆتۈپ ئوقۇلۇپ ۋە كۆچۈرۈلۈپ تۇرغان. بۇ خىل قول يازمىلار ۋە ئاھاڭغا سېلىنغان ئەسەرلەردىن كۆپىنچىسى تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا يوقىلىپ كەتكەن ياكى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ساقلىنىپ قالغان بايازلار ۋە بەزى تەرمە خاتىرىلەردە بۇ شائىرەنىڭ بەزى شېئىرلىرىنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇۋەيسىينىڭ خەتتاتلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن دىۋانىنىڭ ئۈچ نۇسخا قول يازمىسى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ۋە ئەندىجان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. تۆۋەندە ئۇۋەيسىي شېئىرلىرىدىن ئازراق نەمۇنىنى ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا سۇندۇم.

*　　　　　　　　*

گۈلشەنى دەھر ئىچرە بارچە شادۇ قايغۇدۇر ماڭا،
كىم نەسىب ئولغان ماڭا ھىجرانى گۈلرۇدۇر ماڭا.
ئەلگە بوستانى كەرەمدىن مەرھەمەت جارىي ئېتەر،
بىمۇرۇۋۋەت سەنگ دىل دائىم جەفاجۇدۇر ماڭا.
قايدا بىر بىگانەنى رام ئەتكەلى شىرىن زەبان،
ئاشنالىق مەترەبىدە كۆردى بەدخۇدۇر ماڭا.
مەست ئولۇپ دارالىغ ئەتتىم دەير ئارا، تاپتىم نەسىم،
بەرگەن ئىلكىمگە قەدەھ زۇلفى سۇمەنبۇدۇر ماڭا.
ئىستەدىم مەن ئانچۇنان بىدارلىغ تاغىدا دەپ ،
نېچەكىم فەھم ئەيلەدىم مىئراج ئۇيقۇدۇر ماڭا.
سەن جەراھەتلىغ كۆرۈپ جىسمىمنى مەنئ ئەتمە، ھەكىم،
تۇفراغى بۇ تەنلەرىم زەخمىغە دارۇدۇر ماڭا.
ئەيشدىن ئىلكىن ئەگەر يۇۋسە ئۇۋەيسىي، نې ئەجەب،
ئىككى ئالەم ئەيشكىم بىر كاسەئى سۇۋدۇر ماڭا

*　　　　　　　　*

ئىستەدىم جانانەنى جاندىن كېچىب ھىرمان ئارا،
بولدى پەيدا ئاخىرى بۇ دەردى بىدەرمان ئارا.
رەۋشەن ئولماس كۆزلەرىم دەرمەن ئانى يەلدا تۈنى،
بولماسالىڭ، ئەي كۆزلەرى كەۋكەب، مەھى تابان ئارا.
ئىشق ئوتىن ئوكسىتمەگىل، ئەي دىل، خەيالىڭ خامدۇر،
ھىچ بولغايمۇ ۋىسال ئۇممىدىكىم ھىجران ئارا.
تالىب ئەرسەڭ كىرىپكىڭ بىربىرىغە نامەھرەم ئەت،
مەتلەبىڭ شايەد ئېتەر ھەق ئەيلەگەن ئىھسان ئارا.
جارىي بولدى باغرى خۇنابىم باغىر خۇنابىدىن،
تاشلاغىل، يا رەب، ئەگەر بولسۇن ھەلاك ئۇل قان ئارا.
كىم جۇنۇن تۇمارە بەركىتتىم مۇھەببەتدىن ئەسەر،
نافە بۇيى تا قاچان تەمكىن قىلۇر پىنھان ئارا.
خانەئى دىل بۇزغالى ئالسا مەلامەتدىن تەبەر،
كۆزگە، ئەي ۋەيسىي، چىقار ئابادلىغ ۋەيران ئارا.

*　　　　　　　　*

بولدى جان پەيدا ئاڭا ھەركىم بولۇر جاندىن جۇدا،
كىمكى مىھرى ياردىن تا نۇرى ئىيماندىن جۇدا.

كەچتىم ئۇل سىر بەھرىدىن، كەچتىم جەھان رەئناسىدىن،
ئۇشلاساڭ دامان قىل، ئىلكىڭنى داماندىن جۇدا.
ئارزۇ دىيدەارى سەن غەرق ئەت تەئەللۇقاتنى،
كۆز دىمەسلەر بىر نەفەس تا بولسا گىرياندىن جۇدا.
تىل ئەگەر مەزكۇرلىغدا ئولسا نادانلىغ بۇ دەم،
كارۋان يولدىن ئاداشقاي ماھى تاباندىن جۇدا.
لەيلىغۇەشلەر فۇرقەتىدە بۇلھەۋەسلەر كۆپ ئېرۇر،
مەجنۇن ئەرمەس گەر ئېسە ۋەسل ئىچرە ھىجراندىن جۇدا.
بۇ ھەقىقەت گەۋھەرىغە، ۋەيسىي، مەخزەندۇر كۆڭۈل،
سەبر مىفتاھىنى قىلما كۆھى دەنداندىن جۇدا.

*　　　　　*

كىرمەسەم مەيخانە ئەھلى ئىچرە ئەرماندۇر ماڭا،
كىرسەم ئەغيار ئىلكىدىن باغرىم تولا قاندۇر ماڭا.
بولماسا ۋەسلىڭ مۇيەسسەر ئەيلەمەن دىلدىن دەرىغ،
ھەجر شامىدا خەيالىڭ ماھى تاباندۇر ماڭا.
ئىشق ئوتىدا كۆيدۇم، ئۆرتەندىم فىراقىڭ شامىدا،
ۋەسل چاغىدا نەچۇنكىم داغى ھىجراندۇر ماڭا.
بۇزدى نابۇنيادلار ئازار ئىلە دىل مەسكەنىن،
ئۇل سەبەبدىن ئالەمى ئاباد ۋەيراندۇر ماڭا.
غەير ئېلى، شاد ئولماغىل، بولدۇم كۆرۈپ غەم سۇبھىسىن،
ياغدۇران باشىم ئۇزە كەجرەۋلى دەۋراندۇر ماڭا.
ساقىيا، مەي تۇت فىراق ئىچرە تەلەب قىلمىش ئەجەل،
مەستلىغدە جاندىن ئۆتمەكلىككە ئاساندۇر ماڭا.
ئارزۇيى ۋەسلى جانان ئولسا، ۋەيسىي، ۋەھ، نە ئەيب،
بەرمەدىم جان ئالدىدا دائىم پۇشەيماندۇر ماڭا.

*　　　　　*

ئايتايىن، لۇتف ئىلە سور، دۇست، بۇ ھالىمنى ساڭا،
تاپشۇراي سورماساڭ ئەھۋالى ۋۇبالىمنى ساڭا.
ۋەسلىڭ ئۇممىدىدە نۇن بولدى فىراقىڭ يۈكىدىن،
بولمادى تەئسىرى ھېچ بۇ قەددى دالىمنى ساڭا.
ياندۇر، ئەي، شەمئى ۋىسالىڭ مەنى پەرۋانە ئۇچۇن،
سەدقە ئەيلەيكى بۇ ئاقشام پەررۇ بالىمنى ساڭا.
بۇ مۇھەببەت ھەرەمى ئىچرەكى ھىرمان ئىلە مەن،
دىمەدىڭ كۆرسەتەي، ئەي شوخ، جەمالىمنى ساڭا.

كۆيۈڭا بارماقا خارىجدۇر ئىلىك بارماقىدىن،
تۆھفە ئەيلەي رەڭگى زەرد ئەشك ئىلە ئالىمنى ساڭا.
زاھىدا، مەئلۇم ئېتەي ئۆزردۇرۇر تائەتىڭە،
ئىشق ئارا دەرد چەكەن ھالى مەھالىمنى ساڭا.
تاپسا گەر ۋەيسىي سېنى، ئەي ھۆكەما، بولما مەلال،
كىمە دەي، ساڭا دېمەي دەردى كەشالىمنى ساڭا.

* *

جانان سارىدىن كەلمىش، ۋەھ، غەممۇ ئېكىن ئايا،
ئەرزىمنى ئېشتىمەككە ھەمدەممۇ ئېكىن ئايا.
دەريانى بۇيان سارى مىرئاب رەۋان ئەتمىش،
ۋەسلىنى تىلەپ چەشمىم پۇر نەممۇ ئېكىن ئايا.
دەرمەن كۆتەرىپ باشىم جەبرى ماڭا يەكسەر چۈن،
ئۆزگە قۇلىغا جەبرى دەم دەممۇ ئېكىن ئايا.
جانان سىفەتىن دەرگە ئاجىز بۇ زەبان بىلمەن،
جا تاپتى بارى كۆڭلۇم ئالەممۇ ئېكىن ئايا.
ئايدىمكى ستەمكارە، مەندىن ئۆز ئېرۇر ئەغيار،
ئايدى، بۇ زەمان ئۇل شوخ مەھرەممۇ ئېكىن ئايا.
بىر داغ سالىپدۇركىم لۇتق ئەتمەگەنىدىنمۇ،
تا ۋەقتى جۇدالىغدىن ماتەممۇ ئېكىن ئايا.
بىھۇدە جەفا چەكمە، ۋەيسىي، نېگە ئەغيارە،
تا ئەھد ئىلە پەيمانى مەھكەممۇ ئېكىن ئايا.

* *

قاۋدى كۆيىنى ئىتى ئالدى بۇ ئاھىمدىن ھەۋا،
خىرقەئى جۇلىدە ئەھۋالى تەباھىمدىن ھەۋا.
لەختە لەختە باغرىمى قانىن يالاغىغا قويۇپ،
ئۆتتىم ئاندىن تۆھفە ئەيلەپ رەڭگى كاھىمدىن ھەۋا.
كۆردى سايەمنى رەقىبلەر سۇردى ئالدىغا سالىپ،
مەن گەدانى مەھرۇم ئەتتى تاپتى شاھىمدىن ھەۋا.
نېچە كۈن تۆكتىم تەرىقەت يولىدا ئەشكىم سۈيىن،
ئىشق بوھتان ئەيلەمەكلىغ گەردى راھىمدىن ھەۋا.
دائىما ھەجرىن تۈنىن تارىك بىلە ئالماس كۆزىن،
نە ئۇچۇن مەتلۇئى سۇبھى گاھ-گاھىمدىن ھەۋا.
قەترەئى مەي قىيمەتىن ساغىرغە ساقىي تولدۇرۇپ
قۇيدىكىم، مۇغبەچچەئى ئۇل دەستگاھىمدىن ھەۋا.

خالۇ خەت يادىدا دىلدارىم ئولۇپدۇر سەبزەزار،
ئۇل سەبەب فەسلى بەھارىڭ بارگاھىمدەن ھەۋا.
دىمەگىل مەھۋەش يەتۇردىڭ فىكرىمى ھىجران تۈنى،
نىگە يەتسۇن تۇن ئارا، ئۇممىدى ماھىمدىن ھەۋا.
دىل قۇشى پەرۋاز ئېتەر گۇل رۇخ مەكانىغا بۇ كۈن،
بالۇ پەر ئەيلەپدۇرۇر پۇشتى پەناھىمدىن ھەۋا.
ۋەيسىي، سۇلتان ئولسا بۇل ساغەر مەيىدىن مەست ئولۇپ،
كىم مەنى يۇسۇف ئەزىزى مىسىر جاھىمدىن ھەۋا.

* *

يار بىر سائەت مېنى ھۇسنىغە مېھمان ئەيلەسە،
كۆڭلۈمى زىندانە سالغۇم يانا ئەرمان ئەيلەسە.
ئەي دىلا، كۆپ چەكمەگىل مېھنەت ئاياغىدا ئەلەم،
شايەد ئۇل دۇشۋارىنى ھەق بىزگە ئاسان ئەيلەسە.
شانە ئۇرسام غەير زۇلفىغا چاقۇلسۇن قوللارىم،
قايسى بىر مەششاتە ھەم زۇلفىڭ پەرشان ئەيلەسە.
يەتمەيىن مەقسەدگە ئۆزگە ئىشققە ئولسام سوۋار،
ئويناتىپ ئىشقىڭ سەمەندىن كىمكى تۇغيان ئەيلەسە.
مەھرەم ئولسام خەلق ئەسرارىغا مەن مەھرۇم ئولاي،
كىم ھەرىمىڭ سىررىنى ئەغيارە ئەئيان ئەيلەسە.
غەيرغە ئولسام غۇلام ئولسۇن باشىم تەندىن جۇدا،
بەندەلىغدە كىمكى تەۋقىڭنى گىرىبان ئەيلەسە.
تاڭ ئەمەس لەئلىڭ مەسىھىدىن ئۇۋەيسىي تاپسا جان،
جاننى ئەبرۇ ھىلالىڭ سارى قۇربان ئەيلەسە.

* *

كەلمەگەي فەرھادۇ مەجنۇن ئالەمە ئىبرەت ماڭا،
لەيلىيۇ شىرىنكى، سەن كۆپ قىلماغىل مىننەت ماڭا.
ئەي سەلامەت ئەھلى، ھەمسۇھبەتلىغ ئەتمە ئىختىيار،
ھەمدەمىم مېھنەت، ئىشىم كۇلفەت، غەمىم ئۇلفەت ماڭا.
قىلماغىل ئەندىشە دەردىمغە مۇئالىج، ئەي تەبىب،
چىقتى بىر بىھبۇددىن بىلگىلكى مىڭ مېھنەت ماڭا.
فارىغ ئەت دىلدىن سەھابى شىركنى، ھەقنى غەمىن،
يار دەردىدىن سۇمۇرمەكلىك مەيى ۋەھدەت ماڭا.
ناسىھا، بەرسەڭ سەمەد تەئلىمىنى زىكرى زەبان،
يانا يەتسە ئۇل سەنەمغە ئەفۋ قىل ئادەت ماڭا.

رەشك جەللادى كېلىپ ھەر كۈندە جەبر ئەيلە دېگەي،
باشىڭى تەندىن جۇدا ئەتمەككە قىل رۇخسەت ماڭا.
مەنىڭ قەسد ئەت دامەنى ۋەيسىي تۇتارغا، ئەي ئەجەل،
شايەد ئۇل مەقسۇد شەھ يەتكۈرسە بىر مۇھلەت ماڭا.

* *

يار شەۋقىنى چېكەرمەن دائىما مەسكەن ئارا،
قىلماسۇن تەڭرى جۇدا ئۇل مەرقەدۇ مەدفەن ئارا.
لەيلى كۈيىندا كۆرۈپ مەجنۇننى تەھسىن ئەتمەگىل،
ئىشتىياقى بىرنى مۇزمەر ئەيلەمىش ئاھەن ئارا.
بىلمەگىل فەرھادۇ شىرىندىن، سەمەندەر قۇشنى كۆر ،
ياستانىپدۇر ئىشق سەۋداسى ئۇچۇن گۈلخەن ئارا.
تالىب ئەرسە ھەركىشى مەتلۇبىدىن ئەرمەس يىراق،
كۆزگە تەنھادۇر ۋەلېكىن تاكى پىيراھەن ئارا.
رەشك بادى كۆڭلۈم ئىچرە قىلدى تەننى كۆپ مەغاك،
زاھىدا، مۇمكىن نەمازىڭ زەخمىدىن رەۋزەن ئارا.
سورماغىل كۆڭلۈمنى ھەر ياندىن مەنىملە كۆرمەسەڭ،
دىلنى جا ئەتتى ئۇۋەيسىي فىكرى سىمىن تەن ئارا.

* *

ئۆگۈر جەبرە قوشۇپ، ئەي چەرخ پۇرتابىڭگە سەللەمنا،
ئۆزۈڭنى كەم ئېسە ئازار ئەھبابىڭگە سەللەمنا.
كۆزۈم ياشىن نۇغۇل ئەتتىم تاپاي دەپ قەترەئى ۋەسلىڭ،
كى ئەفسۇن ئەيلەگەن چەشمىڭنى ئۇل خابىڭگە سەللەمنا.
ئۇمىدىم ياردىن بىر جۇرئە ئىچسەم غەير ئىلكىدىن،
بۇ كۈن بۇ كاسەئى زەھرىڭدەكى ئابىڭگە سەللەمنا.
غەزەب دەرياسى جۇش ئۇرسا ھەقارەت ئەيلەسەڭ، ئەي شۇخ،
دېگەيمەن، ئەي سەنەم، ئۇل دۇررى نايابىڭگە سەللەمنا.
رۇخۇڭ ئۇزرە ئىككى گىسۇيى شەبرەنگىڭنى زۇننار ئەت،
دېمەسمۇ ئارىفۇ زاھىدكى قۇللابىڭگە سەللەمنا.
مۇسەننىف شەھلەرى تاج ئەتسە تاڭ يوق گەۋھەرى نەزمىڭ،
دېدىڭ ۋەيسىي دىلۇ جان بىرلە ئەلقابىڭگە سەللەمنا.

* *

قىلدى ئۇل مەشرىق سارىدىن ئۆزنى ئىزھار ئافتاب،
نە ئۇچۇنكىم ئىزلەگەي ھەر روز دىيدار ئافتاب.

چەرخ زەرفىغە قويۇپ ئاغزىن يۇتار ھەر كۈندە قان،
شام ۋەقتىدە شەفەق بەلگۈردى خۇنبار ئافتاب.
كېچە ئىزلەر، كۈندۈز ئىزلەر، ۋەھكى، بىردەم تىنمايىن،
چەرخ ۋادىسىدا مەجنۇنى جىگەر خار ئافتاب
بىنەسىبلىك دەپ ئېيدىم بىر مەندۈمەن ھەر رۇزۇ شەب،
مەن كەبى، جانا، يۈزۈڭ كۆرمەككەدۇر زار ئافتاب.
مەن نېچۈك مەجنۇن كەبى رەسۋايى ئالەم بولمايىن،
چەرخ ئۈزە رۇخسارى ماھىڭغە گىرىفتار ئافتاب.
دۇست دەپ تۇتتۇم ئېتەكىن ئۇل فەلەك غەددارىنى،
شەتتە ئۇردى كەتتى مەغرىب، تاپتى ئازار ئافتاب.
ۋەيسىي، باشىڭ ئۈزرە قوي خۇرشىد تەلئەت يارنى،
بىلمەدىڭمۇ زەررەلەر باشىندا دەستار ئافتاب.

* *

جۇملەئى ئۈششاقە، ئەي دىلبەر، جەمالىڭ ئافتاب،
تا نىھان ئەتمەككە ئۇل شەبرەنگ تارىڭدۇر ھىجاب.
قىلمامىش تەفرىقە كەسبىدىنكى لۇتفى غەيرەدۇر،
ئۈزگەلەر شادابدۇركىم، ئۈز گەداسىدۇر خەراب.
جان ... مەيخانە ئىچرە رەھم دىلدۇر پىرى دەير،
تەڭرى كۆرسەتمە بەناگەھ مۇھتەسىبلەردىن ئەزاب.
ساقىيا، لەب تەشنەلەردىن قىلما ساغەرنى دەرىغ،
لەخچەئى رەشك ئاتەشىگە دائىما باغرىم كەباب.
مۇردە جان تاپقان ئېدى نۇتقى مەسىھادىن مەسىھ،
نېگە قىلماس باغرىمي قان فۇرقەتى ئۇل لەئل ناب.
نۇتقى پاكىڭنى شەكەررىز ئەتمە كۆپ، قىل مۇئتەدىل،
شەھدكىم بىگانەيە، تەلخ ئاشنالارغا ئەزاب.
چۇن تەۋەككۇل فوتاسىن باغلا، ئۈۋەيسىي، يولىدا،
تەگسە مىڭ كۈلفەت باشىڭگە، ئەيلە جىسمىڭنى تۇراب.

* *

مۇرغى جان دەم ئۇرا ئالماسكى گۈلىستان ساغىنىپ،
مەردۇمى كۈز كۆرە ئالماس مەھى تابان ساغىنىپ.
يۈرمەدى نەزم ھۇرۇفىغە زەبانىم تاراغى،
ئەنبەرەفشانلىغ ئىلە زۇلفى پەرىشان ساغىنىپ.
ساقىيا، تەشنە لەب ئۇلمىشدۇ مەسىھا مەينى،
قەدەھى دىل، خەبەر ئال بولدى تولە قان ساغىنىپ.

تەركى بەزم ئەتتى خەرابات ئىچرە مەي ئۆكسۈكىدىن،
ساقىي، ئال قولغا قەدەھ بولدى پۇشەيمان ساغىنىپ.
چەكتى تەسۋىرىڭى نەققاشى ئەزەل جەننەت ئارا،
قىلسا تائەت نە ئەجەب زۆھد ئىچرە غىلمان ساغىنىپ.
جانە جەبر ئەيلەپ، ئۆۋەيسىي، رەھىغە قويما قەدەم،
كى ئەزىز باشىنى گۆي ئەيلەدى چەۋگان ساغىنىپ.

* *

كۆزۈمگە دەرد ئەرۇسىن مۇندا زىيبا ئەيلەگىل، يا رەب،
قىيامەت كۈندە مەھبۇبىم ھۇۋەيدا ئەيلەگىل، يا رەب.
بۇ كۈن مەن نۇش ئېتەي غەم زەھرىنى ئەفلاك زەرفىندە،
مەيى ۋەھدەتنى سەن ئاندا مۇھەييا ئەيلەگىل، يا رەب.
مۇكەررەر دۇنيانى لەئلۇ جەۋاھىر گەۋھەرى پاكىن،
ئۈمىدىم بۇ كۆزۈمگە سەنگى خارا ئەيلەگىل، يا رەب.
ئەگەر مىڭ تىل بىلە قىلسا مەلامەت زاھىدى دانا،
سەلامەت قىل ئۆزىن يۈز ئانچە دانا ئەيلەگىل، يا رەب.
كى كۈندىن كۈن فۇزۇن گەر بولسا دەردى يۈز ئۆگۈرمەسمەن،
يۈز ئانچە دەردى مەغمۇن ئولسا بەرپا ئەيلەگىل، يا رەب.
يۈزۈمگە تەئنەئى تەئزىرنى كاج ئۇرسا ساغ ئەھلى،
داغى ھەم بولسا مەجنۇنلۇغدا رەسۋا ئەيلەگىل، يا رەب.
تارىپ ھەسرەت گۈلىن كەتتى ئۆۋەيسىي دەھر باغىدىن،
خەزاندىن ئاسرابان ئۇل گۈلنى رەئنا ئەيلەگىل، يا رەب.

* *

قاچان كۆرسەمكى مەھبۇبىم ئەلىندە جام ھەر سائەت،
كۆزۈڭدىن مەستلىغ زاھىر يۈزۈڭ گۈلفام ھەر سائەت.
مۇھەببەت شەۋقىدىن سىماب ياڭلىغ جىسمى ئۇريانىم،
بىلۇرمەن ئاستانىڭ تۇفراغى ئارام ھەر سائەت.
يۈزۈڭ گۈل، قاشلارىڭ يا، كىرپىكىڭ كۆز ئوقلارىڭ،
پەرىشان كاكۇلۇڭ ئۇششاق ئىلىگە دام ھەر سائەت.
كۆكۈلنى ئىشۋە تارى بىرلە يانا باغلاماق نېدۇر،
ئەزەلدە دانەئى مىھرىڭ تاتىپدۇر رام ھەر سائەت.
كۆكۈل زەرفىگە ئىشقىڭ شەربەتىنى ساقى قۇيغان چۇن،
ماڭا مەفھۇم ئولۇر سىنغان سەفالىڭ جام ھەر سائەت.
كى بىر دەم مەنىڭ بولسا ماھى پەيكەرنى خەيالىكىم،
بەرابەردۇر ماڭا چۇن سۇبھ بىرلە شام ھەر سائەت.

باشىمغا ھەر بەلاۋۇ كۈلفەتنۇ مېھنەتنى سالماقچۇن،
ماڭا تا قويدى خىش نامىم ئۇۋەيسىي نام ھەر سائەت.

*　　　*

تەغافۇل بىرلە قان تۆكمەكلى مۇژگانىڭگەدۇر ئادەت،
زەبىھىڭ چۇستۇ چالاك ئۇلدى فەرمانىڭگەدۇر ئادەت.
مەنى گۇمراھنى مەردۇد ئەيلەمە كۆيۈڭدىن، ئەي دىلبەر،
خەلىل ئاسا تەمەئ قىلماغلى مېھمانىڭگەدۇر ئادەت.
كۆزۈمگە گەردى پايىڭ تۇتىيا قىلسام ئەجەب ئەرمەس،
كۆڭۈل قەيد ئەيلەمەك چاھى زەنەخدانىڭگەدۇر ئادەت.
تۇشۇپ تەشۋىش كۆڭلۈمگە پەرى تەلئەت، مەلەك سىيما،
بولۇپ جىسمىم ئوتۇن ئىشقىڭدا سۇزانىڭگەدۇر ئادەت.
كۆزۈم دىۋارسىز خارىڭنى ئاسرا ھەجر ئوتىدىنكىم،
سۇۋ سەپكەندەك بولۇر ئۇل خار گىريانىڭگەدۇر ئادەت.
ئۆلۈس، ئازارىڭى يىغما، مېنى ھالىمغا رەھم ئەيلەپ،
بۇ دىل مىئمارىكىم ھەر دەمدە ۋەيرانىڭگەدۇر ئادەت.
كۆزۈمگە ئايۇ كۈن بولمىش فەلەك ئۇزرە ئىكى كەۋكەب،
نەچۈن ۋەيسىي كۆزى خۇرشىد تابانىڭگەدۇر ئادەت.

*　　　*

تەنىم زەخمىغە دۇستلار ناۋەكى نازۇك بەدەن بائىس،
بولۇپمەن خىرقەئى جۇلىدە ئۇل گۇل پىرەھەن بائىس.
ئەجەبمۇ كۇلبەئى مىئمارىما ۋەيرانەلىغ يەتسە،
مۇرەسسەئ غەم بىلەن بولغانكى بۇل بەيتۇلھەزەن بائىس.
رەقىبىم ئالدىدا رەشك ئىلە قەتل ئولسام ئەجەب ئەرمەس،
نېچۈنكىم لەئلىدىن زاھىر ئولان دۇررى ئەدەن بائىس.
ئەگەر تالىب ئىبسەڭ ئىخراج جامىئ ماسىۋادىن بول،
كى مەتلۇبىڭگە يەتمەسلىككە ئۇل گۇرۇ كەفەن بائىس.
دېدىلەر ئۇشبۇ مەزمۇن دائىما ۋەيسىي قەرەندەك شاھ،
بۇ سۆز ئىزھارىغا ۋەيسىي غەرىبى بىۋەتەن بائىس.

*　　　*

بۇ ھىجران زۇلمەتى ئىچرە نەچەلەر ماھغا مۇھتاج،
ئەجەب ئەرمەس مەنى گۇمراھلار ئاگاھغا مۇھتاج.

چىقارماي ھاجەتىمنى خەتم قىلما تەڭرىدىن قورقۇپ،
بىلۇرمۇسەنكى ھەر ۋەقتى گەدالار شاھغا مۇھتاج.
يۈزۈڭدىن مەنى قىلما كۆزلەرىمنى نۇرى دىيدەمسەن،
نېچۈنكىم كۆز قەدەم يولىغا قويسا راھغا مۇھتاج.
كى ئەسلا، زاھىدا، كۆپ بولماغىل سەن تائەتىڭگە قۇل،
مۇبادا بولماغايسەن ئاندا شاھەنشاھغا مۇھتاج.
تاڭ ئەرمەس قەترەئى مەي ئىچسە ساقىي ئىلكىدىن بۇل دەم،
ئۇۋەيسىي ئۆزنى ئەيلەپ ۋاسىلى دەرگاھغا مۇھتاج.

*     *

قايسى قۇلدۇر قىلماغاي سەرۋى خىرامانىڭنى ياد،
قايسى بۇلبۇل قىلمادى زۇلفى پەرىشانىڭنى ياد.
ئىكتىساب ئەيلەپدۇ ھۇسنۇڭ سەبزەسىدىن پۈتمەگەن،
قايسى فەسلىنىڭ بەھارى خەتتى رەيھانىڭنى ياد.
قاشلارىڭ سەۋداسىنى باشىمغا رىفئەت ئەيلەدىم،
قىلماغانكىم ئىيدى رۇخسارىڭدا قۇربانىڭنى ياد.
ئۆزگەلەرگە لۇتفى ئېھسانىڭنى يەتكۈرگەندەكىم،
ھېچ قىلماسسەن مېنىڭدەك زارۇ ھەيرانىڭنى ياد.
رەشكىدىن جانىم تەرەددۇد ئەيلەدى ئۇقباغا ئەزم،
ئەيلەگىل، ئەي شوخ، مەندىن ئۆزگە ئەرمانىڭنى ياد.
گەرچە خۇد رۇ يولىغا تەئلىمسىز ئاداشقاي راھدىن،
ۋەيسىي، ھەق يادىدا بول، ئەيلەپكى جانانىڭنى ياد.

*     *

سېنىڭدەك شاھغا مەندەك غەرىبى بىنەۋەتەن يىغلار،
سەبەب ئۇلدۇر، كۆرۈپ ئەھۋالىمى بەيتۇلھەزەن يىغلار.
گۈلىستان ئىچرە گەرسەم سۇرەتى بۇلبۇل ئېتىپ ئۆزنى،
فىغانۇ نالە قىلسام ئۆرتەنىپ، ۋەھكىم، چەمەن يىغلار.
ئەگەر دەردى دىلىم ئىزھار قىلسام بەزم ئاراسىدا،
قەرارۇ سەبر ئېتەلمەي ئۇلفەتۇ ھەم ئەنجۇمەن يىغلار.
تېگىپدۇر ناۋەكىڭدىن نەچچە ئۇق جىسمىم ئارا پىنھان،
تەنىمنى بىئەدەد زەخمىن كۆرۈپ بۇل پىرەھەن يىغلار.
نىقابى يۈزلەرىڭ زۇلفۇڭنى تەبرەتسە تاڭ ئەتمەس گەر،
مۇكەررەر بولماغايمەن دەپكى ئاھۇيى خوتەن يىغلار.
كەل، ئەي ساقىي، بۇ كۈن رەھم ئەيلەگىل مەخمۇر ئەھلىغە،
كى مەي خۇممارى بىرلە ئۆلسەم ئۇل گۆرۇ كەفەن يىغلار.

ئۆۋەيسىي، يىغلاماقدىن مەنئ بولماغلىغ نە بائىسدۇر،
جەفاۋۇ جەۋرىڭى تارتىپ ئۇشال ۋەيسىي قەرەن يىغلار.

* *

كۆڭۈل سەيد ئەتكەلى بىر قاتىلى جانانەۋار ئوينار،
ئانىڭ ئالدىداكىم كۆڭلۈم قۇشى دىۋانەۋار ئوينار.
ئىچىپدۇر تا مەيى ۋەھدەت ئەزەل ساقىيسىدىن ئول كۇن،
ئانىڭچۇن ئىلكىن ئاغزىنا تۇتۇپ مەستانەۋار ئوينار.
ئەجايىب هاله سالدىكىم نەفەس دۇر ئولسا مەردۇملار،
كى تا تۇشكۇنچە ئەشكىم يۇز ئۇزە دۇردانەۋار ئوينار.
مەلەكدۇر يا بەشەردۇر، يا پەرى نە زاددىندۇر ئۇل،
قىلىپ ئۇششاقلىغ كەسبىنى ھەم شاھانەۋار ئوينار.
ئۆۋەيسىي، سەنكى يار ئالدىدا ئۆزلۈك ئىختىيار ئەتمە،
دېگەن مېھمان ئەدەب بەتىندە ھەم مېھمانەۋار ئوينار.

* *

بىز غەرىبلەر خانەسىغە ناگەھان خۇش كەلدىڭىز،
ئارىفى بىللاھ ھەم قۇتبى زەمان خۇش كەلدىڭىز.
نەرم رۇخىم مۇشك بۇ، ئىيسا بىلەن ھەم ھەمنەفەس،
تا مەلاھەت بابىدا سەرۋى رەۋان خۇش كەلدىڭىز.
تا جەفاۋۇ جەۋر كۇلفەت بىرلە تەن رەنجۇر ئېدى،
دەردلىغ كۆڭلۈمغە، ئەي ئارامجان، خۇش كەلدىڭىز.
تاپمادىم ئابادلىغنى ئىستەدىم ھەرچەندكىم،
بۇ دىلى ۋەيرانىم ئىچرە ئانچۇنان خۇش كەلدىڭىز.
لەۋھى دىلدىن زايىل ئولماقلىغنى قىلما ئىختىيار،
مېھمانىمسەن مېنى، ساھىبقىران، خۇش كەلدىڭىز.
جانىمى پەرۋانە قىلدىم جىسمىمى فانۇس ھەم،
تالئىم شامىغا، ئەي شەمئى جەھان، خۇش كەلدىڭىز.
مېھرىبانلىغنى تولا ئىزھار ئېتەرسەن غەيرغە،
كۇلبەئى ۋەيسىيغە، ئەي نامېھرىبان، خۇش كەلدىڭىز.

* *

كۆزۈمە مەي جىلۋەسىكىم ئىلكىمە ساغەر ھەۋەس،
جىسمىما شەۋق ئاتەشىكىم كۆڭلۈمە دىلبەر ھەۋەس.
ئەلئەتەش دەپ ھەجر ھەشرىدە يۇرۇپدۇر نەچچەلەر،
دائىما شەھزادەۋەشلەر ئالدىدا كەۋسەر ھەۋەس.

قولزۇمى ئىشق ئىچرە چۆمدۈمكىم ئۈمىد ئەيلەپ ئۈمىد،
دەست كۆتاھدۇر ئەگەرچە تا قىلۇر گەۋھەر ھەۋەس.
بىز گەدالار كىچە-كۈندۈز فەقر مەلبۇسىن تىلەر،
شاھ سىمىنتەن قىلۇرلار ئۈل زەرۇ زىۋەر ھەۋەس.
ۋائىزا، تەكلىفى مەنئ ئەتمە مۇھەببەت يولىدىن،
بىزگە ئۈل مىھرابى ئەبرۇ ساڭادۇر مىنبەر ھەۋەس.
تاڭ ئەمەس ۋەيسىي مۇھەببەتدە گەدادەك بەرسە جان،
ئىشق كەسبىن ئەيلەگەيلەر مىرۇ سۇلتانلار ھەۋەس.

*　　　　*

ئەيلەدىڭ ئىزھار بەزم ئارالىغىڭ، ئەي باغرى تاش،
با تەغافۇل دىلبەرىم رەشكىڭ ئېتىپ سىررىمنى فاش.
ئىشق ئارا كۆپ يىغلادىم تۈشتۈم بۇ ھىجران دەشتىغە،
تەڭرى، ئەلبەتتە، بېرۇر كۆپ يىغلاغان كۆزلەرگە ياش.
قاشىغا راغىب ئېسە دىل كۆزى رەشك ئىلە باقار،
بىر كۆڭۈل، يا رەب، نە بائىس ئىككى مەھبۇبە تالاش.
يىغلاتۇر ئۈل كۆز فىراقىدا ھەقىقەتمۇ ئەمەس،
بۇ شەرىئەتمۇ ئەمەس سەجدە قىلۇردا ئەگمە قاش.
ئۈل مەجازۇ بۇ ھەقىقەتمۇ ـ ئەمەس، ئەي پىرى دەير،
ئۈل نەمازۇ بۇ مۇھەببەتمۇ ـ ئەمەس، ئەي خۇردە ياش.
تاڭ ئەمەس زۇھد ئەھلىغە شىرىن سۆزۈم بەرسە، ئۇلۇس،
ئەيلەمىش تەكرار تىنماي تۈنۈ كۈن ئىلمى مەئاش.
يار كۇيىدا ئەزىز ئەتمەڭ مەنى دىلخەستەنى،
ئىززەتى ۋەيسىي بۇدۇر، گۇي ئۇلسا چەۋگانىگە كاش.

*　　　　*

ئۈل جىلۋە مەلاھەت قەدى رەفتارىڭا مەخسۇس،
ھەم نۇرى شەرافەت رۇخى گۇلنارىڭا مەخسۇس.
تا ئەقلۇ فەراسەت دىلى پاكىڭگە ئېرۇر خاس،
ھەم شەھدۇ شەكەر لەب ئارا گۇفتارىڭا مەخسۇس.
ئىشق رەمزىنىكىم سۆزلەدى لاف ئۇردى زەبانى،
سەۋدايى مۇھەببەت سېنى بازارىڭا مەخسۇس.
شەب ـ رۇز مۇدام ئەيلەگەن ئەفغانىمى، ئەي گۇل،
ھەريان دېمەگىل دىيدەئى گۇلزارىڭا مەخسۇس.
تا رەشك غۇبارىغا سەن، ئەي دىل، يۈز ئۆگۇرمە،
گەر بولساكى ئائىنەئى زەنگارىڭا مەخسۇس.

سەيقەل ئۇرۇبان پاك قىلۇر كۆزگۈيى دىلنى،
تا بولغۇسىدۇر ئۇل سىرى ئەسرارىڭا مەخسۇس.
يۇمغىل كۆزۈڭ، ئەي ۋەيسىي، گەر بولسا پەرىۋەش،
تا نۇرى تەجەللىي سېنى دىلدارىڭا مەخسۇس.

*　　*

ئەيلەيىن مەن ئەندەلىبى زار گۇلزارىمغا ئەرز،
غەم بىلەن بولدى قەدىم خەم، سەرۋى رەفتارىمغا ئەرز.
تەلخ كام ئەيلەدىم خەلايىق گۇفتۇ گويىدىن بۇ كۈن،
قاسىدا، سەن ئەيلەگىل نۇتقى شەكەربارىمغا ئەرز.
دۇست دامانىغا يەتمەس ئىلكىم، ئەي پەيكى سەبا،
تا ئاڭا پامالدۇر دەۋلەتلى ئەغيارىمغا ئەرز.
ھۇشى ئىسلامىي كۆتەردى قۇمرىدىن گۇلزارىدا،
بەندلىغ تەۋق ئېرۇر ئۇل كۇفرى زۇننارىمغا ئەرز.
جان تاپار لەئلىن مەسىھدىن ئۇلۇس، ۋەھ، مەن بۇ كۈن،
لېكىن ئۇل ئەنفاسىدىنكىم چەشمى خۇنخارىمغا ئەرز.
ئەل تاپارلار چارە ئەرز ئەتمەككە سۇلتان دەۋرىدە،
نە مۇناسىپدۇر مېنىڭ بۇ كۆڭلى ناچارىمغا ئەرز.

*　　*

ئايا دىلبەرى لەئل نابىم مېنىڭ،
تۆكۇلدى قەدەھدىن شەرابىم مېنىڭ.
تەنىم ئىچرە ياقدىڭ جۇدالىق ئوتى،
كى ئۆرتەندى باغرى كەبابىم مېنىڭ.
قالان ئىنتىزارىڭدا چۈن بىشۇمار،
ئاقاردى بۇ چەشمى پۇر ئابىم مېنىڭ.
فۇزۇندۇركى كۈندىن كۈنە مىھنەتىم،
ناغۇ مۇنچە كۆپىدۇر ئەزابىم مېنىڭ.
كى سەندىنمۇ يا تالىئىمدىنمۇدۇر،
كى مەندىنمۇ بەرگىل جەۋابىم مېنىڭ.
مۇيەسسەر ئېمىش ئاندا مەھبۇب يۈزى،
كى تاكەي تولا ئىزتىرابىم مېنىڭ.
تەۋەھھۇم قىلىلىڭ غەرق ئولاردىن، ئۇلۇس،
بۇ كۈن جارىي باغرى خۇنابىم مېنىڭ.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا)



# ئالتۇن توشقان

بوغدا ئابدۇللا

چەرچەن رايونىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، ئېتىنىك ۋە قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان تەۋەررۈك زېمىن.

تارىختا ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ئۇرۇق ـ جەمەتنىڭ نەقەدەر چوڭ رول ئويناپ كەلگەنلىكى ھەممىگە ئايان بولسا كېرەك.

ھەرقانداق يەرلىك ئالاھىدىلىك ئالدى بىلەن ئۇرۇق ـ جەمەت، تاغ ـ دەريا، يەر ناملىرى، تارىخىي ۋەسىقە، يېزىقلار ھەمدە ھەرخىل ئۆرپ ـ ئادەت مۇراسىملىرى، ئەپسانە، رىۋايەت قاتارلىقلارنى ئۆزىگە ئاساس قىلىدۇ.

بولۇپمۇ چەرچەندە جەمەت سۈرۈشتۈرۈش ئادىتى ھېلىھەم بۇرۇنقىدەك داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇ يەردىكى ئاساسلىق جەمەتلەردىن قۇرۇل جەمەتى، كالا جەمەتى، شاپتۇل جەمەتى، تاماق جەمەتى، تايغان جەمەتى، گۆش جەمەتى، دوك جەمەتى، جۇۋا جەمەتى، مۇمارەك جەمەتى، تەلپەك جەمەتى، قامغاق جەمەتى، سۇۋاغ جەمەتى، ئاقباش جەمەتى، سىدام جەمەتى، جەرەن جەمەتى، چاتاق جەمەتى، تاغ جەمەتى، قۇمۇل جەمەتى، تورپاق جەمەتى، مۇناقا جەمەتى، مۇزەك جەمەتى قاتارلىق جەمەتلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن. چەرچەندىكى يەر ناملىرى، چوقىلار، چېقىنلارغا كەلسەك، بۇلار تۆۋەندىكىچە: مۇناربۇلاق، توققۇزداۋان، كۆكئاتى، سېكىلەكتاش، باشمالغۇن، تۇرا، جان پانانىڭ قېقى، ئايشەم تۇغقان دۆڭ، قاراچوققا، داۋغانلىق، غىششىلىق، قوزۇقىقاقتى، ئىنەكئاققان، جازا، سۇئۇچى، غىششىبۇلاق، يۇسۇپئالىق، ئاقساغىز، قىزىلئۆڭكۈر، شوركۆل، پاتقاقلىق، ئۇزۇنقول، كەڭقول، مىڭبۇلاق، چامبۇلتاش، ئۆڭگۈلۈك، ئەگۈنە، ئۇلۇغسۇ، ئوسماقول، پىيازلىق، داڭلىق، ئۇچئىلى، تۆتئىلى، موللاچاپ، شەلپەرچاپ، جىلدىرخانچاپ، چوڭساي، كۆلساي، چىۋاقتىكەن، قىزىلسۇ، قۇمبويان، جولئاتى، بۇلاقبېشى، مىدا، كۆكمەكلىك، چۆنەكلىك، كاپا، مايسىلىق، مىتىنىڭ داۋىنى، كۆكمەرەن، قارامىرەن، خەششەكلىك، ماندالىقچاپ، ساپا، بوستان، سېغىز ئۆڭگۈ، دەرەخلىمە، نوچىلىق، توغراكۆلەڭ، توغراقالدى، ئاققۇۋورغا، ئاتيايلىقى، تۇنۇك، گەندۇم، مەقۇس، شىرماڭلاي، گۇلغېرىب، توقاي، خىزىردۆڭ، مۆلچەر، ئۆچكە ئۆلدى قاش، خورازماشا ۋە باشقىلار.

بۇ زېمىندا ئالەم ۋە يارىتىلىش ھەققىدىكى تولىمۇ نەپىس ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر ئادەمنى ئۆزىگە تېخىمۇ مەپتۇن قىلىدۇ، ئېتنوگرافىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ قايتا ھاسىل بولمايدىغان ۋە ساقلاپ قالمىسا تېخىمۇ بولمايدىغان بىر بايلىق، بۇ يەنە كېلىپ ئىنسانىيەتنىڭ گۆدەك دەۋرلىرىدىكى ئوي ـ پىكىر، تەسەۋۋۇرلىرىنى ئىزدەش، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ھەمدە بىر ـ بىرى بىلەن سېلىشتۇرۇشتا ناھايىتى قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ سانىلىدۇ.

بۇ يەردىكىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ئالەم

بىر قەترە سۇدىن بىنا بولغانىكەن. زېمىن يارىتىلغاندىن كېيىن، تەۋرەپ كېتىپ توختىمىغاندا، تەڭرى تاغلارنى ياراتقانىكەن، لېكىن تاغلار يەنە لەپەڭشىپ كېتىپ بولمىغاندا، ئۇ ئىككى ياندا ئالتۇن دەريالىرىنى ئاقتۇرغانىمىش، شۇنىڭ بىلەن تەۋرەش ۋە چايقىلىش پەسلىگەنىمىش، شۇنىڭدىن كېيىن تاغلارنىڭ ‹بىز شۇنداق غېرىب يېتىپ كېتەمدىمىز؟› دېگەن نالە - پەريادى توختىغانىمىش. خىزىر ئەلەيھىسسالام چەرچەن تاغلىرىغا ئالتۇن بىلەن گۈل - گىياھلارنى چېچىۋەتكەنىمىش. مۇبادا يەتتە قات تاغنىڭ ئالتۇنلىرى ئېچىلىپ كەتسە، يەر تەۋرەيدىكەن».

ئۇلاردا يەنە يارىتىلىش توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەت بار: «تەڭرى ئادەمنى يارىتىش ئۈچۈن شەيتانغا، مالائىكىلەرگە مەسلىھەت سالغاندا، ئۇلار ‹ئادەم دېگەن گۇناھكار بولىدۇ، گۇناھ ئۆتكۈزۈشىدۇ، ئۇرۇشىدۇ، پاراڭ قىلىشىدۇ، بولدى، ئادەمنى ياراتمىغىن› دېگەنىمىش، شۇنىڭدىن كېيىن مالائىكىلەر يەر - زېمىنغا چۈشىدىكەن، يەر - زېمىندىكى ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخلەر ‹ئادەمنى بىزدىن يارىتىدۇ› دەپ ئۈمىد كۈتۈپ تۇرىدىكەن، قومۇشمۇ كۆڭلىدە ‹مەندىن يارىتىدۇ› دەپ ھەممە دەرەختىن ئېگىز پۇپۇك چىقىرىپ تۇرىدىكەن، تەڭرى شۇ ۋاقىتتا ئادەمنى قومۇشتىن ياراتماي تۇپراقتىن ياراتقانىكەن. قومۇش يەر - زېمىندىكى ئۆسۈملۈكلەر ئارىسىدا تەكەببۇرلۇق قىلغاچقا، ئاخىر بورىيا بولۇپ كەتكەنىمىش». چەرچەنلىكلەر يەنە مۇنداق قارايدۇ، بىر ئادەمدە ئىككى جان بولار ئىمىش، ئادەم ئۇخلىغاندا ھەرگىز ئۇيغاتماسلىق كېرەك ئىمىش، مۇبادا ئويغىنىپ قالسا بىر جان كىرىپ كەلگۈچە، يەنە بىر جان چىقىپ كېتەر ئىمىش. كىمنىڭ يېنىدا قۇشلارنىڭ قانات - پەيلىرى بولسا قورقماسىمىش. ئۇلاردا يەنە چەرچەنلىكلەر بىر زامانلاردا بۇلۇت ئۈستىگە چىقىپ كۆك تەڭرىگە ئىبادەت قىلغان دېگەن رىۋايەتمۇ بار.

چەرچەن بىر قەدىمىي تىلسىمات، بۇ يەردىكى غەلىتە تەبىئەت ھادىسىلىرىنى كۆرمىگەنلەر بىلمەيدۇ، بىلگەنلەر شۇنداق چىرايلىق بايان قىلىپ بېرىدۇكى، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەي قالىدۇ.

چەرچەن تاغلىرىنىڭ ئارقىسىدا بىر ساي بولۇپ، ساينىڭ ئالدى تەرىپىنى توسۇپ تۇرىدىغان ئېگىز بىر چوڭ تاغ بار، ئۇنىڭ ئىسمى چوڭتاغ، ئۇ تولىمۇ ئېگىز بولۇپ، بىر تەرىپى كۈنچىقىشقا سوزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ يەردە بۇلۇتلار ھەر ئەتىگىنى سايغا سوزۇلۇپ چۈشىدۇ، بۇ ئاق بۇلۇتلار سايغا چۈشۈپ، سۇ ئىچىپ قارا بۇلۇتقا ئايلانغاندىن كېيىن، تۆت تەرەپكە قار، مۇز، مۆلدۈر بولۇپ يېغىپ ماڭىدۇ، بۇ چاغدا ئالەمدە كۈننى كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇلۇتلارنىڭ سۈرئىتى ناھايىتى تېز. بوز رەڭلىك بۇلۇتلاردىن مۆلدۈر پەيدا بولىدۇ، قارا رەڭلىك بۇلۇتلاردىن ئاق قار ياغىدۇ. ئادەتتىكى چاغلاردا بۇلۇتلار بىرەر سائەت ئەتراپىدا پەسكە چۈشۈپ سۇ ئىچىپ كېتىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا چوڭ ساينىڭ يۈزى ئېچىلىپ بولىدۇ، بۇ بۇلۇتلار گاھىدا ئىككى كۈندە بىر تۈم ئاقىرىپ كېلىدۇ، گاھىدا كەچقۇرۇن كېلىدۇ، گاھىدا ئۈچ كۈنگىچە كەلمەيدۇ. بەزىدە چېچىلىپ كەتكەن بۇلۇتلار يەنە جەم بولۇپ، كەچلىكى تاغقا ياغقىلى كېلىدۇ. بۇ بۇلۇتلار گاھىدا ئۈچ - تۆت كۈن جەم يېتىۋالىدۇ، خۇددى بىر تەكىيە ياستۇقنى قىرلاپ قويغاندەك راۋرۇس تۇرىدۇ. بۇ تاغلارغا ئادەم چىقىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، بۇ يەردىكى جۇدۇندا بوغۇناق يوق، مارجانتاشلارنى شامال دومىلىتىپ سىرتقا ئېلىپ چىقىدۇ.

بۇ تاغلاردا بۇلۇت ياتمىغان چاغلاردا، كېچىسى ئاسماندىن يۇلتۇز ئوتلىرى سوزۇلۇپ چۈشىدۇ. بۇ ئوتلار چوڭ - كىچىك نەچچە خىل شەكىلدە بولىدۇ، ئاۋازسىز.

2002 - ، 2003 - يىللاردا بۇ يەردە مۇنداق بىر ھادىسە يۈز بەرگەن. بىر كۈنى تاغنىڭ قىبلە تەرىپىدە ئاسماندىن بىر پارچە ئوت شۇنداق ئاۋازسىز چۈشكەن، بۇ چاغدا ئاسمان يېرىلغاندەك ئىككى پارچە بولغان، دەرۋازىدەك ھاڭ ئېچىلغان، بۇ ھاڭنىڭ ئارقىسىدا بىر يورۇقچىلىق — باشقا بىر ئالەم كۆرۈنگەن، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە ئوت چىقىپ بىر شە-

كىلگە ئايلانغان. شۇ ۋاقىتتا ئالتۇن ئىزدىگۈچى بالىلار قورقۇپ كېتىپ قېچىپ گەمىلەرگە مۆكۈنگەن.

بۇ تاغنىڭ چوققىسىغا تېخىچە ھېچكىم چىقالمىغان. بۇ تاغدا بۇلۇتلارنى تارقىتىدىغان جۇدۇن شامال بار ئىكەن.

ئالتۇنتاغقا بېرىش ئۈچۈن مۇناربۇلاق، گۈگۈتلۈق، توققۇزداۋان، ئاقساغىز، پاتقاقلىق قاتارلىق مەنزىللەردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

چەرچەندە رىۋايەت ئىچىدە رىۋايەت بار. بولۇپمۇ ئالتۇن توشقان رىۋايىتىنى بىلىدىغانلار كۆپ بولمىسا كېرەك، لېكىن بايلىق ئىزدىگۈچىلەر بۇ رىۋايەتنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدۇ، بۇ رىۋايەت مۇنداق: چەرچەننىڭ ئىسسىق ئوتاغ پاششىم دېگەن يېرىدە بىر جۈپ ئالتۇن توشقان بار ئىمىش. بۇ توشقانلار ئادەتتىكى توشقانلاردىن چوڭ ئىمىش. ئۇلار مۇبادا ئادەملەرگە كۆرۈنۈش قىلسا، ئەڭ بالدۇر قۇلىقى بىلەن كۆرۈنەر ئىمىش. بىر چاغلاردا قوي ھەيدەپ كەلگەن ئادەملەرگىمۇ كۆرۈنگەنىمىش. يەنە بەزىلەرنىڭ ئالدىغا ئۇچرىغان ئالتۇن توشقان بەزىدە قېچىپ كېتەرىمىش، بەزى ئادەملەر ئۇلارنى قوغلاپ كېتەرىمىش.

چەرچەندە ئالتۇننى تۇنجى بايقىغان ئادەمنىڭ ئىسمى ئۇستا چېقىر ئىكەنىمىش. ئۇ كاندا ئىشلەپ تۇرسا خىزىر ئەلەيھىسسالام بىر بالا سۈرىتىدە كېلىپ «مەن سىلىگە ئىشلىشىپ بېرەي، قازغان ئالتۇننى تەڭ بۆلۈشەيلى» دېسە، ماقۇل دېگەنىمىش. خىزىر ئىشلەپتۇ، خەششەكنى خىزىر ئېلىپ چىقىدىكەن، ھەر كۈنى ئالتۇن چىققىلى تۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇستا چېقىر ئالتۇننى چايقاپ خىزىرغا كۆرسەتمەي، كاننىڭ بىر يېرىگە كۆمۈۋېرىپتۇ. ئارىدىن تۆت ـ بەش كۈن ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنى خىزىر: «ئۇستام، تۆھپەمنى بەرسىلە» دەپتۇ، ئۇستا چېقىر: «بالام، جىق ئالتۇن چىقمىدى، يەنە ئۈچ ـ تۆت كۈن ئىشلىشىپ بەرسىلە» دەپتۇ. خىزىر ئاندىن: «مېنىڭ ئانام بار ئىدى، كەتمىسەم بولمايدۇ، نېسىۋەمنى بەرسىلە» دېسە، ئۇستا چېقىر: «قورساقتا ئىشلەپتىمىز، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئالتۇن چىقمىدى» دەپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن خىزىر: «ئۇنداق دېمىسىلە» دېسە، ئۇ ئادەم ئۇنىماپتۇ، شۇ چاغدا خىزىر ئەلەيھىسسالام: «ئەي ئۇستا چېقىر، كانىڭدىن سۇ چىقۇر» دەپ كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئالتۇن خەششەكنىڭ ئاستىدىكى سۇدا ياتىدىغان بوپتۇ. شۇڭا ئالتۇننىڭ ئانىسى خەششەك، دادىسى سۇ ئىمىش.

يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، ئالتۇن توشقانىنىڭمۇ شۇ ئالتۇندىن ئىكەنلىكىگە ھېچكىم گۇمان قىلمىسا كېرەك، رىۋايەتلەر داۋام قىلىدۇ:

يەنە ئەل ئىچىدە چەرچەندىن چىقىدىغان ئالتۇن ۋولقاندىن ئېتىلىپ چىققان، دېگەن گەپ بار.

چەرچەن جاڭگاللىرى ئۆز قەدىمىي تۇسى، گۈزەللىكى بىلەن كىشىگە بىر ئىلاھىي مەنزىرىنى ئەسلىتىدۇ، ھاۋاسى تولىمۇ ساپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى نامسىز كۆللەر ھەر كۈنى ئەتىگەندە، كەچقۇرۇن گۈگۈم چۈشۈشتىن بۇرۇن شۇنداق شېرىن، ئەنبەرگە ئوخشايدىغان بىر خىل ھىدنى تارقىتىدۇ.

بۇ يەردە مال چارۋىلاردىن تارتىپ ياۋايى ھايۋانلارغا قەدەر ھەممىسى ئەتىۋارلىق. بۇ جاڭگالدا قارا ئۆچكە، سېرىق ئۆچكە، كۆك ئۆچكە قاتارلىق قەدىمىي نەسىللەر بار. ئۇلارنىڭ گۆشى تەملىك بولۇپ، رەڭگى تەبىئىي قىزىل بولىدۇ.

ياشاش دائىرىسى بارغانسېرى تارىيىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ تارىم بۇغىسى ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىلا ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ بۇغىلار ھازىر ئاساسلىقى ئاقتاغ دېگەن يەردىن تارتىپ ئاخىرى بوزكۆل دېگەن يەرگىچە، ئۇستى تەرەپتە كۆتەرسۇلاغ دېگەن يەرگە قەدەر توغراقلىقتا ئوتلايدۇ. ئۇلارنىڭ رەڭگى ئاقۇچ كېلىدۇ. ئادەتتە ئاخشاملىرى كۆلدە ئوتلايدىغانلىرى قىرغاقتا چىقىپ ياتىدۇ، قىش كۈنى قۇملۇقتا چىقىپ ياتىدۇ، قۇملۇقتا بەك چىقىپ كەتمەيدۇ، قورغاقراق يەرلەردە ياتىدۇ. ھازىر جەرەن ئىلگىرىكىدىن جىقلاپ قالغان. لېكىن، تارىم بۇغىسىنىڭ سانى ئازلاپ كەتكەن. 2002 ـ يىلىدىن بۇرۇن ئۇلار ئاساسەن كۆلدە ئوتلايتتى، (بۇغىلار بىردىن ـ ئىككىدىن بولۇپ ئوتلايدۇ، توپ ـ

توپ بولۇپ ئۆتلىمايدۇ، بۇغىنىڭ چوڭلۇقى بىر مېتىر ئاتمىش - يەتمىش سانتىمېتىر كېلىدۇ. جەرەن، بۇغىلار ئادەمنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغان هامان قېچىپ كېتىدۇ). شۇ يىلىدىن كېيىن قوموش شىركىتى دېگەنلەر پەيدا بولۇپ مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىپ، بۇغىلارنى تەس كۈنگە قويغان. ئادەتتە باققان بۇغىدىن 100 كىلوگىرام گۆش چىقسا، تەبىئىي بۇغىدىن 150 ـــ 200 كىلوگىرام گۆش چىقىدۇ.

چەرچەندە ياۋا تۆگە يوق. بۇرۇن بۇ يەردە ياۋا تۆگە ياشىماپتىكەن. يىرتقۇچ هايۋانلاردىن تۈلكە، مولۇن، هەتتا يولۋاسمۇ بولغان، بەزى مولۇنلارنىڭ چوڭلۇقى ئۇغلاقتەك بار، توشقان يەيدۇ، قىرغاۋۇللار شۇنداق جىق بولسىمۇ، ئۇنى مولۇن يەپ بوپتىكەن.

ئىلگىرى بىر زامانلاردا يامانقۇم دېگەن يەردە ئەمەت قويچى دېگەن ئادەمنىڭ ئانىسى هەر كۈنى ئۆيگە دەريادىن قاپاقتا سۇ توشۇيدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئايال سۇغا بارسا، بىر يولۋاس دەرياغا قاراپ ئولتۇرغانىكەن، ئۇ قورققىنىدىن قاپاقنى تاشلاپ قېچىپتۇ. نەچچە كۈندىن كېيىن كىشىلەر كەلسە، ئۇ ئايال يوق تۇرغان. هازىر بۇ قۇملۇقتا يولۋاس يوق، ياۋا توڭگۇز بار.

كۆللەردە ئادەمگە خىرس قىلىدىغان باشقا هايۋانلار يوق. بۇ يەردە بۇرۇنقى پاقا بېلىق، مۇكا بېلىقنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىشكە يۈزلەنگەن. مۇكا بېلىقى ئۇزۇن، تۇمشۇقى ئۇچلۇق كېلىدۇ. پاقا بېلىقنىڭ كەينى ئىنچىكە، كاللا سىرتى يوغان بولىدۇ. بۇ بېلىقلارنىڭ ئېغىرلىقى ئوخشىمايدۇ، بۇرۇن 30 ـــ 40 كىلوگرام كېلىدىغانلىرىمۇ بولغان، هازىر بۇ بېلىقلارنىڭ بار - يوقلۇقىنى ياكى باشقىلارنىڭ تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى هېچكىم بىلمەيدۇ. چەرچەندىكى بېلىقلار بىلەن تارىم دەرياسىدىكى بېلىقلار ئويمۇ ئوخشاش. مەسىلەن، مۇكىباش بېلىق بىلەن ئاغزى ئازراق مايماق تارىم بېلىقىنى ئالساق، بۇ بېلىقلارنىڭ گۆشى بەكمۇ تاتلىق بولىدۇ، ئادەتتىكى بېلىق گۆشىگە ئوخشىمايدۇ. ئىلگىرى تېتىما كۆلىدە يوغانلىقى ئادەمدەك كېلىدىغان تارىم بېلىقلىرى ياشىغان بولۇپ، دېڭىز - ئوكياندىكى لەهەڭگە ئوخشايدۇ. هازىر بۇ خىل بېلىق يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان. شۇ بېلىقلار سۇ ئۇلغايغان ۋاقىتتا سۇنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ ماڭغان، سۇ ئازايغان چاغلاردا ئازگاللارغا كىرىپ ياتىدىغان بولغان.

تاتىراڭدىن ئۇدۇل 100 كىلومېتىر ماڭساق، دائىرىسى 150 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر چوك كۆل بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 46 مېتىردىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ كۆلدە هازىرمۇ سۇ بار، كۆلدە قوموش ئۆسۈپ تۇرىدۇ. بۇ كۆلنىڭ تېگى بەكمۇ چوڭقۇر بولغاچقا، كىرىپ كەتكەنلەر چىقالماي ئۆلۈپ قالىدۇ. نەچچە يىل ئىلگىرى بۇ ئەتراپتا ياۋايى هايۋانلاردىن بۇغا، جەرەن ۋە 80 چە تارىم بۇغىسى ئوتلاپ يۈرگەنلىكىنى كىشىلەر كۆرگەن. بىر يىل ئىلگىرى ئۇلارنىڭ سانى توققۇز - ئونغا چۈشۈپ قالغان. ئىلگىرى چەرچەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا يايلاق كەڭرى ۋاقىتلاردا تارىم بۇغىسىنىڭ 100 ـــ 200 دەك نەسلى بار ئىدى. بۇ بۇغىلارنىڭ رەڭگى سۇر. ئۇلار يازدا سۇ بويىدا، قىشتا توغراقلىقتا ئوتلايدۇ. بۇ كۆل بۇرۇن چەرچەنگە قاراشلىق بولغان. ئۇ زاماندا بۇ يەرگە قويچىلار قارايتتى، ئادەتتە قويچىلار بۇنداق كۆلنى «كۆللەك» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ قۇمنىڭ ئىچىگە ئات - ئۇلاغ بىلەن تۆت - بەش كۈندە بارغىلى بولىدۇ. سۇيىنىڭ قانداق سۇ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ، هايۋانلار مۇشۇ سۇنى ئىچىدىكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا تاتلىق سۇ بولسا كېرەك.

بۇ يەردە بوستانتوغراق، كۆكتۈزلۈق، بوزتاز، ئاقتاز دېگەنگە ئوخشاش جاڭگاللار بار. جاڭگاللارنىڭ ئىسمى يەر شەكلىگە ياكى ئالاهىدىلىكىگە قاراپ قويۇلغان. يەر تۈزۈلۈشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بەزى يەرلەر شورلۇق، بەزى يەرلەر تۈزلۈق. يۇلغۇن تۈرلىرىدىن بوز يۇلغۇن، قىزىل يۇلغۇن، توغراقتىن سۇرتوغراق، هاڭگاتوغراق، قاپاقتوغراق قاتارلىقلار بار. سۇرتوغراقنىڭ هېچقانداق يېرىدە مۇدۇر بولمايدۇ، بىرەر يىلغا قالماي قوۋزىقى چۈشۈپ بولىدۇ. هاڭگاتوغراقنىڭ قوۋزىقى بىر غېرىچ بولۇپ، بەك قېلىن كېلىدۇ. قاپاقتوغراقنىڭ غازىڭى ئوخ-

شىمايدۇ، قۇمدا ياشىيالمايدۇ. قۇمدا پەقەت سۇر توغراق بىلەن ھاڭگاتوغراق ياشالايدۇ.

جاڭگاللارنىڭ ھاۋاسى مۆتىدىل، بەك ئىسسىق بولۇپمۇ كەتمەيدۇ. مالچىلار دەريادىن بۆلەك، بۇلاقتىن ئايرىم ئاقىدىغان ئېقىنلارنى «ئىلەك» دەپ ئاتايدۇ.

چەرچەن دەرياسى يۆتكىلىپ ئاقىدىغان دەريا. ھازىرقى چەرچەن دەرياسىنىڭ جەنۇبى ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىدىن، شىمال تەرەپتە ئۈچ ئېقىن بولغان، قايسى دەۋردە ئاققانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

ھازىر ئۇ يەردە سۇ يوق. بۇرۇنقى دەريا ئېقىنىنىڭ ئورنىدا تاش - شېغىللار قالغان، ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن باراي دېسە بىر كۈن ۋاقىت كېتىدۇ، ئورنى چەرچەننىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئېقىن بۇرۇن يېڭى ئۆستەڭدىكى زەيلىك تەرەپكە ئاققان. ھازىر چەرچەن دەرياسىنىڭ سۈيى ئالتۇنتاغدىن كېلىدۇ، بۇ قار - مۇز سۇلىرى ۋە بىرقانچە كىچىك بۇلاقلاردىن ھاسىل بولغان. دەريانىڭ بېشى شەرقتىن چاقىلىققا يېقىنراق، ۋاششەرىنىڭ ئۇدۇلىدىن باشلىنىپ غەربكە قاراپ ئېقىپ كېيىن جەينەك ياساپ يەنە شەرققە قاراپ ئاقىدۇ، يەنى شەرقتىن باشلىنىپ شەرققە قاراپ ئاقىدۇ. بۇ دەريانىڭ ئاخىرى چاقىلىققا تۇتىشىپ، «كەڭ لايقا» دېگەن يەرگە بېرىپ تېتىما كۆلگە قوشۇلىدۇ، بۇ كۆلگە تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىمۇ قوشۇلىدۇ. چەرچەن دەرياسىغا قاتتىق كەلكۈن كەلگەندە، سۇ يەنە شۇ كۆلگە قويۇلىدۇ. بۇ كۆلنىڭ سۈيى بەكمۇ ئاچچىق بولغانلىقتىن ھەتتا ئېتىپ بېقىشقىمۇ بولمايدۇ، تارىختىكى ئۇيغۇرچە «تېتىما» دېگەن نام دەل شۇ سەۋەبتىن قويۇلغان.

چەرچەنگە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، سەيياھ ۋە ئېكسپېدىتسىيەچىلەردىن 1883 — 1885 - يىللىرى پىرژېۋالسكىي، 1928 - يىلى بېگمان، 1928 - يىلى يەنە سېۋىن ھېدىن، 1931 - يىلى ستەيىن كەلگەن.

بۇ يەردىكى يەنە بىر مۇنداق رىۋايەت كىشىلەرنى جەلپ قىلىدۇ: بىر زامانلاردا چەرچەندىكى تۇرتاغقا بىر دېۋە چىقىپ يېتىۋالغانىمىش. ئۇ چارۋىچىلارنىڭ قوي، كالا ماللىرىنى يەپ كېتىپ، ئۇ يەردىكى ئادەملەر ھەرقانچە يىغا - زار قىلىسىمۇ كۆچۈپ كەتمىگەنىكەن. خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇنى بىلگەندىن كېيىن، بىر تولۇم پاشا ئېلىپ كېلىپ قويۇپ بەرگەنىمىش. ئۇ يەردە قوۋۇرغىسى بار، كاللىسىدا قېشى بار، پۆپۈكى بار پاشىلار ھازىرغىچە بار ئىكەن. شۇڭلاشقىمۇ شۇ جايدىكى ئەر - ئاياللار دالاغا چىقسا بېشىغا ياغلىق چىگىپ چىقىدۇ، يەنە بەزى باللار ئىشلىگەن چاغدا يۈزىگە سېغىزلاي سۈركىۋالىدۇ.

يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە ئۇلاردىكى ئۆزگىچىلىك ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن ئۇچۇن قېتىق ئۇيۇتۇش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. كالا توغۇپ ئون كۈن بولغاندا، سېغىپ سۈتىنى سۈزىدۇ، ئاندىن ئوتتۇراھال ئوتتا پىشۇرۇپ، ئون بەش مىنۇت ئەتراپىدا سورۇيدۇ، ئۇنى كورىغا قويۇپ قول كۆيمەس ھالەتكە يەتكەندىن كېيىن، كۆنەلگۈ سېلىپ يۆگەپ قويىدۇ، قېتىق ئۈچ - تۆت سائەتتىن كېيىن ئۇيۇپ بولىدۇ.

بۇ يەردىكىلەر كاكچا ناننى ئامراق، ئاياللار ئۇنىڭغا يەرلىك ئېچىتقۇ ئىشلىتىدۇ، ئەتىگىنى سىيادان، كۈنجۈت سېلىپ خېمىر ئېتىدۇ. مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزغاندىن كېيىن خېمىر ئۈرلەيدۇ، ئاندىن شاخ - شۇمبا، يۇلغۇن بىلەن تونۇرغا ئوت يېقىپ، ئوت تاۋىغا يەتكەندە، بىر باشتىن ناننى راسلاپ يېقىشقا باشلايدۇ. بۇ خىل ناننى بىر ئاي ساقلاپ يېگىلى بولىدۇ، تەمى ئاسان ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ.

بۇرۇن چەرچەننىڭ تاتىراڭ يېزىسىدا سۇلتان ئاكا دەيدىغان بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئۆزى ئېتىدىغان مەخسۇس كۆمەچى بولۇپ، تارىختا «سۇلتان كۆمەچى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالى بۇغداي ئۇنى، قوناق ئۇنى بولۇپ، بۇلارنى خېمىر ئەتكەندىن كېيىن، قوينىڭ دۇمبە يېغى بىلەن پىيازنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىۋېلىپ، چوڭايتىلغان خېمىرنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئوت چوغىنى چۇشۇرۇپ ئاستىغا كۆمىدۇ. بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، خېمىر پىشىپ بولغاچقا، يېگەندىن كېيىن قورساق ئاچۇرمايدۇ، ئادەمنى تېز ئۇسساتمايدۇ. بۇ ناننى ئاساسلىقى ئوۋغا چىققاندا

ئوزۇقلۇق قىلاتتى، شۇ جەرياندا ئالتۇن توشقاننى داۋاملىق ئىزدەيتتى.

چەرچەنلىكلەر جاڭگالنى، سۇزۇك ھاۋاسىنى، مال چارۋا، باۋايى ھايۋانلىرىنى شۇقەدەر ياخشى كۆرىدۇ. بۇرۇنلاردا جاڭگالغا بەزىدە ئات بىلەن، بەزىدە پىيادە باراتتى. ئۇلار يەتتە ـ سەككىز ئىتنى ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلاتتى. بۇ يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قوغدىنىش ئۈچۈن بولاتتى. جاڭگال ھاياتى گەرچە كۆپ جاپالىق بولسىمۇ، ئۇلار بۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەن، ئوۋچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ، جەرەن ئوۋلىغاندا قىسماق قوياتتى، يەرنى كولاپ گۆشلەرنى تاغارغا سېلىپ كۆمۈۋېتەتتى.

ئادەتتە ئادەملەر بۇرۇن تىلەك تىلەپ، ھەر يىلى رامىزاننىڭ بېشى، 15ى ۋە 27 ـ كۈنلىرى، شۇنىڭدەك نورۇز ۋە ھېيت ـ ئايەملەردە بىر يەرگە جەم بولۇپ قازان ئېسىپ، مال سويۇپ تەڭ تالاش قىلىپ يەپ، ئاندىن كېچىسى قايناپ كېتىشەتتى، ئۇسسۇل ئوينايتتى.

ئۇلاردا مۇنداق بىر يەرلىك توگۇن يېشىش ئۇسۇلى بار: مۇبادا ساقايمىغان كېسەل، كۆڭۈلدە يېشىلمىگەن توگۇن بولۇپ، داۋا ياكى بىرەر ئادەمگە مەسلىھەت سېلىپ ھېچ ئىلاج تاپالمىسا ياكى بەزىدە كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولسا، دەرەخسىز قۇم ـ باياۋانلارغا قاراپ ياكى دەريا بويلىرىغا بېرىپ سۇغا قاراپ تۇرسا ياكى دەريادىن بىر ئۆتۈپ كەلسە كېسەل ـ توگۇنلەر يېشىلەرمىش، يەتتە قېتىم ئۆتسە يەتتە توگۇن يېشىلەرمىش. ئۇلار بۇ ئۇسۇلنى ھەرەمگە بارغان بىلەن باراۋەر دەپ قارايدۇ. يەنە دەريا بويلىرىدا ئادەم بولمىغاچقا، كىمنىڭ تۇۋلىغۇسى كەلسە تۇۋلايدۇ، نېمە دېگۈسى كەلسە شۇنى دەيدۇ. جاڭگاللاردا كىشىنى غېرىبلىق باسىدۇ، تاغلارغا چىقسا خۇدانىڭ جامالىنى كۆرگەندىن كېيىن ئادەمنىڭ يۈرىكى يوغىنايدۇ، تاشقا دەسسەپ ماڭسا يۈرەك قانىدۇ. ئۇلار، مۇقام جەزىرىلەردىن باشلىنىپ تاغلارغا چىققانسېرى ئەۋجىگە چىقىدۇ، دەپ قارايدۇ. مۇقام ـ مەشرەپ كېچىلىكىدە مۇقامچىلار، سازەندەلەر ھازىر بولىدۇ، مۇقام ئېيتىلىدۇ، داش قازان تائاملىرى تارتىلىدۇ، ئاندىن كىشىلەر گۈلخان يېقىپ ساماغا چۈشىدۇ.

ئۇلار يەنە قەدىم ئەپسانىلاردا بىزدە «قاغىل» دېگەن بىر چالغۇ ئەسۋاب بولغان، دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ.

چەرچەندە ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى قارا مەستۇرانە خېنىم، ئىسسىق ئوتاغ پاششىم، ئۇلاق پاششىم، قومۇش كۆز پاششىم، قالۇنچى دېيىلگەن كاتتا مازارلار بولغان. بۇرۇنقى نۇرغۇن مازارلار ھازىر تېرىلغۇ يەر بولۇپ كەتكەن. قالۇنچى مازارنىڭ ئۈچۈچرىسىدىكى قۇملۇقتا قەدىمكى زاماننىڭ مىستىن ياسالغان بۇيۇملىرى، كەمەر پارچىلىرى، قاشتاشتىن ياسالغان تۈگمە قاتارلىقلار ئۇچرايدۇ. بۇ تۈگمىلەرنىڭ تۆشۈكى گاھىسىنىڭ ئىككى، گاھىسىنىڭ تۆت ئىكەن. يەنە ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر بارخانغا كۆمۈلۈپ قالغان بىر دانە ئالتۇن لېگەن بار ئىمىش.

تاتىراڭنىڭ ئايىغىدا قەترەن دېگەن بىر كونا شەھەر بولۇپ، ئۇ يەردە قەترەن شاھ، زەررەن شاھ دېگەن شاھلار ئۆتكەن ئىمىش. رىۋايەتتىكى كۆك گۇمبەز شۇ يەردە ئىكەن.

بىر ۋاقىتلاردا چەرچەنلىك سىدىق، بارات، ھېيتمەمەت، ئابدۇراخمان ھاللاڭ قاتارلىق كىشىلەر ياۋا جەرەن ئوۋلايمىز دەپ تەكلىماكانغا كىرىپ كېتىپ، ئىككى ـ ئۈچ كۈنلۈك يەرگە بارغاندا بىر قەدىمىي شەھەرگە كىرىپ قالغان، بەختكە قارشى شۇ پەيتتە بوران چىقىپ كېتىپ، قايتىپ كەلگەنىكەن.

تەكلىماكان ھەققەتەنمۇ بىر كۆز يەتكۈسىز تىلسىمات. رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، شۇ زامانلاردا چەرچەندىن بىر توخۇ ئۆگزىگە چىقسا، چۈشىدىغان يەر تاپالماي قالىدىكەن، چۈنكى ئۆگزىلەر بىر ـ بىرىگە شۇقەدەر تۇتىشىپ كەتكەنكى، بىر تەرىپى يەركەننىڭ بازىرىدا ئىكەن.

چەرچەندە ئىلگىرىكى قەدىمىي شەھەر ـ قەلئەلەر خارابىسىدىن مەشھۇر سۇ بوسكەن خارابىسى، يوغاندۆڭ خارابىسى، غازلىقتىكى كونا شەھەر خارابىسى قاتارلىق خارابىلەرنىڭ ئىزلىرى ھازىرمۇ بار.

چەرچەننىڭ قىر ـ چۆرىلىرىدە، تاغلىرىدا كۆكلەيدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بار. بۇ ئۆسۈملۈك ئەمەلىيەتتە كىشىلەر رىۋايەت قىلىدىغان، لې-

كىن ھازىرغىچە ھېچكىم تاپالماي كەلگەن مېھرگىياھنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ مېھرگىياھنىڭ ئىككى تال غازىڭى (يوپۇرمىقى) كېچىسى يېنىپ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭدىن پىل - پىل شولا چۈشۈپ تۇرىدىكەن. بۇ گىياھنى بەزىدە ياۋا توشقان، بۇغا، كېيىك قاتارلىقلار تاسادىپىي يەپ قالىدىكەن، ئادەتتە مېھرگىياھنىڭ ئۇرۇقىنى شامال ئۇچۇرتۇپ يىراق جايلارغا تاشلايدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئالتۇن توشقانمۇ بەزىدە شۇ ئەتراپتا ئۇچراپ قالىدىكەن.

چەرچەن تاغلىرىدا ياۋا ئۈزۈم، ياۋا ئالما، ياۋا پىياز، ياۋا سامساق قاتارلىقلار كۆپ ئۇچرايدۇ.

قۇش نەسلىدىن ئېيتقاندا، كاككۇك ئاساسەن خادىلىق دېگەن تاغدا ياشايدۇ. ئۇلار ھەر ئەتىگىنى جىگدە دەرەخلىرىگە قونۇپ سايرايدۇ. كاككۇكنىڭ بوز رەڭلىكلىرى چىشى، كۆك رەڭلىكلىرى ئەركەك بولىدۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، كاككۇك قۇمۇچاق بىلەن جۈپلىشىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئېغىزمانىغا (دۈمبىسىگە) ئېلىپ ئۇچۇپ ئېگىزگە چىققاندىن كېيىن تاشلىۋېتىدىكەن. كاككۇك تازغورلاينىڭ چاڭگىسىغا تۇخۇملايدىكەن. تازغورلاي كاككۇك باللىرىنى دەسلەپتە قۇرت بىلەن باقىدىكەن، كاككۇك باللىرى چوڭ بولۇپ تاغ مېۋىلىرىنى يەيدىكەن.

چەرچەننىڭ ئاسمان - پەلەك تاغلىرىدا يەنە سالۋا دېگەن بىر قۇش بار. ئۇنىڭ بىر قانىتى بىر يېرىم مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۇ كۆك ئاسماندا ئۇچقاندا، سايىسى ئادەملەرگە چۈشۈپ تۇرىدۇ. بىر قوينى كۆتۈرۈپلا ئېلىپ چىقىپ كېتەلەيدۇ. قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى تاغ چوققىسىغا بىر تاشلاپ تۆت - بەش پارچە قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن يەيدۇ.

بۇ يەردىكى ئادەملەر ئادەتتە چۆل - باياۋان سەپەرلىرى جەريانىدا قەدىمىي قەبرىلەرنى ئۇچرىتىپ قالغان ئىشمۇ بولغان. 1973 - يىلى چەرچەنلىك بىرنەچچە كىشى موزايدۆڭ دېگەن يەرگىچە بېرىپ باققان، ئادەتتە ئۇ يەرگە ھارۋىلىق ماڭسا قاتتىق بىر كۈندە بارغىلى بولىدىكەن. ئۇلار قەدىمىي مۇمىيالارنى ئۇچراتقان. بىر مۇمىيا ئايال كىشى بولۇپ، يۈز - كۆزلىرى يۆگەكلىك پېتى تۇرۇپتۇ، يېنىدا بىر ساپال كوزا، كوزىنىڭ يېنىدا بىر ئوغلاقنىڭ بېشى چىقىپ قالغانىكەن. قەدىمكى ئادەملەر قەبرە ئەتراپىغا چاسا قىلىپ يۇلغۇن سانجىپ قوياتتىكەن، ھازىرقىلار بۇ ئۇسۇلنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، بۇ ئارقىلىق پەرقلەندۈرىدىكەن. ھازىر بۇ قەبرىلەرنىڭ ئەتراپى توسۇلۇپ، قومۇش مەيدانىغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. يەنە بەزى مالچىلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، تىكەنلىكنىڭ «ئارغان» دېگەن يېرىدە تۆپىراقتا قاتار - قاتار يۇلغۇن سانجىپ قويۇلغان بولۇپ، ھەربىر يۇلغۇننىڭ ئورنى بىر جەسەت ئىكەن. مالچىلار بۇ قەبرىنى كولاپ كۆرگەندە بايقاپتۇكى، جەسەت ئايال ئىكەن، چاچلىرى ئۇزۇن، بەدىنىنىڭ ئازراق يېرى سۇرۇلۇپ كەتكەنىكەن. بۇ مازارنىڭ يېنىدا كىچىك بىر ئۆي بولۇپ، بۇ ئۆينىڭ ئىشىكىدىكى ئويما نەقىشلەر شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. بۇ يەردىكى ھەربىر كېسەكنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 40 كىلوگىرامغىچە كېلىدىكەن، كېمىر شەكلىدىكى بۇ ئۆيلەر ئاشۇنداق كېسەكتىن ياسالغانىكەن. ھەربىر ئۆينىڭ تۆت بۇرجىكىدە تۆشۈك بار ئىكەن. ئۇلار شۇ چاغدا بۇنداق قەبرىدىن 30 — 40نى ئۇچراتقان. يەنە شۇ ۋاقىتتا بەزىلەر پاششىم مازارىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئوتۇنغا بارغاندا، كولىغان يەردىن سېغىزلىق ئۇچراتقان، يەنە كولاۋەرگەندە قۇمنىڭ ئارىسىدىن سامان چىققان. ئۇلار بۇ خارابىلىكتە بۇرۇن ئېقىن بولغان ئۆستەڭلەرنى، دەرەخلەرنىڭ كۆتەكلىرىنى بايقاپتۇ.

بۇ يەرلەر ھەقىقەتەن بۇرۇن خامان ئەتكەن جاينىڭ ئىزناسى بولۇپ، قىرلاردا ئادەملەرنىڭ يالاڭ ئاياغ ماڭغان ئىزلىرى بار ئىكەن، بۇ ئىزلار ئىنتايىن چوڭ ئىكەن. بۇنىڭدىن شۇ زامان ئادەملىرىنىڭ تولىمۇ بەستلىك، قاۋۇل ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ.

بۇنىڭدىن 15 يىل بۇرۇن تۇرسۇن ساۋۇت، ھۈسىيىن قاتارلىقلار بىر كۈنى بىللە ئوتۇنغا بېرىپتۇ. ئۇلار بىر يەرگە بارغاندا، داتلىشىپ قالغان بىر نەرسىنى ئۇچرىتىپتۇ. بۇ نەرسە ئەسلىدە بىر ئالتۇن تاج بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر تايغان، يەنە گۈل

سۇرىتى چۇشۇرۇلگەنىكەن. بۇ يەر بىر جاڭگاللىقنىڭ ئوتتۇرىسى بولۇپ، يۇلغۇنمۇ، توغراقمۇ بار ئىكەن. بىر ئادەم بىر قېتىم يەرنى كولىغاندا، بىر نەرسە كەتمەنگە تېگىپ «تورۇك» قىلغان ئاۋاز چىقىپتۇ، قارىسا يۇلغۇندا ياسالغان باش چۇشۇرىدىغان ئۇستىرا ئىكەن. ئۇ ئۇستىرىنى قولىغا ئېلىشى بىلەن پارە ـ پارە بولۇپ ئۇۋۇلىپ كېتىپتىكەن.

بۇ يەردىكى جاپاكەشلەر ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئالتۇن توشقاننى ئىزدىگەندەك، ئالتۇن ئىزدەشنى توختاتمىغان. ئۇلارنىڭ بۇ جەرياندا تارتقان جاپا ـ ئەلەملىرىنى بىرسى تاغلارلا، بىرسى ئۆزىلا بىلىدۇ. ئۇلار ئالتۇن كولىغاندا، شۇ يەردە تاشنى تىزىپ، تاشنى تاشقا يۆلەپ خەششەك قويىدىكەن، تامىقىدا تاتىلايدىكەن، تاش باشقا تەرەپكە سۇرۇلۇپ كېتىپ، ئالتۇن ئۇلىغا چۆكۈپ كېتىدىكەن، بۇنىڭ ئۆزى قۇم ئالتۇن. بىر چاغدا كوسەن چېيى دېگەن يەرگە بىرەيلەن كېلىپ، بىر نەرسىگە ئېشىكىنى باغلاپ قويۇپتىكەن، كېيىن قارىسا ئېشەك باغلانغان نەرسە ئالتۇن ئىكەن. كېيىن بىزگە بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەن چەرچەنلىك مەمەت ئاكىمۇ شۇ يەرنى كۆرگىلى باشقىلار بىلەن بىللە بارغان. شۇ ۋاقىتتا ئۇ 14 ياشتا ئىكەندۇق. ئۇلار يېنىپ كېلىشتە يولدا بىر تۆگە ئۆلۈپ قاپتىكەن، تاغنىڭ تۆپىسىدىن بىر ئېيىق كەپتۇ، دادىسى دەرھال قوتازنىڭ تېزەكلىرىنى تېرىپ ئەكېلىپ چالا كۆيدۈرۈپ، تاشنىڭ تۆپىسىگە ئۇرغاندا، تېزەك مىلتىق ئېتىلغاندەك پوك ـ پوك قىلىپ ئېتىلىپتۇ، ئۇ ئېيىق قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ.

1976 ـ يىلى تاتىراڭ يېزىسىدىن بىر ئادەم يوقاپ كېتىپ، تۆت ـ بەش كۈن ئىز ـ دېرىكى بولماپتۇ. بىرنەچچە كىشى ئۇنى ئىزدەپ دەپسەڭ دېگەن يەرگە بېرىپتۇ. بىر كىشى بىر ئېيىققا قىسماق سايتىكەن، ئېيىق ئاشۇ يەرگە چۈشۈپ قاپتۇ. ئېيىقنىڭ چوڭلۇقى موزايچىلىك بولۇپ، ئالدى قولى قىسماققا كىرىپ قاپتۇ، ئۇلار ئاجراتقاندا قېچىپ كېتىپتۇ، رەڭگى قوڭۇر ئىكەن.

مالچىلارنىڭ سەزگۈزەشتىلىرىدىن قارىغاندا، مال بېقىش داۋامىدا ھەربىرىنىڭ بېشىغا نۇرغۇن ئىشلار كەلگەن. نەچچە قېتىم قورققان، بەزىلىرى 12 ـ 13 ياشلىرىدا قوي باققىلى بېرىپ، قارا بوران چىقىپ كېتىپ، بوراندا ئايلىنىپ كېتىپ، جاڭگالدا يېتىپ قالغان. ئەتىسى ئالەم سۇزۇلگەندە ئوڭشىلىپ ئۆيىگە بارغان. قارا بوران چىقىپ كەتكەندە ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، يۇلغۇنلارغا ئۇسۇپ، ئامالسىز شۇ يەردە يېتىپ قالىدىغان گەپ. مالچىلار ياۋايى ھايۋانلاردىن قورقمىدۇ، چۈنكى ياۋا توڭگۇز بولسا تۇيۇقسىز كېلىپ ئادەمگە ئېتىلىدۇ.

يەنە بىر ۋەقە شۇكى، ئون نەچچە يىل ئىلگىرى تاتىراڭدا بىر خارەت بالىغا بىر ساندۇق ئۇچرىغانىكەن، ساندۇقنىڭ ئۈستىگە بىر يىلان يېتىۋالغاچقا، بالا ئۇنىڭغا يېقىن بارالمىغان.

ئالدىنقى يىلى بىرقانچە بالا بايلىق ئىزدەپ چەرچەندىن ئىككى يۈز كىلومېتىرچە كېلىدىغان جاڭگالسايدىن بەش كۈنلۈك يىراقلىقتىكى ئادەمنى تۇتەك ئېلىپ كېتىدىغان تاغلارنى كېزىپ چىققان. بۇ جەرياندا ئۇلارغا قەدىمىي بىر خىل يېزىق ئويۇلغان ئاق تاشلار ئۇچرىغان، بۇ يېزىقلار ھازىرغىچە ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس.

ئىزدىگۈچىلەرنىڭ قەدىمى ھازىرغىچىلىك توختاپ قالغىنى يوق. ئۇلار چۆل ـ جەزىرىلەردىن تارتىپ، ئاسمان ـ پەلەككە يەتكەن تاغلارغا قەدەر جان تىكىپ تەۋەككۇل قىلماقتا. ئۇلار غايىب بايلىقلارنى، ئالتۇن توشقاننى ئىزدەشمەكتە. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئالتۇن توشقان ئادەملەرگە تېخى تۇتۇق بەرگىنى يوق، ئۇنى قوغلىغاندىن كېيىن چۆل ـ باياۋاندىكى بىر قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغان شەھەرگە كىرىپ قالىدىكەنمىش، ئۇنىڭ ئىچى پۈتۈنلەي خەزىنە ئىكەن ئىمىش.

(ئاپتورى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

ئابلىز مۇھەممەت سايرامىي



# قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىدا گۈزەللىك قارىشى ۋە زىبۇ-زىننەت، پەرداز مەدەنىيىتى[1]

## 7. قەدىمكى ئانىلىرىمىزدا قېشىغا ئۇسما قويۇش ئادىتى

ئۇسما ــ كىرىپەت گۈللۈك ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان، ئىككى ئىللىك سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، دىيارىمىزدا قەدىمدىن ئۆستۈرۈلۈپ كەلگەن ھەم ئانىلىرىمىز ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ قاشلىرىنى گۈزەللەشتۈرۈپ كەلگەن.

ئەزەلدىن گۈزەللىكنى سۆيىدىغان، گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان، گۈزەل ياسىنىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن ئانىلىرىمىز ئۆز ئەتراپىدا ئۆسىدىغان تەبىئىي ئۆسۈملۈكلەردىن پايدىلىنىپ ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، ھەر خىل پەرداز بۇيۇملىرىنى ياساپ ئىشلىتىش بىلەن بىللە، ئۇسما قويۇشقىمۇ ناھايىتى ئامراق. مەسىلەن، ھازىرمۇ ئانىلىرىمىز ۋە قىز - چوكانلىرىمىز يازدا ھويلا ۋە باغلىرىدىن مەخسۇس ئازراق يەر ئاجرىتىپ ئۇسما تېرىيدۇ. ئۇسما قۇلاق بولغاندا يىغىۋېلىپ سىقىپ سۈيىنى قاشلىرىغا قويۇشۇۋالىدۇ. ئۇسما قويۇلغان قاش ئەسلىدىكى قاشتىن قارا، ئۇزۇن، چىرايلىق بولۇپ، ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدۇ. ئازراق ئۇسمىنى سىقىپ، سۈيىنى ئۆچكە يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ قىشنىڭ تەييارلىقىنىمۇ قىلىۋالىدۇ. بۇ تاش ئۇسما دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئىشلەتكىلى بولىدۇ. قەدىمكى ئانىلىرىمىزنىڭ قارىشىچە، ئۇسما قاشنىڭ ئۆزۈقى ۋە ئۇسسۇزلۇقى، ئۇسما قويىۋەرسە قاش قارىيىپ قويۇقلىشىدۇ. قەدىمكى ئانىلىرىمىزنىڭ تەبىئىي پەرداز بۇيۇمى بولغان ئۇسمىنى قاچانلاردىن باشلاپ پەرداز بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق يازما ماتېرىيال يوق، لېكىن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ۋە چۆچەك - رىۋايەتلەردىكى ئۇسما قويغان خوتۇن - قىزلار ھەققىدىكى تەسۋىرلەردىن قەدىمكى ئانىلىرىمىزنىڭ ئۇسما قويغانلىقى ۋە ئۇنى پەرداز بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلەتكەنلىكى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىش ئانچە تەس ئەمەس.

قىزىل، قۇمتۇرا مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى مۇزىكا، ئۇسسۇلچىلارنىڭ، بەزىلىرى قېلىن قاشلىق ئەتكەن بولسا، بەزىلىرى ناھايىتى ئىنچىكە قاشلىق ئېتىشكەن قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن. يەنە دىيارىمىزدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان ياغاچ ھەيكەل - قورچاقلار ئارىسىدىمۇ قاشلىق ئېتىپ، يۈزىگە پەرداز قىلىۋالغان قىياپەتتىكى ئوبرازلارمۇ بار. تاڭ دەۋرىدىكى داڭلىق شائىر جاڭ خۇنىڭ كۇچا ۋەكىللىكىدىكى غەربىي يۇرت ئۇيغۇر سەنئەتچىلىرىنى تەسۋىرلەپ يازغان «سۇنغان تاللار» ناملىق شېئىردىكى «ياپيېشىل قاشلىرىدىن چەكسىز باھار تۇغۇلغان» دېگەن مىسراغا قارىغاندا، ئۇيغۇر ئاياللىرىدا تاڭ دەۋرىدە (618 ــ 907) ئۇسما قويۇش ئادىتى بولغانلىقى مەلۇم.

يۇقىرىدىكى تارىخي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمدىنلا تەبىئىتى گۈزەللىككە مايىل، نازاكەتلىك،

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

ساھىبجامال ئانىلىرىمىز ئۇسمىغا ئوخشاش تەبىئىي پەرداز بۇيۇملىرىنى ئىشلەش ۋە ئۇنى تۇرمۇشتا ئىشلىتىشتە خېلى بۇرۇنلا ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان. ئۇلار بىر خىل ئۆسۈملۈكتىنلا ئەمەس، بىرنەچچە خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چېچەكلىرى، بەزى مېۋىلەرنىڭ مېغىزى ۋە باشقىلارنى ھەر خىل مايلارغا ئارىلاشتۇرۇپ، پەرداز بۇيۇمى ياسىغانلىقى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېنىق قەيت قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قەدەر گەۋدىلىك ئېتىنىك تۈس ئالغان ھەم كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقىنى ئۇسما بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى تەبىئىي پەرداز بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ كەلگەن ۋە ئۇلار ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. ئۇ 4 - ئاي مەزگىلدە تېرىلىدۇ. 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدۇ، سېرىق چېچەكلەيدۇ، ئۇرۇقى ئۇزۇنچاق بولۇپ سۆسۈن رەڭدە بولىدۇ. ئۇسما بەش سانتىمېتىر ئۆسكەندىن باشلاپ ئۈزۈپ ئېلىنىپ، كىچىك چىنىلەرگە سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ، نۆكچە پىلتە ياساپ، ئۇسما سۈيىگە چىلاپ قاشقا بىرنەچچە قېتىم يېقىلىدۇ. بىر ئاز شامالدىغاندىن كېيىن سۇدا يېنىك سىلاپ يۇيۇلىدۇ. قاشتا چوكمە بولغان قىسمى ئۇزاققىچە كەتمەيدۇ. قەدىمكى ئانىلىرىمىز ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇسمىنى ئىشلىتىش داۋامىدا نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئارقىلىق، ئۇسمىنى ئۆچكە مېيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، قومۇشقا قاچىلاپ قۇرۇتۇپ، قاتتىق ئۇسما ياكى قەلەم ئۇسما ياساپ چىققان[80]. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ئۇسمىنىڭ تەبىئىتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى مۇنداق قەيت قىلىنغان: ئۇسما ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، خۇسۇسىيىتى بەدەننى پارقىرىتىدۇ ۋە ئارتۇق خىلىتلارنى تارقىتىدۇ. ئۇسمىنىڭ خۇزابىنى سۇ ۋە تۇز بىلەن باشقا چاپسا چاچنى قارايتىدۇ، يەل ۋە بەلغەم خاراكتېرلىك باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئۇنى بوي سېلىپ تۇتۇننى پۇرىسا ياكى ئېزىپ چاپسا زۇكامغا مەنپەئەت قىلىدۇ، چاچلارنى چىڭىتىدۇ، يۇپۇرمىقىنىڭ سىقىلغان سۇيىنى ياكى قاينىتىلغان سۇيىنى مۇۋاپىق ھالدا ئىچسە قەي قىلدۇرىدۇ، ئۇسمىنىڭ خۇزابى چاچنى قاراتىشتا باشقا خۇزابلارغا نىسبەتەن ياخشى، ئۇرۇقىنى يۇمشاق ئېزىپ كۆزگە تارتسا كۆزگە سۇيۇقلۇق چۇشۇشنى توسىدۇ ۋە چۈشكەن سۇيۇقلۇقلارنى تارقىتىدۇ. بۇندىن باشقا يەنە جىگەردىكى ھارارەتنى تارقىتىش، قاننى سوۋۇتۇش، زەھەرنى قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. باللارنىڭ دولۇنۇپ كېتىشلىرى، قىزىتملىق كېسەللىرىدىكى ئەسۋە، قان قوسۇشلارنى داۋالاشقا ھەم ئېغىز ئىچى ۋە تىلغا چىققان جاراھەتلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ[81].

ئۇسما قويۇش ئۇيغۇر ئاياللىرىغا خاس ئالاھىدىلىك بولۇپ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ھازىر گەرچە پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ سۈپىتى ۋە سانىدا زور ئىلگىرىلەش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر ئاياللىرى بولۇپمۇ تارىم - تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى قەدىمىي يېزا - قىشلاقلاردا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرى ئۇسمىدىن ئىبارەت بەدەن ساغلاملىقىغا پايدىلىق تەبىئىي پەرداز بۇيۇمىنى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلىدا ئۆستۈرمەكتە ۋە ئىشلەتمەكتە.

ھازىر ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۇسما ئىشلىتىشى ئاساسىدا ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان ھەر خىل ئۇسما زىننەت بۇيۇملىرى دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا بازارلاردا كەڭ خېرىدارلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىۋاتىدۇ. ھەمدە دۇنيادىكى ھەر مىللەت قىز - چوكانلىرىغىمۇ ئۇزلىشىۋاتىدۇ. شۇڭا، بۇنى تارىختىن بويان ئۇسمىنى بايقاپ ۋە ئۇنى پەرداز بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىزچىل ئىشلىتىپ كەلگەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ دۇنيا پەرداز مەدەنىيىتىگە قوشقان مۇھىم بىر تۆھپىسى دەپ قاراش كېرەك، ئەلۋەتتە.

## 8. قەدىمكى ئانىلىرىمىزدا چېچىغا جىگدە يېلىمى چېپىش ئادىتى

چاچقا جىگدە يېلىمى چېپىپ، سومبۇل چاچلارنى ئاسراش ۋە گۈزەللەشتۈرۈش — قەدىمكى ئۇيغۇر

قىز - چوكانلىرىنىڭ ئۆز گۈزەللىكىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇشىدىكى مۇھىم ئۇسۇللاردىن بىرسى بولۇپ كەلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرى ناھايىتى بۇرۇنلا جىگدە يېلىمىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بايقاپ، ئۇنى ئۆز تۇرمۇش ئەمەلىيەتلىرىدە قايتا - قايتا سىناق قىلىپ، چاچقا داۋاملىق جىگدە يېلىمى چېپىپ بەرسە ئۇزۇلگەن چاچنىڭ رەتلىكلىكىنى ساقلاپ، چۈۋۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى بايقىغان.

جىگدە يېلىمى — جىگدە دەرىخىنىڭ غولى بىلەن قوۋزىقى ئارىلىقىدىن ئېقىپ چىقىدىغان شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بولۇپ، ئەتىياز كۈنلىرى پەيدا بولىدۇ. ئادەتتە جىگدە دەرىخىنىڭ ھەممە سورتلىرىدىن چىقىدۇ. لېكىن، قاغا جىگدىسىنىڭ يېلىمى ئەڭ ياخشى بولۇپ، سۈزۈكلۈك ۋە يېپىشقاقلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولىدۇ.

جىگدە يېلىمى ئېلىشتا، ئادەتتە ئەتىياز كۈنلىرى جىگدە غولىنىڭ ئازراق قىسمىنى چاناپ قويسا، بەش - ئالتە كۈندىن كېيىن ئۇ يەرگە خېلى كۆپ يېلىم جۇغلىنىدۇ. بۇنى ئېلىپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتقاندىن كېيىن، قۇرغاق جايدا ئوبدان ساقلاپ قويۇپ، ھەر قېتىم چاچ تاراشتىن ئىلگىرى ئۇنى كىچىك قاچىغا چىلاپ قويۇپ، مۇۋاپىق سۇيۇلدۇرغاندىن كېيىن چاچقا چېپىلىدۇ. يامغۇردا قالغان جىگدە يېلىمىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ يېپىشقاقلىق تەركىبى يامغۇر سۈيىدە ئېقىپ كېتىدۇ. قەدىمكى ئانىلىرىمىز جىگدە يېلىمىنى پەرداز بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىش بىلەن بىللە ئۇنىڭ چاچقا بولغان پايدىلىق رولىنىمۇ خېلى بۇرۇنلا بايقىغان. مەلۇمكى، ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ چاچلىرى ئۇزۇن ۋە قارا، قويۇق كېلىدۇ، ھەتتا خېلى ياشىنىپ قالغان ئاياللارنىڭمۇ چېچى ئاسان شالاڭلىشىپ كەتمەيدۇ. رەڭگى بىر خىل بولىدۇ. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى چاچقا جىگدە يېلىمى ئىشلەتكەنلىكتۇر. ئادەتتە ئامىنو كىسلاتا مىقدارى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئۇ جىگدە يېلىمى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، چاچنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلەشتۈرىدۇ. چاچنىڭ تالللىرى بارغانسېرى توملىشىپ رەڭگى قارىيىپ، پارقىراقلىقى ئاشىدۇ. ھەر قېتىم چاچ تارىغاندا، چاچنى يۇيۇپ تارىغاندىن كېيىن يېلىم چېپىلىپ ئاندىن چاچ ئۆرۈلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا چاچ ئاسان چۇۋۇلمايدۇ. چاچ چۈشۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، چاچنى قويۇقلاشتۇرىدۇ. ھازىر گەرچە زامانىۋى چاچ سوپۇنى، چاچ مېيى، چاچ يېلىمى قاتارلىق پەرداز بۇيۇملىرى كۆپلەپ ئىشلىتىلىپ بىر قەدەر ئومۇملاشقان بولسىمۇ، جىگدە يېلىمىدىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي پەرداز بۇيۇمى ھېلىھەم تارىم - تەكلىماكان گىرۋەكلىرىگە جايلاشقان بىپايان يېزا - قىشلاقلاردىكى ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا كەڭ تۈردە ئىشلىتىلمەكتە. ھەتتا شەھەر ئاھالىلىرى ئىچىدىمۇ خېلى كۆپ ساندىكى ئاياللار يەنىلا جىگدە يېلىمىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدۇ[82]. چۈنكى، جىگدە يېلىمىنىڭ باشقا چاچ سوپۇنى ۋە چاچ مايلىرىغا ئوخشاش ئىشقارلىق رولى بولمىغاچقا، چاچقا ھېچقانداق زىيىنى يوق. ئۇ چاچنى ياخشىلاپ، نەملىكىنى ئاشۇرۇپ، چاچنىڭ ماي تەركىبىنى نورماللاشتۇرىدۇ. شۇڭا، جىگدە يېلىمى ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك تەبىئىي پەرداز بۇيۇمى بولۇپ كەلگەن.

## 9. قەدىمكى ئانىلىرىمىزدا ئۇپا - ئەڭلىك سۇرۇش ئادىتى

ئۇپا - ئەڭلىك ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرىنىڭ يۈزىگە سۈركەيدىغان پەردازى بولۇپ، يۈزنى ئاقارتىدۇ، تېرىنى ئاپتاپتىن ساقلايدۇ. ئەڭلىك (ئەڭ — يۈز دېگەن سۆز بولۇپ، كەينىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بىلەن قوشۇلۇپ يۈزگە ئىشلىتىلىدىغان نەرسە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) — ئاياللارنىڭ مەڭزىگە سۈركەيدىغان ئاچ قىزىل رەڭدىكى بوياقنى كۆرسىتىدۇ. ھۆنلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرى قىزىل ھەم سېرىققا مايىل بىر تۈرلۈك گۈلدىن ئەڭلىك ياساپ، ئۆزلىرىنى گۈزەللەشتۈرگەنلىكى مەلۇم. ئۇلار بۇ خىل

ئەڭلىكنى ئالچى «قىزىلچى» ئەڭلىكى دەپ ئاتاشقان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، «ئەڭلىك»كە «خوتۇنلارنىڭ مەڭزىگە سۈرتىدىغان ئاچ قىزىل بوياق» دەپ ئىزاھ بەرگەن. يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىن بىز قەدىمكى ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرىنىڭ ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان قىزىل، سېرىق رەڭلىك گۈللەردىن ئۇپا - ئەڭلىك ياساپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىكى ئۈچۈن ئىشلەتكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

قەدىمكى ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرى تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش داۋامىدا ئۆز بەدىنىنى تونۇپ يەتكەن ھەم ئۆز چىراي - رۇخسارىدىن پەخىرلىنىشكە، ئۇنى قوغداشقا ئادەتلەنگەن. بۇ خىل «تونۇش» ئۆز نۆۋىتىدە يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرىنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقىشقا تۈرتكە بولغان. قەدىمكى دەۋردىكى كىشىلەر ئوۋچىلىق ۋە قەبىلىلەر ئۇرۇشى جەريانىدا ئۈستىبېشى لاي ياكى قانغا مىلىنىپ كېتەتتى. بۇ ھال ئۇلارغا باشقىلارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايتتى. كېيىنچە، بەزىلەر يۈزلىرىگە ئەتەي قان سۈرتۈۋالغان ۋە بۇ ئارقىلىق ئاياللارنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىشماقچى بولۇشقان. چۈنكى، ئاياللار جەڭگىۋارلىقى يوق قورقۇنچاقلارنى كۆزگە ئىلمايتتى. قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش دەۋرى رەسمىي باشلانغاندىن كېيىن، بۇ خىل ئادەت ئاياللارغا كۆچكەن. بۇ دەۋردىكى ئاياللار قەھرىمان، جەڭگىۋار ئەرلەرنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن يۈزلىرىگە ھەر خىل پەرداز بويۇملىرىنى سۈرتۈشۈپ ئۆزلىرىنى گۈزەللەشتۈرۈش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇشقان⑧. قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرسى بولغان ئۇيغۇرلار دۇنيادا خېلى بۇرۇنلا ئۆزىگە خاس گۈزەللىك ئەندىزىسى ياراتقان خەلقتۇر. ناھايىتى قەدىمىي بولغان مىس كۆرگۈ (ئەينەك) لەرنىڭ تارىم - تەكلىماكان ۋادىسىدىن ئارقا - ئارقىدىن بايقىلىشىمۇ تاسادىپىي ئەمەس.

بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى ياشىغان ئاتاقلىق ئالىم، تىلشۇناس بۈيۈك مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئانىلىرىمىزنىڭ ياسىنىش، ئۇپا - ئەڭلىك سۈرۈش، ئۆزىنى پەردازلاش ئادەتلىرىگە دائىر نۇرغۇن مەلۇماتلارنى بەرگەن. مەسىلەن:

ئەردىنى: بەدىنى مەرۋايىتتەك خوتۇن دېگەن مەنىدە (1 - توم 192 - بەت).

ئۇلاس: خۇمار كۆز (1 - توم 81 - بەت).

قوزاندى: بېزەندى، ياساندى، پەرداز قىلدى (2 - توم 220 - بەت).

كىرشەتەندى: ئۇپىلاندى، ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتتى (2 -توم 406 - بەت).

قىرتىشلەندى: چىرايلىقلاشتى، چىرايلىق بولدى (2 - توم 396 - بەت).

كۆركەتتى: كۆركەملەشتى، گۈزەللەشتى (2 - توم 498 - بەت).

يىپلادى: يىپلاندى، يىپ سالدى، خوتۇن يۈزىنى يىپلىدى (3 - توم 421 - بەت).

مەنكدەشتى: يىپ سېلىشتى، ئىككى خوتۇن يىپ سېلىشتى، يەنى يىپ بىلەن بىر - بىرىنىڭ يۈزىدىكى تۈكلەرنى ئېلىشتى (3 - توم 544 - بەت). يۇقىرىقىلاردىن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ناھايىتى قەدىمدىلا يۈزىنى پەردازلاش ئەنئەنىسىنى ياراتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس.

قەدىمكى ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرىنىڭ ئۇپا - ئەڭلىك ئىشلىتىپ يۈزىنى پەردازلاش ئەنئەنىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئات ئۈستى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن ۋە ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرىنىڭ: «بولسىيدى يىگىتىم بەگقۇلسىمان» دەپ ناخشا ئېيتىپ، جەڭگىۋار، ۋەتەنپەرۋەر، چەبدەس يىگىتلەرگە جورا بولۇشنى ئۆز غايىسى قىلغان زامانلاردا بەك ئومۇملاشقان. قەھرىمان ئەرلەرگە ئىنتىلىش ئادەتكە ئايلانغان. ئۇ زامانلاردىكى قىزلار قەھرىمان يىگىتلەرنىڭ مەيلىنى تارتىش مەقسىتىدە ئۆز رۇخسارىنى گۈزەللەشتۈرەتتى. ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرىنىڭ ئوسما قويۇش، سۈرمە سۈرۈش، ئۇپا - ئەڭلىك ئىشلىتىشكە ئوخشاش بىر قاتار تەبىئىي، ئەنئەنىۋى گىرىم - پەرداز بويۇملىرىنىڭ شەكىللىنىشىمۇ شۇ

سەۋەبتىندۇر.

قەدىمكى ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرىنىڭ بىر پۈتۈن پەرداز - گىرىم بۇيۇملىرى ئىچىدە ئەڭ قەدىمكىسى ۋە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقىنى — ئەڭلىكتۇر.

قەدىمكى ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرىنىڭ تارىختا ئەڭلىك ئىشلەتكەنلىكىنى بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنقى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى تارىخ بەتلىرىدە ئېنىق پاكىتلار بار.

خەن ۋۇدى مىلادىيەدىن 121 - يىل ئىلگىرى گېنېرال خو چۈبىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاتلىق، پىيادە بىرنەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئەۋەتىپ، خېشى كارىدورىنى تارتىۋالىدۇ. ھۇنلار بۇ مۇنبەت يەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ھەسرەتلىنىپ:

ئايرىلىپ قالغاندا تەڭرىتاغىدىن،
ئاۋۇماس بوپقالدى چارۋا مالىمىز.
ئايرىلىپ قالغاندا ئالچى تاغىدىن،
مۇڭلىنىپ سارغايدى قىز - ئايالىمىز.

دېگەن قوشاقنى توقۇشقان. بۇ قوشاقتىكى كېيىنكى ئىككى مىسرا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، ئالچى تېغىدىن ئەڭلىك قىلىشقا ئىنتايىن قولايلىق بىر خىل ئۆسۈملۈك چىقىدىغان بولۇپ (قىزىل ھەم سېرىققا مايىل بىر تۈرلۈك گۈل بەرگى)، ھۇن خوتۇن - قىزلىرى چىرايىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئەڭلىك ياساپ چىرايىغا سۈرتەتتى. ھۇنلار مانا مۇشۇ ئەڭلىكنى «ئالچا» (ھال، قىزىل) ئەڭلىكى دەپ ئاتايتتى. شۇنىڭدەك ھۇن ئىمپېراتورلىرىنىڭ رەسمىي خانىشى (بىكەسى) «ئالچى» دەپ ئاتىلاتتى. تىلشۇناسلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، رۇس تىلىدىكى «ئالى» (قىزىل) سۆزى ھۇن تىلىدىكى «ئالچى» سۆزىدىن كېلىپ چىققانىكەن[84]. ئۇنىڭدىن باشقا، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىمۇ: «ئەڭلىك» خوتۇنلار مەڭزىگە سۈرتىدىغان ئاچ قىزىل رەڭلىك بوياق، دېيىلگەن (1 - توم 156 - بەت). دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرى تۇرمۇشىدىكى ئەنئەنىۋى پەرداز بۇيۇمى بولغان ئۇپا - ئەڭلىك ئۇزاق زامانلاردا داۋامىدا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ مۇھىم تەركىبىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

«كىرورەن گۈزىلى»نىڭ جەسىتىنى ئون يىل تەتقىق قىلغان ئالىملار بۇ جەسەتنىڭ نەچچە مىڭ يىل قۇم ئاستىدا يېتىپمۇ ياخشى ساقلانغانلىقىنىڭ سىرىنى يېشىپ بەردى. تەتقىقاتچى تيې دېلىن جەسەتنىڭ بەدىنىگە ئىنتايىن نېپىز سۈرتۈلگەن ئاقسىل تۈرىدىكى ماددىنى بايقىغان. ئۇ باشقا مۇمىيا جەسەتلەرنى بايقىغاندىمۇ بۇ خىل ماددىنى جەسەتلەرنىڭ يۈزىدىن بايقىغان (0.1 - 0.5 مىللىمېتىر قېلىنلىقتىكى ئاچ سېرىق ماددا). ئۇ تەتقىقاتلار ئارقىلىق، سۈرتۈلگەن بۇ ماددىنىڭ ئانئورگانىك ماددا ۋە كىراخمال تۈرىدىكى ماددا بولماستىن، بىر خىل ھايۋانات ئاقسىلى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بەدەننى، چىرايىنى ئاسراش، گۈزەللەشتۈرۈش رولى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى[85]. بۇ بايقاش ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا ئەڭلىككە ئوخشاش تەبىئىي پەرداز بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئارخېئولوگلار پىچاندىكى سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋالغان يادىكارلىقلار ئىچىدە «M11 نومۇرلۇق قەبرىدىن تېرىدىن تىكىلگەن بىر پەرداز خالتىسى تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە تارغاق، قاش قەلەم ۋە قارا، ئاق، قىزىل رەڭلىك سۈرمە تاشلار قاچىلانغان. قاش قەلەمنى قارا رەڭلىك سۈرمە تاشقا سۈركەش ئارقىلىق چىقىرىلغان ئۇۋاق بىلەن قاش - كۆزلەرگە پەرداز قىلىنسا، ئاق رەڭلىك سۈرمە تاشقا سۈركەش ئارقىلىق چىقىرىلغان ئۇۋاقلار بىلەن يۈز ئاقارتىلىدۇ. قىزىل رەڭلىك تاشقا

سۈركەش ئارقىلىق چىقىرىلغان ئۇۋاقلار بىلەن يۈزىگە ئەڭلىك قىلىنىدۇ»[86] دەپ يازغان. مۇنداق ئۇپا ـ ئەڭلىك چىقىرىلىدىغان سۈرمە تاشلار ۋە ئۇپا ـ ئەڭلىكلەر خېجىڭدىكى 2500 ـ 3000 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە خاس بالغۇنتاي قەبرىستانلىقىدىكى قەبرىلەردىنمۇ تېپىلغان[87].

1984 ـ يىلى ئارخېئولوگلار لوپ ناھىيەسىدىكى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قازغاندا، بۇ جايدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 ـــ 3 ـ ئەسىرلەرگە خاس باشقا يادىكارلىقلار بىلەن بىللە كىمخابتىن تىكىلگەن ناھايىتى چىرايلىق بىر ئۇپا ـ ئەڭلىك خالتىسىنى تاپقان بولۇپ، خالتا ئىچىگە مىس ئەينەك، تارغاق ـ سۈزگۈچ، ئۇپا ـ ئەڭلىك ۋە دورا ـ دەرمەكلەر قاچىلانغان[88]. 1988 ـ يىلى 10 ـــ 11 ـ ئايلاردا، 1990 ـ يىلى 10 ـــ 11 ـ ئايلاردا ۋە 1991 ـ يىلى 10 ـــ 11 ـ ئايلاردا جۇڭگو ـ ياپونىيە نىيە خارابىسىنى بىرلىكتە ئىلمىي تەكشۈرۈش خادىملىرى نىيە خارابىسىدا ئۈچ قېتىم تەكشۈرۈپ ۋە قېزىپ، بۇ جايدىنمۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە تەۋە ئۇپا ـ ئەڭلىك قاچىلانغان چىرايلىق خالتىلارنى تاپقان[89].

1995 ـ يىلى ئارخېئولوگلار لوپنۇردىكى يىڭپەن قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قېزىپ تەكشۈرگەندە، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە تەۋە بۇ قەبرىلەردىن ئۇپا ـ ئەڭلىك ۋە باشقا پەرداز بۇيۇملارنى ساقلايدىغان «خۇشبۇيلۇق خالتىسى»دىن يەتتە دانىنى تاپقان. بۇ ئۇپا ـ ئەڭلىك خالتىلىرى شۇ دەۋردىكى ئەڭ ئېسىل رەخت ھېسابلانغان رەڭدار يۇڭ توقۇلما ۋە شايىدىن ئوراپ (بىر ـ بىرىگە چېتىپ) تىكىلگەن بولۇپ، ھەر خىل رەڭدار لېنتىلار ۋە نەقىش ـ بېزەكلەر بىلەن كۆركەملەشتۈرۈلگەن[90].

يىڭپەن قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن يەنە ياغاچتىن ياسالغان ھەر خىل شەكىلدىكى ئالتە دانە ئۇپا ـ ئەڭلىك قۇتىسى تېپىلغان بولۇپ، قۇتا ئىچىگە پەرداز قىلىشتا ئىشلىتىدىغان سەرناق ۋە پاراشوكسىمان ئۇپا ـ ئەڭلىكلەر قاچىلانغان[91].

1995 ـ يىلىدىكى قېزىشتا، يىڭپەن قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن دەۋرى ناھايىتى قەدىمىي بولغان تېرىدىن تىكىلگەن ئۈچ دانە ئۇپا ـ ئەڭلىك خالتىسى تېپىلغان. مەسىلەن، M 22:6 نومۇرلۇق تېرىدىن تىكىلگەن ئۇپا ـ ئەڭلىك خالتىسىنىڭ ئېگىزلىكى 4.4 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇ كىچىك بىر پارچە قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن. ئۇنىڭ ئاغزى ھىم چىگىلگەن بولۇپ، ئىچىگە ھال رەڭ پاراشوكسىمان نەرسە قاچىلانغان. ئۇ بىر پەرداز قۇتىسى ئىچىدىن چىققان بولۇپ، پەرداز قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۇپا ـ ئەڭلىك خالتىسى ھېسابلىنىدۇ[92].

90 ـ يىللاردا ئارخېئولوگلار چەرچەن زاغۇنلۇقتىكى 1 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقىنى قېزىپ، قەبرىلەردىن ياغاچتىن ياسالغان ئىككى دانە ئۇپا ـ ئەڭلىك قۇتىسىنى تاپقان[93]. مەسىلەن، M 12B:4 نومۇرلۇق قۇتىنىڭ يۈزىگە توققۇز قۇر قاينام شەكلى ئويۇلغان بولسا، M 24:12 نومۇرلۇق قۇتىنىڭ يۈزى قارا سىردا سىرلانغان، قوي ۋە بۇغا رەسىملىرى نەقىشلەپ ئويۇلغان بولۇپ، ئەينى زامانغا نىسبەتەن خېلى يۇقىرى ھۈنەر ـ سەنئەت ماھارىتى سىڭدۈرۈلگەن. بۇ ئۇپا ـ ئەڭلىك قۇتىلىرى قەدىمكى ئانىلىرىمىز ئۇ ئالەمگە بارغاندىمۇ داۋاملىق پەرداز قىلىپ ئۆزىنى گۈزەللەشتۈرۈشكە ئىشلىتىدۇ، دېگەن روھىيەت قاراشلىرى بىلەن قويۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىن مەلۇمكى، قەدىمكى ئۇيغۇر قىز ـ چوكانلىرى ھەر خىل رەڭلىك تاشلارنى سۈركەش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئۇپا ـ ئەڭلىك ياساپ، ھۆسن ـ جامالىنى گۈزەللەشتۈرۈپ كەلگەن، ھەتتا ھەر خىل ئېسىل رەختلەردىن، ياغاچلار ۋە تېرىلەردىن ئۇپا ـ ئەڭلىك قاچىلايدىغان رەڭدار خالتا ۋە قۇتىلارنى ياساپ، ئۇنىڭغا ئۇپا ـ ئەڭلىك قاچىلاپ ساقلاشقا ۋە يانلىرىدا بىللە ئېلىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن.

شۇ دەۋرلەردە غەربىي يۇرت ئاياللىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئاياللارنىڭ پەرداز قىلىش

ئوسۇللىرىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ». «ۋۇ يەنچۈن ‹ئۈرۈمچى – ئادەت ۋە ئارخېئولوگىيە› ناملىق ماقالىسىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى .M .g شارەنكىننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قاشلىق ئېتىش ئادىتىنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقى توغرىسىدىكى ‹قەدىمكى باكتېرىيە› دېگەن ماقالىسىنى تىلغا ئېلىپ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 يىللار بۇرۇن ئىنتايىن نەپىس ياسالغان بىر پەرداز قۇتىسى توغرۇلۇق مەلۇمات بەرگەن. بۇ خىل كەڭ، يۇمىلاق قورساقلىق، ئېگىز بويۇنلۇق، تەكشى يۈزلۈك، يۇمىلاق ئېغىزلىق كىچىك قۇتىنىڭ ئېغىزىغا هايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. كىچىك تاياقچە قىستۇرۇپ قويۇلغان. شارەنكى بۇنى قاشلىق ئېتىشكە ئىشلىتىلىدىغان قارا رەڭلىك سۈرمە تاش قاچىلىنىدىغان پەرداز قۇتىسى دەپ قارايدۇ. شۇنىڭدەك شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ هازىرقى زامان مىللىي ئۈرۈپ – ئادەت كۆرگەزمە زالىدىكى تاتارلار كۆرگەزمە بۇيۇملىرى ئىچىدە ئالتۇندىن ياسالغان، شەكلى باكتېرىيە ئەتراپىدىن تېپىلغان يۇقىرىقى قۇتىغا ئوخشاش ئىككى دانە قاشلىق قۇتىسى بار بولۇپ، ئوخشىمايدىغان يېرى پەقەت قۇتىنىڭ ئېغىزىغا سانجىپ قويۇلغان كىچىك تاياقچىغا گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن»[94].

شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى 2003 – يىلى 3 — 5 – ئايلاردا پىچان ناهىيە تۇيۇق يېزا شاه كەنتىگە يېقىن بولغان يانقىر (ياڭخى) قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا 209 قەبرىنى قازدى. بۇ قەبرىلەردىن ناهايىتى مول تارىخىي يادىكارلىقلار قېزىۋېلىنىش بىلەن بىللە، يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر قىز – چوكانلىرىنىڭ گىرىم – پەرداز قىلىشتا ئىشلىتىدىغان ئۇپا – ئەڭلىك قۇتىلىرىمۇ تېپىلدى.

مەسىلەن: M1: 151 – نومۇرلۇق ئۇپا – ئەڭلىك قۇتىسى ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ يان – چۆرىلىرىگە ناهايىتى چىرايلىق گۈل – نەقىشلەر ئويۇلغان، ئېغىز ياپقۇچى بار، ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك، بىر تەرىپى ياي شەكىللىك بولۇپ ناهايىتى كۆركەم ياسالغان. يەنە بىرسىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش شەكىلدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 6.1 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 3.2 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئارخېئولوگلار بۇ يادىكارلىقلارنىڭ دەۋرىنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 – يىلنىڭ ئاخىرلىرىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 – يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ[95]، دەپ قارىغان.

2003 — 2004 – يىللىرى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى لوپنۇر ناهىيەسىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قۇمدەريا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا 33 قەبرىنى قازدى. بۇ قەبرىلەردىن قەدىمكى يادىكارلىقلار ناهايىتى كۆپ تېپىلدى، شۇ قاتارىدا ئۇپا – ئەڭلىك، گىرىم – پەرداز بۇيۇملىرىنى سېلىپ ساقلايدىغان ناهايىتى چىرايلىق كۆن قاپچۇقلارمۇ تېپىلدى.

مەسىلەن، كۆن قاپچۇق :(03MHX 11:14) ئايال جەسەتنىڭ ئوڭ بىلىكىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان. كىچىك هايۋاننىڭ بىر پارچە تېرىسىدىن تىكىلگەن. كۆن قاپچۇقنىڭ يېرىمىنى ۋە ئاستىنى يۇڭ يىپ بىلەن تىككەن، شەكلى خالتىسىمان بولۇپ، قۇرۇپ قورۇلۇپ قالغان، ئىككى يەردىكى تۆۋرۈكسىمان چوقچىيىپ چىققان يېرى ئوتتۇرىغا توغرا كېلىدۇ. ئۈستى قىسمىمۇ يۇڭ يىپ بىلەن تىكىلگەن بولۇپ، ئاغزى ئاق يۇڭ يىپتا پەرلەنگەن، بويى قىزىل ۋە قوڭۇر يىپتا ئېشىلگەن شوينا بىلەن بىرنەچچە ئايلاندۇرۇپ بوغۇلغان. قاپچۇقنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە تېگىدىكى ئۈچ يەردە ئاق يۇڭ يىپنى ئۆتكۈزۈپ شەكىللەندۇرگەن چۈچىسى بار، قاپچۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا يىپ بىلەن يامالغان ياماق بار. قاپچۇقنىڭ ئىچىگە بىر ئورام قوڭۇر رەڭلىك يۇڭ يىپ سېلىنغان[96].

كۆن قاپچۇق: (M13:13) ئايال جەسەتنىڭ قورساق قىسمىنىڭ ئوڭ يېنىغا قويۇلغان. ئىككى پارچە تېرىدىن تىكىلگەن، سوغا شەكىللىك، تېگى يۇمىلاق. ئۇنىڭ يان تەرىپى بىلەن تېگى چۆرۈلدۈرۈپ تىكىلگەن، تىككەن يېرىنىڭ قىرلىرىغا يەتتە پارچە چاسا شەكىللىك بۆرتمە شەكىل كېسىپ چىقىرىلغان.

قاپچۇقنىڭ ئاغزىغا قىزىل يۇڭ يىپتا كەشتىلەنگەن زىغزىق چىقىرىلغان. قاپچۇقنىڭ تېگى قىزىل يۇڭ شوينا بىلەن چۆرۈلدۈرۈپ تىكىلگەن. قاپچۇقنىڭ ئېگىزلىكى 28، تېگىنىڭ دىئامېتىرى 9.5 كەمتۇك[97]. ئارخېئولوگلار بۇ يادىكارلىقلارنىڭ يىل دەۋرىنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1690 — 1420 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ، دەپ يەكۈنلىگەن.

يۇقىرىقى ماددىي پاكىتلار بىزگە تۆمۈر قوراللار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ گۈزەللىك قارىشىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرىلىقىنى ھەمدە بۇ دەۋردە قاش قەلەم، ئۇپا ـ ئەڭلىك، پەرداز خالتىسى قاتارلىق يېڭى ۋە ئىپتىدائىي پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى، شۇنىڭدەك شۇ دەۋردىلا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنىڭ بولغانلىقىنى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

ئۇلۇغ رۇس تەنقىدچىسى بېلىنسكىي: «گۈزەل شەيئىلەرنى ياقتۇرۇش بىلەنلا چەكلەنمەي، يەنە ئۇنى چۈشىنىشكە ماھىر بولۇش كېرەك» دېگىنىدەك، قەدىمكى ئانىلىرىمىز ۋە قىز ـ چوكانلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسى ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ نادانلەرچە گۈزەللىك قوغلىشىدىغان تۇيغۇسىدىن نەچچە بارا-ۋەر ئېشىپ كەتكەن. قەدىمكى ئۇيغۇر قىز ـ چوكانلىرى ئەڭ ئېسىل بۇيۇملارنى نەگە تاقىسا، قەيەرگە سانجىپ تاقىۋالسا گۈزەل بولىدىغانلىقىنى ئالىقاچان بىلىپ يەتكەن. بۇ بىر يورۇش ياسىنىش، بېزىنىش مەدەنىيىتى خەزىنىسىدە ئۇپا ـ ئەڭلىك مەدەنىيىتى غول لىنىيە ھاسىل قىلغان. ماركس: «بىر سەنئەت بۇيۇمىنى پەقەت سەنئەتنى چۈشىنىدىغان، شۇنداقلا گۈزەللىكتىن زوقلىنالايدىغان خەلق ئىجاد قىلالايدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. ناۋادا قەدىمكى ئۇيغۇر قىز ـ چوكانلىرى بۇ جەھەتتە مەلۇم دەرىجىدە مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە بولمىغان بولسا، نادىر پەرداز بۇيۇملىرىنى ياسىيالمىغان بولاتتى.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

⑧⓪⑧① ئازادگۇل مەڭسۇر: «ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تەبىئىي گىرىم بۇيۇمى — ئۇسما»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»، 1993 ـ يىللىق 5 ـ سان، 38 ـ، 39 ـ بەتلىرىدىن ئېلىندى.
⑧② راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تەبىئىي گىرىم بۇيۇملىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىللىق 12 ـ سان، 21 — 23 ـ بەتتىن ئېلىندى.
⑧③⑧④⑧⑤ يۇلتۇز روزى: «تەبىئىي گىرىم بۇيۇمى — ئەڭلىك»، «شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى»، 2000 ـ يىللىق 3 ـ سان، 105 — 107 ـ بەتتىن ئېلىندى.
⑧⑥⑧⑦ مۇبارەك ئاۋۇت: «قەدىمكى غەربىي يۇرت ئاياللىرىنىڭ گىرىم سەنئىتى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، ئۇيغۇرچە، 2000 ـ يىللىق 3 ـ سان، 53 — 61 ـ بەتلەرگە قاراڭ.
⑧⑧ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۇيغۇرچە، 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان، 138 ـ بەتكە قاراڭ.
⑧⑨ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1998 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ قوشما سان، 123 ـ بەتكە قاراڭ.
⑨⓪ يۇقىرىدىكى ژۇرنال 2003 ـ يىللىق 3 ـ سان، 39 ـ، 40 ـ بەتلەرگە قاراڭ.
⑨① يۇقىرىدىكى ژۇرنال 4 ـ سان، 8 ـ، 9 ـ بەتكە قاراڭ.
⑨② يۇقىرىدىكى ژۇرنال 2001 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ قوشما سان، 38 ـ بەتكە قاراڭ.
⑨③ يۇقىرىدىكى ژۇرنال 2001 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ قوشما سان، 36 ـ، 37 ـ بەتلەرگە قاراڭ.
⑨④ لى شياۋبىڭ: «جۇڭگو غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات» 1995 ـ يىللىق 8 ـ ئاي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 193 ـ، 195 ـ بەتلەرگە قاراڭ.
⑨⑤ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۇيغۇرچە، 2004 ـ يىللىق 4 ـ سان، 26 ـ، 36 ـ بەتلەر.
⑨⑥ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۇيغۇرچە، 2009 ـ يىللىق 3 ـ 4 ـ قوشما سان، 18 ـ بەت.
⑨⑦ يۇقىرىقى ژۇرنال، 29 ـ بەت.

(ئاپتورى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىدا)



تۇرغۇن ئىبراھىم

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلارغا ئائىت ئۇچۇرلار

قەدىمكى يازما تارىخنامىلەر، شۇنداقلا رايونىمىزدىكى مىڭئۆي تاشكېمىرلىرىدە غەربىي يۇرتنىڭ چالغۇلىرىغا ئائىت ئۇچۇرلار بىرقەدەر كۆپ ساقلانغان. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋە ئابلەت نۇردۇنلارنىڭ تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، كۇچا قىزىل مىڭئۆيى، قۇمتۇرا مىڭئۆيلىرىدىكى «ئەرشتىكى نەغمە - ناۋا تەسۋىرى» ناملىق تام رەسىملىرىدە پىپا، بالىمان، غۇنقا، سۇناي، نەي (يالغۇزەك)، ناغرا، داپ - دۇمباق، قالۇن، چاڭ، راباب، جەللە (ئوتتۇرىسىغا تېرە تارتىلغان مىس تەخسىلىك بىر خىل داپ) قاتارلىق 15 خىل چالغۇ ئەسۋابىنىڭ تەسۋىرى سىزىلغان. قىزىلقاغا مىڭئۆيىدىكى تام رەسىملىرىدىمۇ بالىمان، غۇنقا قاتارلىق سازلارنىڭ تەسۋىرى سىزىلغان. تەتقىقاتلار ئارقىلىق يەنە كۆسەن مىڭئۆيلىرىنىڭ تام رەسىملىرىدىكى پىپانىڭ تەسۋىرلىرى ئاساسىدا پىپانىڭ قەدىمكى تۈرلىرىدىن تۈز دەستىلىك بەش تارلىق پىپا، تۈز دەستىلىك تۆت تارلىق پىپا، ئەگرى دەستىلىك تۆت تارلىق پىپا، ئەگرى دەستىلىك بەش تارلىق پىپا تۈرلىرىنىڭ بولغانلىقىمۇ بايقالغان. دېمەك، رايونىمىز ۋە ئېلىمىزدىكى مۇزىكا مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى نۇرغۇن ئىزدىنىشلەر داۋامىدا قەدىمكى زامان ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى توغرىلىق مول تەتقىقات ئۇچۇرلىرىنى بىزگە يەتكۈزۈۋاتىدۇ. ئۇيغۇر قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ھازىرقى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا رەتلەپ چىقىلغان تۈرلىرى ئاساسەن تۆۋەندىكىچە بولغان:

## 1. كامانچىلىق چالغۇلار

كامانچە: بۇ ئەڭ قەدىمكى ۋە ئىپتىدائىي ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابى. ئۇ ئوقيانىڭ يا كىرىچىگە قىل، يىپەك يىپتىن تار تارتىپ ئاۋاز چىقىرىش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى «غۇنقا» دەپ ئاتالغان.

چىلتار: كامانچىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى، غۇنقانىڭ دەسلەپكى شەكلى. ئۇ تەخمىنەن بەش - ئالتە تارلىق بولغان.

قوبۇز: كامانچىلىق چالغۇ. بېشى دۈگىلەك، يۈزلۈكىگە تېرە ئېلىنغان.

قۇمۇل غىجىكى: ئىككى تارلىق كامانچىلىق چالغۇ. ئىككى تارنىڭ ئارىسىغا قومۇش تارىشا قىستۇ-رۇلغان. بىر قولدا كامانىنى تارغا سۈركەپ، يەنە بىر قولدا پەدىسى بېسىپ چېلىنغان.

2. يەللىك چالغۇلار

قوۋۇز: يەللىك چالغۇ. ئېغىز بىلەن پۈۋلەپ، بارماق بىلەن چېكىپ چېلىنغان. ئۇنىڭ تۆمۈر قوۋۇز، قومۇش قوۋۇز ۋە يىپ قوۋۇز قاتارلىق شەكىللىرى بار بولۇپ، «ئېغىز تار» دەپمۇ ئاتالغان. بۇنىڭدىن 3000 يىللار بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقالغانىكەن.

بورىيا: نەي ئائىلىسىگە تەۋە يەللىك چالغۇ. قىيپاش تۇتۇپ پۈۋلەپ چېلىنغان. بۇ خىل چالغۇ تۇر-كىيە ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇب رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا چېلىنغان. قۇمتۇرا مىڭئۆيىنىڭ 68 ـ غارىدا ئون تال قومۇشتىن جۈپلىنىپ ياسالغان بورىيانىڭ رەسىمى ساقلانغان.

يالغۇزەك: نەي ئائىلىسىگە تەۋە يەللىك چالغۇ. ئادەتتە تومراق قومۇشتىن ياسىلىپ، تۈز تۇتۇپ، بىر ئۇچىدىن پۈۋلەپ چېلىنغان. ئالتە ـ يەتتە تال ئاۋاز تۆشۈكى بولغان.

چوڭ بالىمان: خەنزۇچە نامى «بىلى» ياكى «پىپى». نەي ئائىلىسىگە تەۋە يەللىك چالغۇ، قومۇشتىن ياسالغان. كۇسەن چالغۇ تۈرىگە مەنسۇپ بولغان.

كىچىك بالىمان: ھەجمى چوڭ بالىماندىن كىچىكرەك بولغان.

قوش بالىمان: ئىككى تال قومۇشتىن جۈپلەپ ياسىلىپ، تۈز تۇتۇپ، پۈۋلەپ چېلىنغان.

دۇدۇك: يەللىك چالغۇ. قۇلۇلە قېپى ياكى ئىچى ئويۇلغان دۈگىلەك ياغاچتىن ياسىلىپ پۈۋلەپ چېلىنغان.

چورا: بىر ـ ئىككى تۆشۈكلۈك پۈۋلەپ چېلىنىدىغان يەللىك چالغۇ. ساپالدىن ياسالغان بولۇپ، ئىـ-چىگە مۇۋاپىق سۇ تولدۇرۇپ، تۆشۈكىدىن پۈۋلەپ چېلىنغان. پۈۋلەش ئارقىلىق قۇشلارنىڭ ئاۋازىدەك يېقىملىق ئاۋاز چىقارغىلى بولىدىكەن.

بۇرغا: يەللىك چالغۇ. كالا، ئۆچكە مۈڭگۈزىدىن ياكى مىستىن ياسالغان. يېڭى تاش قورالالار دەۋرىگە مەنسۇپ.

نەي: قەدىمكى زاماندا سۆڭەكتىن ياسالغان، كېيىن قومۇشتىن ياسىلىدىغان بولغان. ئادەتتىكى نەي-نىڭ سەككىز تۆشۈكى بولغان.

سىبىزغۇ: نەي ئائىلىسىگە تەۋە يەللىك چالغۇ. قومۇشتىن ياسىلىپ يانتۇ تۇتۇپ چېلىنغان.

غۇز نېيى: قومۇشتىن ياسالغان. ئۇنىڭ پۈۋلەش تۆشۈكىگە ئاۋاز چىقىرىدىغان قوش ياپراقچە بېكىتىل-گەن.

سۇناي: ياغاچتىن كاناي شەكلىدە ئىچى ئويۇپ ياسالغان. مىستىن ياسالغانلىرى مىس بۇرغا دەپمۇ ئاتال-غان. مىلادىيەنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بۇرغا ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. ھازىر ياغاچ ۋە مىستىن ياسىلىدۇ.

ئىسقىرت: بارماقنى ئېغىزغا سېلىپ، پۈۋلەش ئارقىلىق ئاۋاز چىقىرىش.

3. چەكمە چالغۇلار

ئۆرەغۇن (تىك غۇنقا): كۆپ تارلىق چەكمە چالغۇ.

يانتۇغۇن (يانتۇ غۇنقا): كۆپ تارلىق چەكمە چالغۇ. يەرگە ياكى ئۈستەللەرگە يانتۇ قويۇپ، بارماق بىلەن تارى ئىلىپ چېلىنىدۇ.

ئەنقافۇن (سۇمۇرغ باشلىق غۇنقا): غۇنقا ئائىلىسىگە تەۋە، ئەگمە شەكىللىك، كۆپ تارلىق چەكمە چالغۇ. دەستىسىگە ئەنقا قۇش (سۇمۇرغ)نىڭ شەكلى ياغاچتىن ئويۇپ بېكىتىلگەن بولۇپ، قۇچاقتا قىيپاش تۇتۇپ چېلىنغان.

باربىت: كۆپ تارلىق چەكمە چالغۇ. قۇچاقتا يانتۇ قويۇپ چېكىپ چېلىنغان.

ئۈچتار: ئۈچ تارلىق چەكمە چالغۇ. يانتۇ تۇتۇپ بىر قولدا چېكىپ، بىر قولدا پەدە بېسىپ چېلىنىدۇ.

رىباب: بەش تارلىق چەكمە چالغۇ. بىر قولدا تارى چېكىلىپ، بىر قولدا پەدىسى بېسىلىپ چېلىنىدۇ.

رەباب: تۆت تارلىق چەكمە چالغۇ. قول زەخمەك بىلەن چېكىپ، پەدىسى بېسىپ چېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھازىر قەشقەر راۋابى، قومۇل راۋابى، قويچى راۋابى، چاسا راۋابى، باس راۋاب، دولان راۋابى قاتارلىق تۈرلىرى بار.

بەرباب: تۆت ـ بەش تارلىق، كەڭ يۈزلۈك، ئەگرى ھەم تۈز دەستىلىك چەكمە چالغۇ. تىك تۇتۇپ، بارماق بىلەن چېكىپ، پەدە بېسىپ چېلىنغان.

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى كۆچادا كەشىپ قىلىنغان. خەنزۇچە ئاتىلىشى «پىپا».

ھەشتار: سەككىز تارلىق چەكمە چالغۇ.

ئۇد: بەش ـ ئالتە تارلىق چەكمە چالغۇ. شەكلى ھازىرقى زاماندىكى گىتارغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

### 4. سوقما چالغۇلار

چوڭ دۇمباق: يۈزى كەڭ سىلىندىرسىمان ياغاچ تۈۋىنىڭ ئىككى يۈزىگە تېرە كېرىلىپ ياسالغان، يەرگە قويۇپ قول ياكى تاياقچىلار بىلەن ئۇرۇپ چېلىنغان.

دارا دۇمباق: بويۇنغا ئېسىپ، ئىككى قول بىلەن تېرە تارتىلغان يۈزىگە ئۇرۇپ چېلىنغان.

مويان دۇمبىقى: بىر يۈزىگىلا تېرە كېرىلگەن. مۈرىگە ئېسىپ، ئىككى قول بىلەن ئۇرۇپ چېلىنغان.

تۇتان ناغرىسى: بىر يۈزىگە تېرە كېرىلگەن. چوكا تاياقچە بىلەن سوقۇپ چېلىنغان.

كېش ناغرىسى: بىر ياكى ئىككى تەرەپتىكى يۈزىگە تېرە كېرىلگەن. يەرگە قويۇپ ئىككى تال چوكا تاياقچە بىلەن ئۇرۇپ چېلىنغان.

چىل ناغرا: ئۆزى سوقىچاق، ئىككى تەرىپىگە تېرە كېرىلگەن. چوكا تاياقچە بىلەن ئۇرۇپ چېلىنغان.

يان دۇمباق: بىر تەرىپى چوڭ، بىر تەرىپى كىچىك. چوڭ تەرىپىگە تېرە كېرىلگەن. يان تەرەپكە ئېسىپ، قول بىلەن ئۇرۇپ چېلىنغان.

تەكشى دۇمباق: شەكلى ۋە چېلىنىشى ئېنىق ئەمەس.

كولدۇرما: ساپ بېكىتىلگەن كىچىكرەك دۇمباقنىڭ ئىككى تەرىپىگە مونچاق ئېسىلىپ، قول بىلەن ئۇيان ـ بۇيانغا ئايلاندۇرۇپ، مونچاقلار دۇمباق يۈزىگە سوقۇپ چېلىنغان.

داپ: چەمبەرسىمان، بىر يۈزىگە تېرە تارتىلغان، بارماق بىلەن ئۇرۇپ چېلىنغان.

تەبلە: خەنزۇچە «ياۋگۇ» دەپ ئاتالغان. بىر ياكى ئىككى تەرەپتىكى يۈزىگە تېرە كېرىلگەن. ئىككى قول بىلەن ئۇرۇپ چېلىنغان. دۇمباق تىپىدىكى چالغۇلارنىڭ بىر تۈرى.

جاللا: زىلە، قەدىمكى زامان كۆچا مۇزىكا ئوركېستىرىدىكى سوقما چالغۇلاردىن بىرسى. مىس ياكى تۆچتىن بىر جۈپ قىلىپ ياسالغان، تەخسىسىمان. قول بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ يۈزلىرىنى ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇپ چېلىنغان. ھازىر «جاڭ ـ جۇڭ» دەپ ئاتىلىدىكەن.

دۇمداپ: مىس ياكى تۆچتىن ياسىلىدۇ، پەتنۇسقا ئوخشايدۇ. تاياقچە بىلەن ئۇرۇپ چېلىنغان.

جىڭراتقۇ: مىس ياكى تۆچتىن ياسالغان قوڭغۇراق. بولقا بىلەن ئۇرۇپ چېلىنغان.

كومزەك: سۇ توشتۇرۇپ تاياقچە بىلەن چېكىپ چېلىنىدىغان. قەدىمكى زامان ئۇيغۇر سوقما چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرسى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن باشلاپ قوللىنىلغان.

تاقىلداق: سوقما چالغۇ. ئىككى تال ياكى بەش ـ ئالتە تال قىسقىراق ياپىلاق تاياقچىنىڭ بېشىنى بىر ـ بىرىگە ئۆتكۈزۈپ باغلاش، ئاندىن بارماقلار ئارىسىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئاستى تەرىپىنى ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇدار ۋە رىتىملارغا تەڭكەش قىلىپ چېلىنىدىغان.

## ھازىرقى زامان ئۇيغۇر چالغۇلىرى

ئۇيغۇر چالغۇلىرىنى قۇرۇلمىسى ۋە چېلىنىش قانۇنىيىتىگە قاراپ يەللىك چالغۇلار، چەكمە چالغۇلار، كامانچىلىق چالغۇلار، سوقما چالغۇلار قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. تىللىق چالغۇلار يېقىنقى زاماندا غەرب ئەللىرىدىن كىرگەن.

### 1. كامانچىلىق چالغۇلار

1) ساتار: 18 پەدىسى، 14 تارى بار. 18 ـــ 19 ـ ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن.

2) غىجەك: ئۇنىڭ دولان غىجىكى، قومۇل غىجىكى، يۇقىرى ئاۋازلىق غىجەك، ئوتتۇرا ئاۋازلىق غىجەك ۋە باس غىجەك قاتارلىق تۈرلىرى بار.

3) قوشتار: بۇنىڭ يۇقىرى ئاۋازلىق قوشتار، ئوتتۇرا ئاۋازلىق قوشتار، باش قوشتار قاتارلىق تۈرلىرى بار.

4) ئىسكىرىپكا: بۇ چالغۇ يېقىنقى دەۋرلەردە ياۋروپا ئەللىرىدىن كىرگەن بولۇپ، ھازىر ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ئورۇنلاشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر چالغۇ تۈرى بولۇپ قالغان.

### 2. يەللىك چالغۇلار

1) نەي، 2) بالىمان، 3) قوۋۇز، 4) بۇرغا، 5) سۇناي، 6) كاناي: بۇ بۇرغا ۋە سۇنايلارغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ياسالغان چالغۇ بولۇپ، ئەڭ دەسلەپ مىلادىيە 4 ـ ئەسىرلەردە شەرقىي غۇز قەبىلىلىرىنىڭ بىرسى بولغان سىيانپىيلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن. تارىختا قوچۇ، كۇسەن رايونلىرىدا كۆپ ئىشلىتىلگەن.

### 3. چەكمە چالغۇلار

1) بەرباب؛ 2) راباب؛ 3) تەمبۇر: بۇ قەدىمكى كۇسەن مۇزىكا ئوركېستىرىدىكى بەش تارلىق بەربابتىن تەدرىجي ئۆزگىرىپ مەيدانغا كەلگەن. مىلادىيە 6 ـــ 7 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ؛ 4) پەنجىتار: بۇ، بەش تارلىق چالغۇ ئەسۋابى؛ 5) دۇتار: ئىككى تارلىق چالغۇ ئەسۋابى. تارى ئۈچەي ۋە يىپەك يىپلاردىن ياسىلىدۇ؛ 6) باس دۇتار: بۇ دۇتار قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن چوڭايتىپ ياسالغان؛ 7) قالۇن: بۇنىڭ ئادەتتە 16، 18، 24، 40 نەچچە تارلىقلىرى بار. بۇنى فارابىي كەشپ قىلغان، دېيىلگەن؛ 8) چاڭ: چاڭ قالۇننىڭ قۇرۇلمىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن؛ 9) دىلتار: كامانچىلىق ۋە چەكمە چالغۇلار بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى چالغۇ. 1988 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ياسىلىپ، پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن؛ 10) مۇڭتار: بۇ، غىجەك، راۋاب، تەمبۇرلار بىرلەشتۈرۈلۈپ ياسالغان چالغۇ ئەسۋابى. 1990 ـ يىلى شىنجاڭ

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ياسالغان؛ 11) گىتار: بۇ چالغۇ يېقىنقى دەۋردە ياۋروپا ئەللىرىدىن كىرگەن.

### 4. سوقما چالغۇلار

1) داپ؛ 2) جاللا؛ 3) دۇمداپ؛ 4) كومزەك؛ 5) تەبىلە؛ 6) ناغرا: بۇ، دۇمباق تىپىدىكى قەدىمكى سوقما چالغۇلارنىڭ بىر تۈرى؛ 7) دۇمباق: دۇمباق چالغۇلار ئىچىدە بالدۇر مەيدانغا كەلگەن، باشقا چالغۇلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئاساس ياراتقان سوقما چالغۇ؛ 8) ساپايى: ساپايى قەدىمكى زامان سوقما چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ، دەسلەپ ياۋا ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزىگە بىرقانچە تۆمۈر ھالقىلارنى، شۇ ھالقىلارغا يەنە بىرقانچە ئۇششاق ھالقىلارنى بېكىتىپ، قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ ياكى مۈرىگە ئۇرۇپ رىتىمغا كەلتۈرۈپ چېلىنغان. ھازىرقى ساپايى بىر جۈپ قىسقا ھەم دۈگىلەك بولۇپ، ياڭاق، ئۈجمە (جۈجەم) ياكى ئۆرۈكنىڭ ياغاچلىرىدىن ياسىلىدۇ. ياغاچنىڭ تۆمۈر ھالقا ئورۇلىدىغان بۆلىكىگە يەنە قەلەي قاپلىنىدۇ؛ 9) قوشۇق: قوشۇق ھازىرمۇ ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. ئىككى قوشۇقنى بىر - بىرىگە ئۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن بىر خىل ئاۋاز رىتىمى ھاسىل قىلىنىپ، باشقا مۇزىكىلارغا تەڭكەش قىلىنىدۇ؛ 10) تاش ياكى چاقچۇق: بۇ ئىككى جۈپ ياپىلاق ئېللىپسىسىمان تاشتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەربىر قولدا بىر جۈپتىن تۇتۇپ بارماقلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىر - بىرىگە سوقۇپ تاۋۇش چىقىرىش ئارقىلىق مۇزىكا ئۇدارلىرىغا تەڭكەش قىلىنىدۇ.

### 5. تىللىق چالغۇلار

تىللىق چالغۇلار دىيارىمىزغا ئاساسەن ياۋروپا ئەللىرىدىن كىرگەن. تىللىق چالغۇلاردىن رويال (پىيانىنو)، ئاككوردىيون قاتارلىق چالغۇلارنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تىلغا ئېلىشىچە، قەدىمكى چالغۇ تۈرىدە «ئىگەمە» ۋە «ئىكەمە» دەپ ئىككى خىل چالغۇ تۈرى بولغان. ئەمما، بۇ چالغۇلارنىڭ چېلىنىش ئۇسۇلى بىلەن شەكلى ئېنىق ئەمەس. ئالىم بۇلاردىن «ئىگەمە»نى پەقەت «قوبۇزغا ئوخشاش چېلىنىدۇ» دەپ ئىزاھلاپ، ئۇنىڭ كامانچىلىق چالغۇ تۈرىگە تەۋەلىكىنى، «ئىكەمە»نى «ئۇد تىپىدىكى چالغۇ» دەپ ئىزاھلاپ، ئۇنىڭ چەكمە چالغۇ تۈرىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن. بۇ ئىككى نامدىكى چالغۇ مەيلى قانداق ئۇسۇل ۋە قانداق شەكىلدە چېلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، بىزگە تارىختا ئاتىلىشى بىر - بىرىگە تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان، «ئىگەمە» ۋە «ئىكەمە»دىن ئىبارەت ئىككى چالغۇ تۈرىنىڭ بولغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

قەدىمكى زامان چەكمە چالغۇ تۈرىدە «ئۇد» دېگەن بىر چالغۇ تۈرى بولغان. دېۋاندا بۇ چالغۇنىڭ بوم ئاۋازلىق (بۇۋچى) ۋە مۇڭلۇق، زىل ئاۋازلىق (بۇچى)دىن ئىبارەت ئىككى تۈرىنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭدىن ئۇدنىڭ «ئالتە تارلىق» چەكمە چالغۇ ھالىتىنىڭ قەدىمكى يەنە بىر خىل ئاتىلىشىنىڭ «بۇۋچى» ياكى «بۇچى» ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. «ئۇد» دېگەن بۇ چالغۇ ھازىرقى دەۋردە دىيارىمىزدا مەۋجۇت ئەمەس، ئەمما تۈركىيەدە كەڭ قوللىنىلىدىكەن. ئۇنىڭ شەكلى خۇددى ھازىرقى گىتارغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئەمما ساپ دەستىسىنىڭ سەل يۇقىرىراق تەرىپى ئارقىسىغا 90 گىرادۇسقا يېقىن ئېگىلگەن. يۈزلۈكىدە بىرقانچە تۆشۈكچىلىرى بار. باش قىسمى دەستىسىگە قارىغاندا تولىمۇ يوغان. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ياپونىيە تارىخچىسى لى جەنسىننىڭ «ئۇد چالغۇسى ئەرەبچە «بەرۋاپ» دېيىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنلىكىنى تىلغا ئالغان.

قەدىمكى چالغۇلار تۈرىدە «قوۋزۇق» دېگەن بىر چالغۇ تۈرى بولسىمۇ، ئەمما بۇ چالغۇ نامى دىۋاندا تىلغا ئېلىنمىغان. شۇڭا، ئۇنىڭ قايسى تۈردىكى چالغۇ ئىكەنلىكى، شەكلى، چېلىنىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا ھازىرغىچە بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ.

قەدىمكى چالغۇلارنىڭ بىرسى بولغان غۇنقانىڭ تۈرلىرى بىرقەدەر كۆپ بولغان. «ئۆرە غۇنقا» (تىك غۇنقا)، «يانتۇغۇن» (يانتۇ غۇنقا)، «ئەنقا غۇنقا» (سۇمۇرغ باشلىق غۇنقا)لار غۇنقا ئائىلىسىگە تەۋە بولۇپ، بۇلار «غۇنقا» نامىدىكى بىر يۈرۈش چالغۇنىڭ تۈرلىرى بولسا كېرەك. لېكىن، دىۋاندا بۇ چالغۇنىڭ نامى تىلغا ئېلىنمىغان.

دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇر چالغۇ تۈرلىرى شەكلى بويىچە جەمئىي 45 خىل چالغۇ تۈرىنى، تۈرى بويىچە ھېسابلىغاندىمۇ 30دىن ئارتۇق چالغۇ تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر چالغۇ تۈردىمۇ 34كە يېتىدۇ. بۇلاردىن 12 تۈرى دىۋاندا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ 12 تۈر ئالىم ياشاۋاتقان مەزگىلدە بار تۈرلەر. ئەمما دىۋاندا تىلغان ئېلىنغان چالغۇ ناملىرى چالغۇلىرىمىزنىڭ مەيلى قەدىمكى تۈرلىرى بويىچە بولسۇن ياكى ھازىرقى زامان تۈرلىرى بويىچە بولسۇن، ئاتىلىش جەھەتتە مەلۇم پەرقكە ئىگە. شۇنداقلا قەدىمكى زامان چالغۇ تۈرلىرى بىلەن ھازىرقى زامان چالغۇ تۈرلىرىنىڭ تۈرىدىمۇ ئوخشاشلا قىسمەن پەرقلەر ساقلانغان. بۇ خىل ئەھۋاللار ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئوخشىمىغان ناملىرىنىڭ بولغانلىقى، بىر قىسىم چالغۇلارنىڭ ئىستېمالدىن قالغانلىقى، يەنە بىر قىسىم چالغۇلارنىڭ يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەنلىكى، شۇنداقلا ھازىرقى زاماندىكى بىر قىسىم چالغۇلارنىڭ قەدىمكى بىرنەچچە خىل چالغۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە يۇغۇرۇش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنلىكىدەك چالغۇچىلىق تەرەققىيات تارىخىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

(ئاپتورى غۇلجا شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشتە)

ئادىلەقىز مەمەت

# ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدىبلىرىنىڭ تەخەللۇس قوللىنىش توغرىسىدا ئىزدىنىش

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئۇركەشلەپ ئاققان ئۇزۇلمەس ئېقىنىدا كۆپلىگەن ئاتاقلىق يازغۇچى ــ ئەدىبلەر، دراماتورگلار، سەنئەتكارلار ئۆتتى ھەمدە كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان نۇرغۇن يىرىك ئەدەبىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بۈيۈك مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، ئاتاقلىق شائىر ۋە مۇزىكانت ئەبۇنەسىر فارابىي، يىرىك تىلشۇناس، تۇنجى تۈركولوگ، ئېنسىكلوپېدىست يازغۇچى مەھمۇد كاشغەرىي، ئۇلۇغ ئەدىب، ئاتاقلىق سىياسى ئەرباب، مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەشھۇر ئەدىب ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكىي، ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىنىڭ تۇنجى ئېپتىخارى نەسىرىددىن بۇرھانىددىن ئوغلى رابغۇزىي، ئۇيغۇر پوئېزىيەسىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرىدىن ئاتايى، سەككاكىي، مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفىي، ئەلشىر نەۋايى، ھىرقەتىي، ئابدۇرېھىم نىزارىي، زىيائىي، غەرىبىي، سەبۇرىي، ئاتاقلىق شائىر، مۇزىكىشۇناسلاردىن خانىش ئامانىيساخان، قەدىرخان ياركەندىي قاتارلىق ئالىم ــ ئەدىبلەرنى ئەنە شۇلارنىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇلار يالغۇز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىدا، جۈملىدىن تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدىمۇ مەشھۇردۇر.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا ئاساس سالغان، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە تۆھپە قوشقان، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە كىلاسسىك ئەدىبلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى بىلەن ئۆز زامانىسىدىلا ئەمەس، تا ھازىرغىچە خەلقىمىزنىڭ ئېستېتىك تەلەپلىرىنى قاندۇرۇپ، مەنىۋى تۇرمۇشىمىزنى بېيىتىپ كەلمەكتە. شۇنداق بولغانىكەن، بىز ئەۋلادلار ئەنە شۇ كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك مىراسلىرىنى قەدىرلىشىمىز، شۇ ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى، ئىجادىي ھاياتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا يازغۇچى، ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن باشقا، ئۇلار قوللانغان ئەدەبىي تەخەللۇسلارمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەدىبلەرنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرى، ئۇلار ياشىغان دەۋر، ھەتتا ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، ئىچكى ھېسسىياتى ئۇلارنىڭ تەخەللۇسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، كىلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى، ئىجادىي ھاياتىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈنمۇ ئۇلارنىڭ تەخەللۇسىنى تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئەدەبىياتىدا تەخەللۇس قوللىنىش ئۇزاق تارىخقا، كەڭ، چوڭقۇر ۋە ئىلمىي ئاساسقا ئىگە. ئادەتتە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدىبلىرىمىز ئۆز ئىسمى ياكى ئاتىسىنىڭ ئىسمىدىن كېيىن ئۈچىنچى بىر ئىسىم ئورنىدا تەخەللۇس قوللىنىدۇ ۋە ئۇنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىدۇ، بەزىدە ھەتتا ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ خۇلاسە مىسرالىرىدا خاس ئىسمىنىڭ ئورنىدا تەخەللۇسنى يالغۇزمۇ قوللىنىدۇ. تەخەللۇس قوللىنىش گەرچە ھەممىلا ئەدىب ئۈچۈن شەرت بولمىسىمۇ، ئەمما ھەرقانداق بىر مىللەت ئەدەبىياتى ئۈچۈن

ئېيتقاندا ياخشى ئەنئەنە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەنئەنە نۆۋەتتە ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇشتا، شۇنداقلا ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيەلىرىنى ئۆگىنىشتە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدىبلىرىنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسىنى تەتقىق قىلىش شۇ ئەدىبنىڭ ھايات قارىشى، پەلسەپىۋى ئىدىيەسى، ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى، ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن خاھىشىنى چۈشىنىشتە ۋە بەلىشتە ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. گەرچە بىزنىڭ كىلاسسىك ئەدىبلىرىمىز خېلى بۇرۇنلا ئۆزلىرىگە ئەدەبىي تەخەللۇس ئىشلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بىزدە بۇ ئەدەبىي تەخەللۇسلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن قويۇلغانلىقى، تەخەللۇس قوللىنىشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بارلىقى، بۇ ئەدەبىي تەخەللۇسلارنىڭ شۇ ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئەدىبنى بىلىشتىكى قىممىتى قاتارلىقلار ئۈستىدە تېخى چوڭقۇرلاپ تەتقىقات ـ ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلمىدى. ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ تەخەللۇسىنى قەدىمدىن بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدىن بىرسى سۈپىتىدە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش بىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئەھمىيەتلىك ئىلمىي تېمىلاردىن بىرسى.

1. تەخەللۇس ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدىبلىرىنىڭ تەخەللۇس قويۇش سەۋەبلىرى

تەخەللۇسنىڭ ئىنسانلار يېزىقنى ئىجاد قىلغاندىن ۋە يازما ئەدەبىيات بارلىققا كەلگەندىن كېيىنكى ھادىسە ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. خۇددى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇر ئەدىبلىرىمىزنىڭ تەخەللۇس ئىشلىتىشى ئۇيغۇر يېزىق تارىخىدىن بۇيانقى ئومۇميۈزلۈك ئەھۋالدۇر.

«تەخەللۇس» بىلەن مەنىداش ئۇقۇملار خەلقئارادا «Pen name» ياكى «Pseudonym» دېيىلىدۇ، بۇنىڭدا Pen name دېگىنى ئۇدۇللا «قەلەم نامى» دېگەنلىكتۇر. «Pseudonym» دىكى «Pseudo» بولسا «يالغان، تەقلىدىي» مەنىلىرىگە، «nym» بولسا «نام، ئىسىم» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. تەخەللۇس خەنزۇ تىلىدا «笔名» دېيىلىدۇ، بۇمۇ ئوخشاشلا «قەلەم نامى، قەلەمكەشلىك قىلغاندا قوللىنىدىغان نام» دېگەنلىكتۇر[①].

«تەخەللۇس» دېگەن سۆز ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئەرەبچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆز بولۇپ ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى لۇغەت مەنىسى «قۇتۇلماق، ئازاد بولماق، ئايرىلماق، يۆتكەلمەك» دېگەنلەردىن ئىبارەت. ئۇ «شائىر بىر مەنىدىن يەنە بىر مەنىگە يۆتكەلدى، شائىر ئۇ ئارقىلىق ئۆز ئىسمىنى يوشۇرۇش بىلەن سىرتتىن كېلىدىغان بەزى ئەھۋاللاردىن قۇتۇلدى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. تەخەللۇس سۆزى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى «لەقەب، مۇلەققەب» دېگەن سۆزلەر بىلەن بىللە ئىشلىتىلىپ، كىشىلەرنىڭ، خۇسۇسەن قەلەمكەشلەرنىڭ، زىيالىيلارنىڭ ئۆز ئىسىم ـ فامىلىسىدىن باشقا قويۇۋالغان قەلەم ئىسمىنى كۆرسىتىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ خىزمەت قىلغان. شۇڭا، ئەلىشىر نەۋايى بەزى ئەسەرلىرىدە ئۆزىنى «ئەلىشىرۇل مۇتەخەللۇس بىننەۋائىي (يەنى نەۋايى تەخەللۇسلۇق ئەلىشىر)» دەپ ئاتىسا، يەنە بەزى ئەسەرلىرىدە «ئەلىشىرۇل مۇلەققەب بىننەۋائىي» دەپ ئاتايدۇ. ھازىرمۇ خەلق ئارىسىدا تەخەللۇسنى «ئەدەبىي لەقەم» دەپ بىلىش ئادىتى بار.

تەخەللۇسنىڭ يەنە «خۇلاسىلىمەك»، «ئاخىرلاشتۇرماق» دېگەن مەنىلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇ ئەدىبلەر غەزەل يازغاندا ئۆز غەزەللىرىنىڭ خۇلاسە مىسرالىرىدا ئىسىم ئىشلىتىش ئېھتىياجى بويىچە، ئۆزلىرى ئۈچۈن مەلۇم بىر ئەدەبىي لەقەمنى تاللاپ قوللىنىپ ئەسەرلىرىنى ئاخىرلاشتۇرغانلىق سەۋەبلىك بارلىققا كەلگەن. ئەدەبىي تەخەللۇسنىڭ مۇھىملىقى سەۋەبىدىن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا تەخەللۇس قول-

① ئەنۋەر سەمەد غىربىي: «ئۇيغۇرلاردا فامىلە، ئۇيغۇرلاردا نەسەبنامە»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى، 46 ـ بەت.

لىنىش ئىزچىل داۋاملاشتى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەخەللۇس قوللىنىش ئەنئەنىسى خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئادەتتە ئۇيغۇر ئەدىب ـ شائىرلىرىمىز ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئىسمىدىن كېيىن ئۈچىنچى بىر ئىسىم ئورنىدا تەخەللۇس قوللىنىشنى ئادەت قىلىپ كەلدى. بەزىدە ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ خۇلاسە مىسرالىرىدا خاس ئىسمىنىڭ ئورنىدا تەخەللۇسنى يالغۇز قوللىنىدۇ.

ئادەتتە تەخەللۇس چوڭقۇر، مەنىلىك، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە سىمۋوللۇق سۆزلەردىن تاللىنىپ ئۆز ئىگىسى تەرىپىدىن قويۇلىدۇ. شۇڭا، كىلاسسىك ئەدىبلىرىمىزمۇ ئۆزىنىڭ ۋەتىنى، خەلقىنى، يۇرتىنى سۆيۇش ، ئەينى ۋاقىتتىكى زامان شۇملۇقلىرىدىن نەپرەتلىنىش، بىزار بولۇش ھېسسىياتىنى ئەركىن ئىپادىلەش، ئادالەتنى ياقلاپ، ئىلىم ـ پەن، مەرىپەت يولىدا دۇشمەنگە زەربە بېرىپ، ئۆزىنى قوغداش قاتارلىق جەمئىيەت قارىشىنى ئەكس ئەتكۈزۈش، جۈملىدىن ئەينى ۋاقىتتىكى رېئال تۇرمۇشنى ئەينەن سۈرەتلەپ بېرىش مەقسىتىدە تەخەللۇس قوللانغان. كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا فارابىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىي، يەسسەۋىي، قىدىرخان ياركەندىي، موللا مۇسا سايرامىي قاتارلىق ئەدىبلىرىمىز تەخەللۇسىدا ۋەتەن، يۇرت سۆيگۈسى؛ سەككاكىي، مىرزا ھەيدەر كورەگان، ھىرقەتىي، زەلىلىي، مۇھەممەد خاراباتىي، قەلەندەر، ئابدۇرېھىم نىزارىي، غەرىبىي، ناقىس قاتارلىق ئەدىبلىرىمىز تەخەللۇسىدا زۇلۇمغا تولغان زاماندىن زارلىنىش، زالىملارغا قارشى تۇغ كۆتۈرۈش؛ ئەلىشىر نەۋايى، نەفىسە، سەلاھىي، فۇتۇھىي، سەبۇرىي، تەجەللىي قاتارلىق ئەدىبلىرىمىز تەخەللۇسىدا ھايات مۇھەببىتى، ئىلىم ـ پەننى ئۇلۇغلاش، ئۈمىدۋارلىق ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. مانا بۇلار يۇقىرىقى تەھلىلىمىزنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ.

مەلۇمكى، تەخەللۇس قوللىنىش ئۇيغۇرلاردا ئوتتۇرا ئەسىردە ئەڭ ئومۇملاشقان. كىلاسسىك ئەدىبلىرىمىز ئىچىدە قەلەندەر، نەۋبەتىيلارغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىسمى، يۇرتى، ئۇرۇق ياكى قەبىلىسى، مىللىتى، ئاتا ـ ئانا ياكى فامىلىسى... قاتارلىقلار ھەققىدە ئۆز ئەسىرىدە تەخەللۇسىدىن ئۆزگە ھېچقانداق سۆز قالدۇرمىغانلارمۇ بار. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىر قىسىم كىلاسسىك ئەدىبلىرىمىز ئۆز ئەقىدىسىنى چىقىش قىلىپ، نام ـ نىشان قالدۇرماسلىق ئۈچۈن تەخەللۇس قوللانغان. يەنە بىر قىسىم كىلاسسىك ئەدىبلىرىمىز بولسا تەخەللۇس قويۇش ئەنئەنىسىگە بويسۇنۇپ تەخەللۇس قوللانغان.

ئەلىشىر نەۋايى تەخەللۇس ھەققىدە توختىلىپ: «ھەرقانداق كىشى بىر ئىش قىلىۋاتقان بولسا، بۇ ئىشتا ئۇ كىشىنىڭ بىرەر بەلگىسى بولغان بولىدۇ. سەھىپىلەرنى زىننەتلەپ نەزم يازغۇچىلارنىڭ تەخەللۇسى ئۇنىڭ تامغىسىدۇر. ھەرقانداق ۋاراققا يېزىلغان شېئىرلار تەخەللۇستىن ئىبارەت مۇشۇ نىشانە ئارقىلىق بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنى ئوقۇغان كىشىلەر ئاشۇ نىشانىگە ئاساسەن بۇ سەئىدىينىڭ، بۇ نىزامىينىڭ ياكى بۇ خۇسرەۋىينىڭ، بۇ جامىينىڭ دەپ ئايرىۋالالايدۇ. مەن تۈركىي تىل بىلەن ئەسەر يېزىشقا كىرىشكەندە قەلىمىم ئىستىھداتى تۈپەيلىدىن نەزم گۆھەرلىرىنى چاچقىنىمدا نەزملەرگە ‹نەۋايى› دېگەن تەخەللۇسنى نىشانە قىلىپ قوللاندىم. پارس تىلىدىمۇ شېئىرغا قەلەم تەۋرىتىپ، شېئىرىيەتنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىدە ئەسەرلەرنى يازدىم، ئۇ مەنىلەردىن ماڭا پەيز ۋە ئىلھام يەتكەچكە، بۇ تىلدا يازغان شېئىرلىرىمدا ‹فانىي› تەخەللۇسى ماڭا نىشانە بولدى» دەيدۇ②. بۇنىڭدىن كىلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى باشقا ئەدىبلەر ئەسەرلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ھەمدە ئۆز ئەسەرلىرىنىمۇ بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىنمۇ ئۆزلىرىگە تەخەللۇس قوللانغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مۇھەممەد ئىمىن غوجامقۇلى ھىرقەتىي لىرىك شېئىرلىرىدا «گۇمنام» تەخەللۇسىنى، داستانلىرىدا «ھىرقەتىي»

② ئەلىشىر نەۋايى: «لىسانۇت ـ تەير»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىلى، 88 ـ بەت.

تەخەللۇسىنى قوللانغان، مىرزا ھەيدەر كورەگان «ئاياز»، «ئاياز شىكەستە» تەخەللۇسىنى، ئەمىر ھۈسەيىن بولسا «سەبۇرى»، «سەدائىي» تەخەللۇسىنى قوللانغان.

يەنە بىر قىسىم ئىسىم ـ فامىلىسى ئۇخشىشىپ قالىدىغان كىلاسسىك ئەدىبلەر ئۆزىنىڭ مەتبۇئات يۈزىدىكى ئىسىم ـ فامىلىسىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزى مۇھىم بىلىدىغان ياكى خاراكتېرىگە ماس كېلىدىغان سۆزلەرنى تاللاپ، ئۆزىنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئەدەبىي تەخەللۇسىنى ئىشلىتىپ ئەسەر يازغان.

كىلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ تەخەللۇس قوللانغاندا بەزىدە ئۆز مىللىتى ياكى ئۆز يۇرتىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت تۇيغۇسى ياكى ئۆزىنىڭ قايسى مىللەتتىن، قايسى يۇرتتىن ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىز قالدۇرۇش تۇيغۇسى بىلەن ئۆز يۇرتى ياكى ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلىپ قوللانغانلىقىنى، يەنە بەزىدە ئۆزلىرىنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن غايىۋى مەزمۇنىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىم ياكى سۈپەت سۆزلىرىدىن تەخەللۇس تاللاپ قوللانغانلىقىدەك ئورتاقلىقلارنىڭ بارلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

كىلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ تەخەللۇس قوللىنىشىدا باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلۇش ياكى ھەدىيە قىلىنىش ئەھۋالىمۇ بار. بۇ تەرەپمۇ كىلاسسىكلارنىڭ تەخەللۇس قويۇشىدىكى يەنە بىر ئورتاقلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئاتاقلىق شائىر، مۇزىكشۇناس خانىش ئامانىنساخانىنىڭ «نەفىسە» تەخەللۇسى ئۇستازى قىدىرخان ياركەندىي تەرىپىدىن قويۇلغان، ھۈسەيىنخان ئەكبەر تەجەللىينىڭ «تەجەللىي» تەخەللۇسىنى ئەينى دەۋردىكى ئەرەب ئەدەبىياتچىلىرى ۋە ئالىملىرى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «خاس ھاجىپ» نامى بۇغراخان تەرىپىدىن بېرىلگەن، ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد فارابىيغا كەلسەك، ئەينى چاغلاردا قاراخانىيلار تەۋەلىكىدىكى يۇقىرى تەبىقە ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدا ئۆز ئىسمىنىڭ كەينىگە ئۆزى تۇغۇلغان يۇرتىنىڭ نامىنى قوشۇپ ئاتاش، تەخەللۇس قىلىش مودا بولۇپ، مۇھەممەد تارخان ئۆز ئوغلى ئەبۇ نەسىرنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگىمۇ ئۇ تۇغۇلغان كىچىك شەھەرنىڭ نامىنى قوشۇپ «ئەبۇ نەسىر فارابىي» دەپ ئاتىغان.

بۇلاردىن باشقا، نۇر ـ يورۇقلۇققا تەلپۈنۈپ، شۇلارغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى تەخەللۇس قىلىش، ئەدىبنىڭ ئارزۇ ـ غايىسى، خاراكتېرى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى تەخەللۇس قىلىش، ئەدىبنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسى، بولۇپمۇ غېرىب ـ بىچارىلىك، ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك، ئىشق ـ ھىجران، مۇھەببەت پاجىئەلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى تەخەللۇس قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللار بار. بۇلاردىن باشقا، ئاددىي ـ ساددىلىق، كەمتەرلىكنى، ئېسىل خىسلەت، بەلەن خۇلق ـ مىجەزنى، كۈي ـ ئاھاڭلارنى ھەتتا ئۆز ئىسىملىرىنى تەخەللۇس قىلىپ قوللىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ تەخەللۇس قوللىنىشى ئۇزاق تارىخقا، كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ، ئۇلار بەلگىلىك ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەت ئېڭى، ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتنىڭ تەلىپى ھەم ئېھتىياجى تۈپەيلى تەخەللۇس قوللىنىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدىبلىرى ئارىسىدا ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان تەخەللۇسلارنى ئاساسلىقى مۇنداق بىرقانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، ئىسىم سۆزىدىن كەلگەن تەخەللۇسلار. مەسىلەن، قەلەندەر، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مۇھەممەد ئىمىن غوجامقۇلى ھىرقەتىي (گۇمنام)، ئەرشىي، مەۋلانا سەككاكىي.

ئىككىنچى، سۈپەت سۆزلىرىدىن كەلگەن تەخەللۇسلار. مەسىلەن، ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرىي (سەۋرچان)، مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفىي (مەرھەمەتلىك)، ھۈسەيىنخان تەجەللىي (جۇلالىق)، ناقىس (كەمتۈك)، ئامانىنساخان نەفىسە (نازۇك، گۈزەل)، مەھزۇن (پەرىشان)، مىرزا ھەيدەر كورەگان (ئاياز ــ تازا، ساپ، ئا-

ياز شكەستە ـــ مەجرۇھ) قاتارلىقلار.

ئۈچىنچى، سۆز ئاخىرىغا «ـ ئىي» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق سۈپەتلەشتۈرۈلگەن يەر ـ جاي نامىلىرىدىن كەلگەن تەخەللۇسلار. مەسىلەن، مۇھەممەد فارابىي (فارابلىق)، مەھمۇد كاشغەرىي (قەشقەرلىق)، ئەھمەد يۈكنەكىي (يۈكنەكلىك)، ئەھمەد يەسسەۋىي (يەسسىلىك)، ناسىرىددىن رابغوزىي (راباتئوغوزلۇق)، قىدىرخان ياركەندىي (يەكەنلىك)، مىرزا مەھمۇد چۇراس (چۇراس قەبىلىسىدىن)، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي (قەشقەرلىق)، ئەھمەدشاھ قاراقاشىي (قاراقاشلىق)، موللا مۇسا سايرامىي (سايراملىق) قاتارلىقلار.

تۆتىنچى، سۈپەت ياكى سۈپەتداش سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا «ـ ئىي» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ھاسىل بولغان سۆزلەردىن ياسالغان تەخەللۇسلار. مەسىلەن، مەۋلانا ئاتايى، ئەلشىر نەۋايى، نۇرۇز ئاخۇن زىيائىي، مۇھەممەد ئەبۇ سەلاھىي، خوجا سىددىق فۇتۇھىي، مۇھەممەد خەراباتىي، نەۋبەتىي، مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي، ئابدۇرېھىم نىزارىي، تۇردى غەرىبىي، موللا بىلال نازىمىي قاتارلىقلار.

كىلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ قوللىنىپ كەلگەن تەخەللۇسى كۆپىنچە شۇ كىشىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى، تۇيغۇسى، ئېتىقادى، دۇنيا قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاندىن تاشقىرى، شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ھاۋاسى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك . مەسىلەن، تەجەللىي دېگەن سۆزنىڭ «نۇر، جىلۋە، چاقناپ تۇرغان نۇر» دېگەن مەنىلىرى بار بولۇپ، ھۆسەيىنخان تەجەللىينى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ ئەينى زاماندا بىر دىنىي ئۆلىما بولغاچقا، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىدا تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرى ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، شۇ سەۋەبلىك «تەجەللىي» دېگەن سۆزنى تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىدىكى «كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەر ئاللا سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىيسى، ئىنسانلار ئاللا سۈپەتلىرىنىڭ تولۇق ۋە پۈتۈن ھالەتتىكى تەجەللىيسى، باشقا شەيئىلەر ئاللا سۈپەتلىرىنىڭ قىسمەن تەجەللىيسى» دېگەن كۆز قاراش ئاساسىدا، شائىر ئۆزىنى «ئاللانىڭ تەجەللىيسى» دەپ قاراپ، مۇشۇ مەنىدە تەخەللۇس قىلىپ ئىشلەتكەن. ئەلشىر نەۋايىنى ئېلىپ ئېيتساقمۇ، «فانىي» دېگەن تەخەللۇسىنىمۇ «يوق بولۇش، تۈگەش» مەنىسىدىلا ئەمەس، بەلكى «ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ، ھەق بىلەن قوشۇلۇپ كېتىش» دېگەن مەنىنى كۆزدە تۇتۇپ قوللانغان.

2. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدىبلىرىنىڭ تەخەللۇسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت

نەۋايىنىڭ «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدىكى ئەدەبىي تەخەللۇس قوللىنىشقا مۇناسىۋەتلىك بايانلاردىن: «ئەدەبىي تەخەللۇس بىلەن ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مۇناسىۋىتى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان مۇناسىۋەت، بىر ئەدىبنىڭ تەخەللۇسىدىن شۇ ئەدىبنىڭ ئىجادىيەت غايىسىنى، تېما تاللاشتىكى خاسلىقىنى، تىل ئىشلىتىشتىكى ماھارىتىنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ» دەپ قارىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. تەخەللۇس مەيلى ئەدىبلەرنىڭ ئۆزلىرى ياكى باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلسۇن، چوقۇم شۇ ئەدىب ـ شائىرنىڭ مەقسەت ـ ئارزۇسى، جەمئىيەت قارىشىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدىغان مەنىگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، ئەدىبلىرىمىز تەخەللۇس قوللىنىشقا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ. تەخەللۇس شۇ تەخەللۇسنى قوللانغان يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھالەتنى ساقلىغانمۇ بولىدۇ. يازغۇچى ئۆز ئەسىرىدە ئىپادىلىگەن باش تېما، ئاساسىي خاھىش ياكى ماتېرىيال تاللاش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش دېگەنلەر دائىم ئۇ قوللانغان ئەدەبىي تەخەللۇس بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ ھەم ئۆزئارا تولۇقلاش مۇناسىۋىتىنى ساقلايدۇ.

تەخەللۇسقا چوڭقۇر، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە سىمۋوللۇق مەنىلەر يۈكلەنگەن بولىدۇ. بەزى تەخەللۇسلاردا يەنە يازغۇچى ۋە شائىرنىڭ مەقسەت ـ ئارزۇسى، شۇ ۋاقىتتىكى رېئال تۇرمۇشى، جەمئىيەت قارىشى ئەكس ئەتكۈزۈلگەن. يەنە بەزىلىرىدە رېئاللىقتىن ئۈمىدسىزلىنىش، ئازابلىنىش، ئۆزىنى تۆۋەن

تۇتۇش، جەمئىيەتتىن نارازى بولۇش ئېڭى ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. يەنە بەزىلىرىدە شائىرنىڭ ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى زامان شۇملۇقلىرىدىن نەپرەتلىنىش، بىزار بولۇش ھېسسىياتى نامايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن، كىلاسسىك شائىر زەلىلىي (خار) سەئىدىيە خانلىقىنىڭ گۇللىنىش دەۋرى ئاخىرلىشىپ، يەرلىك فېئودال گۇرۇھلارنىڭ ئۆز ئارا تەخت تالىشىشى كۈچەيگەن زۇلمەتلىك بىر دەۋردە ياشىغان بولۇپ، جوڭغار ئەمەلدارلىرىنىڭ خەلق ئۈستىدىكى زۇلمى ۋە خەلقنىڭ ئاچ ـ زارلىق ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئەسەرلىرىدە زۇلمەتلىك زامان ئۆزىگە ئېلىپ كەلگەن خورلۇق، خارلىنىش ھېسسىياتىنى ئۆزى قوللانغان تەخەللۇسىدا ئەكس ئەتكۈزۈپ، بۇ خىل ھېسسىياتنى ئەسىرىدە مۇنداق ئىپادىلەيدۇ.

بۇ كۆڭۈل بۇلبۇل گوياكى ئاسمان ـ زەمىن قەفەس،
سۇندۇرۇپ پەرۋاز ئېتەرگە نالە ئەيلەر ھەر نەفەس.

شائىر بۇ شېئىرىدا ئۆزى ياشىغان زاماننى قەپەسكە ئوخشىتىپ، ئۆز كۆڭلىنىڭ بۇ قەپەستە نىجاتلىق يولى تاپالماي خورلۇقتا قالغانلىقىنى بايان قىلغان. شائىر زەلىلىي يەنە:

بالا دەشتىدەكى ئاۋارەلەرنىڭ خەيلىدىندۇرمەن،
ئاسار ئولدى مالامەت تاشىغا بۇ جىسمى ئۇريانىم.

دەپ يېزىش ئارقىلىق «زەلىلىي» تەخەللۇسىنى تاللىۋېلىشىدىكى مەقسىتىنى تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلەيدۇ.

كىلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ قوللانغان تەخەللۇسى بىلەن ئۇلار يازغان ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇن ئوتتۇرىسىدا يەنە مۇنداقمۇ باغلىنىش بولغان بولىدۇ. مەسىلەن، شائىر تۇردۇش ئاخۇن غەرىبىي ياشىغان دەۋر پۈتۈن ئېلىمىزنى فېئوداللىق زۇلۇم، جاھالەت قاپلاپ تۇرغان دەۋر بولۇپ، قەشقەر رايونىدىمۇ چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ تايانچلىرىدىن بولغان يەرلىك پومېشچىكلار، زالىم، ئاچ كۆز ئەمەلدارلار ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ئۈستىدىن دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە يۈرگۈزۈۋاتقان، ئەكسىيەتچى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي زۇلمى تۈپەيلىدىن خانىۋەيران بولغان خەلقلەر ئۆز ئانا يۇرتىدا تۇرالماي سەرگەردان بولۇپ، يۇرتتىن ـ يۇرتقا قېچىپ، ئىنتايىن مۇشكۈلچىلىك ئىچىدە تۇرمۇش ئۆتكۈزگەن دەۋرلەر ئىدى. شائىر تۇردۇش ئاخۇن غەرىبىي ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي تۈزۈم ھۆكۈم سۈرگەن ئاسارەتلىك دەۋردە، يوقسۇللۇق ھەم خار ـ زارلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئەيني مەزگىلدىكى تەڭسىز رېئاللىقلارنى بىۋاستە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن غەرىبىي قاراڭغۇ ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ چەتكە قېقىشى بىلەن غېرىب، مىسكىن ياشىغان ھەم بۇنداق غېرىبلىق تۇيغۇسىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە چوڭقۇر ئىپادىلەپ مۇنداق يازىدۇ:

مەن ۋەيرانىلەردە ماكان تۇتقان ھۆۋقۇشقا ئوخشاش ياشايتتىم،
ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن ھەمىشە بىللە بولاتتىم.
ئىلىم ئەھلىنىڭ خىزمىتىگە دائىما تەييار ئىدىم،
ئىلىم ـ مەرىپەتسىز ئادەملەردىن يىراق يۈرەتتىم.
بۇ دۇنيادا ھاياتىم ھەمىشە غۇربەتچىلىك
بىلەن ئۆتكەچكە ئەھۋالىم خاراب ئىدى،

ئىسمىم تۇردى، تەخەللۇسۇم «غەرىبىي» ئىدى.

شائىرنىڭ ئۆز تەخەللۇسىنى «غەرىبىي» دەپ ئاتىشىمۇ دەل ئۇنىڭ كۆلپەتلىك ھايات سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شائىر ھىرقەتىينى ئېلىپ ئېيتساق، «ھىرقەت» كۆيمەك، غەم - قايغۇ، كۆيدۈرمەك دېگەن مەنىلەرگە ئىگە، ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدا ئىشق - مۇھەببەت، ھىجران، ھەسرەت، مۇڭ - زار تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭمۇ مۇڭ - زارلىق ئىپادىلەنگەن ئەسىرى بىلەن تەخەللۇسى ناھايىتىمۇ زىچ باغلىنىشقا ئىگە.

جۈملىدىن كىلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ تەخەللۇسى بىلەن ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇن، ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيە، شائىر ياشىغان دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ ناھايىتىمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، تەخەللۇسىنىڭ ئۆزى ياشىغان دەۋر، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچمىشلىرىدىن قويۇلغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

3. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدىبلىرىنىڭ تەخەللۇس قوللىنىشىنىڭ ئەھمىيىتى

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، ئەدەبىي تەخەللۇس قوللىنىش قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلاپ كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشى بىلەن تەخەللۇس قىزغىنلىقى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلغان، بەزىدە ھەتتا ئەدىبلەرنىڭ ئىسمى ئورنىدا ئۇ قوللانغان تەخەللۇسنى ئاتاش ھادىسىسىمۇ ئەۋج ئالغان.

تەخەللۇس قوللىنىش ئەدىبلەر ئۈچۈن پايدىسى ھەم ئەھمىيىتى زور بولغان بىر خىل ئەدەبىي ھادىسە بولۇپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدىبلىرىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىگە ياندىشىپ قويۇلغان بۇ ئەدەبىي تەخەللۇسلار كىلاسسىكلار بىلەن تەڭ كۆكتىكى يۇلتۇزدەك پارلاپ، يازغۇچىنى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بىرىنچىدىن، تەخەللۇس شائىرنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى ۋە ئەمەلىي پائالىيىتىنىڭ يارقىن ئىپادىسى سۈپىتىدە شۇ شائىرنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كەڭ جامائەتچىلىككە تارقىلىشىغا ھەم قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئېلىشىغا تۈرتكە بولدى.

ئىككىنچىدىن، تەخەللۇس يازغۇچى - ئەدىبلەرنىڭ ھايات مۇساپىسى ياكى ياشىغان دەۋرى، مۇھىتى، ئىدىيەسى، كۆز قارىشى قاتارلىقلار بىلەن ناھايىتى زور ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە بولغاچقا، بىر يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسىدىن شۇ يازغۇچىنىڭ ھايات قارىشىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، كىلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەدەبىي تەخەللۇس ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەخەللۇسى ھەرخىل ھادىسە، ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا بارلىققا كەلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە كىندىك قېنى تۆكۈلگەن سۆيۈملۈك يۇرتى، ئۆزى تۇغۇلغان شەھەرنىڭ ئىسمىنى تەخەللۇس قىلغانلار ئەڭ كۆپ. بۇنداق تەخەللۇسلار بىزگە شۇ ئەدىبلەرنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىدىن خەۋەر بېرىش بىلەن بىللە، يەنە ئەينى دەۋردە بار بولغان يۇرت - شەھەر ناملىرىدىن مەلۇمات بېرىدۇ ھەم شۇ يۇرت - شەھەر ناملىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

تۆتىنچىدىن، مەلۇم ئەھۋاللاردا بەزى تەخەللۇسلار گوياكى فامىلىلەردەكلا رول ئوينىغان، يەنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «كاشغەرىي»، ئەبۇ نەسىرنىڭ «فارابىي» تەخەللۇسلىرى ھەم ئۇلارنىڭ ئەدەبىي نامى ھەم مەلۇم دەرىجىدە فامىلىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان. دېمەك، كىلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ تەخەللۇسى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى ئىسىم - فامىلە مەدەنىيىتىنىڭ بۈگۈنگىچە بولغان تەرەققىيات جەريانىنى

بىلىشىمىزدە جانلىق دەرسلىك بولالايدۇ.

بەشىنچىدىن، تەخەللۇس يەنە ئوخشاش ئىسىملىك شائىر - ئەدىبلىرىمىزنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشتە قولايلىق شەرت - شارائىتلارنى هازىرلاپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەستە قالدۇرۇش، قوللىنىشمۇ ئىنتايىن قولاي.

ئالتىنچىدىن، نۇرغۇن كىلاسسىك ئەدىبلىرىمىز ئۆز تەخەللۇسلىرىنى ئەستايىدىل تاللاپ، ئىزچىل قوللانغانلىقتىن، ئۇ ئاخىرقى هېسابتا شۇ كىشىنىڭ ئەسلىي ئىسمىدەكلا كەڭ ئومۇملىشىپ ۋە ئەسلىي ئىسمىنىڭ ئورنىنى بېسىپ ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، نەۋايى، سەككاكىي، ئاتايى، لۇتفىي قاتارلىق كىلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ نامى ئۇلارنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بىلەن مەشھۇر بولۇپ كەلمەكتە.

يەتتىنچىدىن، ئەدەبىي تەخەللۇس قوللانغانلىق كۆپ هاللاردا بىر ئەدىبكە نىسبەتەن ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە رەسمىي كىرىشىپ، ئەدەبىي تالانتىنى رەسمىي جارى قىلدۇرۇشقا باشلىغانلىقىنىڭ بەلگىسى هېسابلىنىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي تەخەللۇس قوللانغان ئەدىبلەرنىڭ كۆپ بولۇشى شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

كىلاسسىك ئەدىبلەر ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنكىدەك گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن كۆپلىگەن تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ غايىسى، ئۈمىد - ئارزۇسى، مىجەز - خاراكتېرى، يۇرتىنىڭ ئىسمى، دۇنيا قارىشى قاتارلىق ئامىللارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەدەبىي تەخەللۇسنى قوللىنىپ، ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدىكى خاسلىقنى ئەدەبىي تەخەللۇس بىلەن زىچ بىردەكلىككە ئىگە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى هەممىگە تونۇشلۇق بولغان هۆرمەتكە سازاۋەر نوپۇزىنى تىكلىدى. ئۇلارنىڭ تەخەللۇس قويۇشى يۇقىرىدا بىز ئېيتىپ ئۆتكەندەك نۇرغۇن ئەهمىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ، يېقىنقى ۋە هازىرقى زامان شائىر - ئەدىبلىرىمىزمۇ كىلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ تەخەللۇس قويۇشتەك بۇ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلار ماڭغان يولدا مېڭىپ، زامانىمىزغا ماس، مەدەنىي ۋە ساغلام سۆزلەردىن تەركىب تاپقان تەخەللۇسلارنى قوللانماقتا، يەنە بەزىلىرى بولسا كىلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ ئىزىدا مېڭىپ، ئۇلارنىڭ تەخەللۇسىنى قوللىنىپ كەلمەكتە. بۇ تەخەللۇسلار ئەدىب - يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەۋلادىغا ئۆز تەخەللۇسىنى فامىلە ئورنىدا مىراس قالدۇرۇش ۋە بۇ تەخەللۇس (فامىلە)نىڭ ئەل ئىچىدە ئوڭايراق ئومۇملىشىشى ئۈچۈن يارىتىلغان ياخشى بىر مۇھىتتۇر.

تەخەللۇس قوللىنىش گەرچە هەممىلا ئەدىب ئۈچۈن شەرت بولمىسىمۇ، ئەمما هەر قانداق بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا ياخشى بىر ئەنئەنە هېسابلىنىدۇ. بۇ ئەنئەنە نۆۋەتتە ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇشتا، شۇنىڭدەك ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيەلىرىنى ئۆگىنىشتە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، ئۆز هاياتىدا ۋەتەن، خەلققە ئىنتايىن قىممەتلىك نادىر ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆهپىلەرنى قوشقان كىلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ قوللانغان ئەدەبىي تەخەللۇسلىرىنى بىلىش بىز ئۈچۈن زور ئەهمىيەتكە ئىگە دەپ قارايمەن. هازىرغىچە كىلاسسىك ئەدىبلەر توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ماقالىلەر ۋە ئەسەرلەر ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەخەللۇسى توغرىسىدا ئىزدىنىش تازا يېتەرلىك ئەمەس. مەن بۇ ماقالەمدە ئاساسلىقى كىلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ تەخەللۇسى، تەخەللۇس قويۇشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ تەخەللۇسىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئەهمىيىتى هەققىدە توختالدىم. سەۋىيەمنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلى بۇ ماقالىدە يورۇتۇشقا تېگىشلىك يەرلەرنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلمىگەن بولۇشۇم مۇمكىن، لېكىن بۇ ماقالە كىلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ تەخەللۇسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ بوشلۇقىنى ئاز - تولا تولدۇرالىسا ئەجەب ئەمەس.

| كىلاسسىك ئەدىبلەر | تولۇق ئىسمى | قوللانغان تەخەللۇسى | قوللانغان تەخەللۇسىنىڭ مەنىسى |
|---|---|---|---|
| مۇھەممەد فارابىي | ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد فارابىي | فارابىي | فاراب (ئوترار شەھىرى) |
| يۈسۈپ خاس هاجىپ | يۈسۈپ | بالاساغۇنىي، خاس هاجىپ | بالاساغۇن، ئالاھىدە مۇشاۋىر |
| مەھمۇد كاشغەرىي | مەھمۇد ئىبنى ئەل ھۇسەين ئىبنى مۇھەممەد ئەل كاشغەرىي | كاشغەرىي | قەشقەر (يۇرتى) |
| ئەھمەد يۈكنەكىي | ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكىي | يۈكنەكىي | يۈكنەك شەھىرى (يۇرتى) |
| ئەھمەد يەسسەۋىي | خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي | يەسسەۋىي | يەسسى (يۇرتى) |
| نەسىرىددىن رابغۇزىي | نەسىرىددىن بۇرھانىددىن ئوغلى رابغۇزىي | رابغۇزىي | رابغۇز (يۇرتى) |
| ئاتايى | مەۋلانا ئاتايى | ئاتايى | ئاتا لەقەملىك جەمەتكە تەۋە |
| سەككاكىي | مەۋلانا سەككاكىي | سەككاكىي | پىچاقچى، پىچاق سوققۇچى |
| مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفىي | مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفىي | لۇتفىي | ياخشى نىيەتلىك، مۇلايىم |
| ئەلىشىر نەۋايى | نىزامىددىن كىچىك ئوغلى ئەلىشىر نەۋايى | نەۋايى، فانىي | كۈي، ناۋا قىلغۇچى، ئۆزلۈكنى يوق قىلغۇچى |
| قىدىرخان ياركەندىي | قىدىرخان ياركەندىي | ياركەندىي | هازىرقى يەكەن (يۇرتى) |
| ئامانىنىساخان | خانىش ئامانىنىساخان | نەفىسە | نازۇك، گۈزەل |
| مىرزا ھەيدەر كورەگان | مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر كورەگان | ئاياز، ئاياز شىكەستە | ساپ، ئوچۇق، تازا، سۇنغان، مەجرۇھ |
| مىرزا مەھمۇد چوراس | شاھ مەھمۇد بىن مىرزا فازىل چوراس | چوراس | قەبىلە نامى |
| ھىرقەتىي | مۇھەممەد ئىمىن غوجامقۇلى ھىرقەتىي | ھىرقەتىي، گۇمنام | كۆيۈپ كۈل بولغۇچى، نامسىز |
| سالاھىي | مۇھەممەد ئەبۇ سالاھىي | سالاھىي | توغرا يولدا ماڭغۇچى |
| فۇتۇھىي | غوجا سىددىق فۇتۇھىي | فۇتۇھىي | كۆڭۈللۈك، شەپقەت قىلغۇچى |
| زەلىلىي | مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي | زەلىلىي | خار، قەدىرسىز، خارلانغۇچى |
| ئەرشىي | غوجا ياقۇپ، غوجا جاھان | ئەرشىي | يەتتە قات ئاسمان، تەخت |
| مۇھەممەد خاراباتىي | مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتىي | خاراباتىي | دەۋائىي ئىشق بىلەن خاراب بولغۇچى، مەيخانا ئەھلى |
| نەۋبەتىي | | نەۋبەتىي | نۆۋەت، ئىش ئۆتكۈزۈۋالغۇچى |
| مەھزۇن | ئىسمائىل | مەھزۇن | غەمكىن، پەرىشان |

| | | | |
|---|---|---|---|
| مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي | مۇھەممەد سادىق | كاشغەرىي | قەشقەر (يۇرتى) |
| ئەھمەد شاھ قاراقاش | ئەھمەد شاھ | قاراقاش | قاراقاش (يۇرتى) |
| قەلەندەر | - | قەلەندەر | نامرات، يوقسۇل |
| ئابدۇرېھىم نىزارىي | ئابدۇرېھىم نىزارىي | نىزارىي | سولاشقان، قاقشال بولغان |
| نۇرۇز ئاخۇن زىيائىي | نۇرۇز ئاخۇن زىيائىي | زىيائىي | نۇر، يورۇق، ھۇزۇر |
| تۇردۇش ئاخۇن غەرىبىي | تۇردۇش ئاخۇن غەرىبىي | غەرىبىي | مۇساپىر، كۆچمەن |
| ئۆمەر ھۇسەين سەبۇرىي | ئۆمەر ھۇسەين سەبۇرىي | سەبۇرىي | سەۋرچان، ئاۋاز، سادا |
| موللا بىلال نازىمىي | موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ | نازىمىي | تەرتىپكە سالغۇچى، رەتكە قويغۇچى |
| ناقىس | سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر ناقىس | ناقىس | كەمتۈك، چالا، زەئىپ |
| موللا مۇسا سايرامىي | موللا مۇسا سايرامىي | سايرامىي | سايرام (يۇرتى) |
| ھۇسەينخان تەجەللىي | ھۇسەينخان ئەكبەر تەجەللىي | تەجەللىي | چاقناپ تۇرغان نۇر، جۇلالىق |

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

(1) غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاي.

(2) ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۇسەيىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، قەشقەر خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى 10 ـ ئاي.

(3) ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانىي: «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى 4 ـ ئاي.

(4) ئەكبەر قادىر: «تەخەللۇسشۇناسلىق ۋە زوردۇن سابىرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى»، «تارىم» ژۇرنىلى، 2011 ـ يىللىق 9 ـ سان.

(5) ئەلىشىر نەۋايى: «لىسانۇت ـ تەير»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىللىق 4 ـ سان.

(6) باتۇر روزى: «تەجەللىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

(7) يۇسۇپ ئىگەمبەردى: «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە ئىزدىنىش ــ تەخەللۇس، نىسبە ۋە تەگات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2010 ـ يىللىق 5 ـ سان.

(8) غۇلام غوپۇر: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى.

(9) ئابلاجان مەمەت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 9 ـ ئاي.

(10) ئەنۋەر سەمەد غەرىبىي: «ئۇيغۇرلاردا فامىلە، ئۇيغۇرلاردا نەسەبنامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

(11) رەجەپ يۇسۇپ: «مۇھەممەد سىدىق زەلىلىي ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1983 ـ يىللىق 2 ـ سان.

(ئاپتورى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى)

# رىۋايەتلەر

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەدئىمىن قۇربان تۇغلۇق

## چاقماق دەرياسى

بۇنىڭدىن كۆپ زامانلار ئىلگىرى كۆن تۇۋاقتەك، ئاي قۇلاقتەك چاغلاردا، بەشكېرەمنىڭ شىمالىدىكى غەربتىن شەرققە سوزۇلۇپ ياتقان بەھەيۋەت قۇمالتاغ ناھايىتى قېلىن قار - مۇزلار بىلەن قاپلانغانىكەن. تاغ جىرالىرى رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلغان ئوتلاق، تاغ باغرى ئادەم تېرىسا ئۈنگۈدەك مۇنبەت تۇپراق ئىكەن. مېھنەتكەش ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇ زېمىندا تاغ ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىپ ئۇرۇق چېچىپ، ئېكىن ئېكىپ ئەمگەك قىلىشىدىكەن، ئىش - ئەمگەكتىن بوشىغان چاغلاردا مېۋە - چېۋىلەر مەي باغلىغان باغلاردا چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ مەشرەپ ئۆتكۈزىدىكەن، شۇنداق قىلىپ، ئەل - يۇرتتىن غەم قايغۇنى كەتكۈزىدىكەن. تاغ ئارىسىدىكى چۆپلۈكلەردە سانسىز چارۋا - ماللار ئوتلىشىدىكەن، تۈرلۈك تۈمەن خىل قۇشلار خۇشال سايراپ بۇ قايناق ھاياتنى قۇتلىشىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. مېھنەتلىك باھارنىڭ كەينىدىن بەرىكەتلىك ياز ئۆتۈپ ھىممەتلىك كۈز ئايلىرى باشلىنىپتۇ. يۇرتداشلارمۇ ئاۋۋالقىدەكلا چىن يۈرىكىدىن شادلىنىپتۇ. ئانا تۇپراق مەشرەپ سادالىرىدىن كۆلۈۋاتقان، يۇرت ئەھلى ھايات پەيزىنى سۈرۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىسىدە بەزى كىشىلەرنى شەيتان ئازدۇرۇپتۇ. يەنى، ئۇلار تېشى پۇزۇر، ئىچى قوتۇر، تىلى ھەسەل، دىلى زەھەر نائەھلىلەرگە ئالدىنىپ ئاتا - بوۋىلارنىڭ يولىنى تۇتۇشتىن باش تارتىپتۇ. بۇ ئادىمي شەيتانلار پىتنە - پاسات تارقىتىپ كىشىلەرنى شۇنداق ئازدۇرۇپتۇكى، پىسقى - پۇجۇرغا ئالدانغان يەنە بىر قىسىم كىشىلەردە ئاتا - بوۋىلار ۋۇجۇدىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان شەخسىيەتچىلىك، ھەسەتخورلۇق، مەنمەنچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىككە ئوخشاش ئىللەتلەر باش كۆتۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتا بالىغا، بالا ئاتىغا ئىشەنمەيدىغان ھالەت شەكىللىنىپتۇ. يەنە بىر بۆلەك ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر بولسا يۇرت خەلقىنىڭ روھىنى پاكلاش ئۈچۈن تۈرلۈك سەۋەبلەرنى قىلىپ باققان بولسىمۇ كار قىلماپتۇ. ئاتا - بوۋىلار دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى «سېنىڭ» ياكى «مېنىڭ» دېيىلمەي كەلگەن بۇ پاك زېمىندىكى گۈزەل باغلار بىلەن ياپيېشىل ئوتلۇق تاغلار، مول ھوسۇللۇق ئېكىنزارلار بىلەن سانسىز چارۋا - ماللار مانا ئەمدى بىر توپ نائەھلىلەر ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش ئىچىدە قاپتۇ. توغرا گەپ قىلىپ، ئەلنى ئەجدادلار يولىنى تۇتۇشقا ئۈندىگەنلەر چەتكە قېقىلىپ زارلىنىپتۇ، ھەقنى سۆزلىگەنلەر خارلىنىپتۇ. ئىلگىرىكى باياشاتلىق ئورنىنى ئەمدى ناشاتلىق ئاپتۇ. ئىناقلىق بېغىدا قۇزغۇنلار ماكان تۇتۇپتۇ، ئەل بەختىنىڭ كۈيچىسى بۇلبۇللار قاچىپ يۇتۇپتۇ...

بۇ زېمىندىكى قالايمىقانچىلىقتا كۆك تەڭرى قاتتىق غەزەپلىنىپ، مۇقەددەس يەر ۋە سۇنى پاكلاش، ھېلىقى بىر ئوچۇم نائەھلىلەرنى جازالاش ئۈچۈن قۇياشنى ئەۋەتىپتۇ. قۇياش بۇ يۇرتقا شۇنداق بىر قاراپتىكەن، قۇمالتاغدىكى يۇرتنىڭ

بايلىقى بولغان قار - مۇزلار ئېرىشكە باشلاپتۇ. تاغ سۇلىرى شىددەت بىلەن كۆپىيىپ دەھشەتلىك كەلكۈنگە ئايلىنىپتۇ.

ئۇ كۈنى كەچتە ھەممە يەرنى خۇددى غايەت زور قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇلۇق قاپلىغانىكەن. ئازغۇنلۇق چۆلدە سەرسان بولۇپ يۈرگەن بەدەۋىيلەر بىر كۈنلۈك ئەيش - ئىشرەتتىن كېيىن چارچاپ ئۇيقۇ دەرياسىغا غەرق بولغاندا، يۇرتنىڭ چېتىدىكى كونا كەپىدە يۇرت ئەھلىنى ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ئازغۇنلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن يۇرت ئاغىسىنىڭ ئوغلى ئالىپ بەگ بىلەن يۇرت ئاغىسىنىڭ ئۆلۈم ۋە كۆرۈمدە بىللە بولۇپ ئازغۇنلار قولىدا جان بەرگەن قېرىندىشىنىڭ قىزى ئاي بېكەمنىڭ تويى بولۇۋاتقانىكەن. تويغا كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقانلار گۈلخان يېقىپ، مەشرەپ قىلىپ شادلىق سادالىرى بىلەن يەر - جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئەلياتقۇ مەزگىلىدە بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇققا كۆك تەڭرىدىن قۇت تىلەپ ئۆيلىرىگە قايتىپتۇ. ئالىپ بەگ بىلەن ئاي بېكەم ئەمدىلا بىر ياستۇققا باش قويۇشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ ھۇجرىسى ئالدىدا بىر بۆرە خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بوپتۇ ۋە ئۇلارغا قاراپ: «ئەي پاك ئىنسانلار، كۆك تەڭرىسى مۇقەددەس يەر - سۈنى بۇلغىغانلارنى جازالاش ئارقىلىق ئۇلارنى پاكلاش ئۈچۈن قوياشنى ئەۋەتتى. ھازىر يۇرت خەۋپ ئىچىدە، سىلەر دەرھال قىرىق كۈن يەتكۈدەك ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپ ماڭا ئەگىشىڭلار!» دەپتۇ. بۇ ئىككىلەن بۆرىنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇنىڭغا ئەگىشىپتۇ. بۆرىنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان ئوت ئۇلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپتۇ. شۇ تەرىقىدە خېلى ماڭغاندىن كېيىن، مۇشۇ يۇرتنىڭ كىندىكىگە جايلاشقان ئون ئەرنىڭ قۇچىقى يەتمەيدىغان چىنار دەرىخى تۈۋىگە يېتىپ كەپتۇ. بۆرە: «كۆك تەڭرى سىلەرنى ئامان قىلغاي، مۇقەددەس يەر - سۇ سىلەرگە مەڭگۈلۈك ماكان بولغاي» دەپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئۇلار يەنە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى ئويلاپ ئۆلگۈرگۈچە كەلكۈننىڭ شەپىسى ئاڭلىنىپتۇ. ئاڭغىچە سۇ شاۋقۇنلىرى بارا - بارا يېقىنلاپتۇ. بۇ ئىككىلەن تەييارلىغان ئوزۇق - تۈلۈكلىرىنى ئېلىپ دەرھال چىنار ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. ھايال ئۆتمەي كەلكۈن ھەممە يەرنى بىر ئاپتۇ. يۇرت - ماكان، باغباراڭ ۋە مال - ۋاران ئۆز ئىگىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ تەلتۆكۈس ۋەيران بوپتۇ. كۈن كەينىدىن كۈن، تۈن كەينىدىن تۈن ئۆتۈپتۇ. ئالىپ بەگ بىلەن ئاي بېكەم كېچىلىرى ئايغا قاراپ يۇلتۇز ساناپ كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ، كۈندۈزلىرى ئۈمىد بىلەن كۈنگە قاراپ تاغ كەينىگە پاتقۇزۇپتۇ. قىرىق كۈن بولاي دېگەندە قۇمالتاغدىكى قار - مۇزلار پۈتۈنلەي ئېرىپ تۈگەپ كەلكۈن توختاپتۇ. ئالىپ بەگ بىلەن ئاي بېكەم دەل قىرىقىنچى كۈنى چىناردىن چۈشۈپتۇ. ھالاك بولغان قوۋمىغا قاراپ قايغۇرۇپتۇ، ۋەيران بولغان يۇرتقا قاراپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، قىرىق كۈن توختىماي ئاققان كەلكۈن ھەممە يەرنى تۈپتۈز قىلىۋەتكەن بولۇپ، ھېلىقى چىناردىن باشقا ھېچقانداق دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ ياكى پاناھلانغۇدەك ئۆي - ماكاندىن ئەسەر قالمىغانىكەن. شۇ ئەسنادا قىرىق كۈنلۈك ئاچچىق قىسمەت، رەھىمسىز رېئاللىق ئالدىدا ئاتەش يۈرەكلەرگە دۇملەنگەن پاك سۆيگۈ سادالىرى غۇنچىدەك لەۋلەردىن تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ. ئېچىرقاش ئىچىدىكى باياۋان چاڭقاقلىقىنىڭ تەشنالىق ئازابى ۋىسال لەززىتىگە ئورۇن بوشىتىپتۇ. چىنار شاخلىرى بىردىنلا يەرگە تەگكۈدەك ئېگىلىپ ئۇلارنى قوينىغا ئاپتۇ. ئۇلار دۇنيانى، دۇنيا ئۇلارنى ئۇنتۇپتۇ...

بىر كەمدە ئۇلار قار - مۇزى ئېرىپ، ئوت - سۈيى قۇرۇپ تۈگىگەن بۇ يۇرتتا بۇندىن كېيىن قانداق ھايات كەچۈرۈش توغرۇلۇق باش قاتۇرۇشۇپ ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا ئەسىر بوپتۇ. قىرىق كېچە - كۈندۈز سوكۇتتا تۇرۇپ سەۋر قىلىشقان ئۇيقۇ لەشكەرلىرى ئۇلارنى قاتتىق ئىسكەنجىگە ئاپتۇ. ئۇلار ناھايىتى تاتلىق ئۇخلاپ سەھەرگە يېقىن مۇنداق چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بۇ ئىككىلەن

يىراق سەپەرگە ماڭغانىمىش، ھاۋا تازا ئىسسىغان بىر مەزگىلدە ھېچ گىياھ ئۈنمەس بىر چۆل - جەزىرىگە بېرىپ قالغانىمىش، تازا چاڭقاپ سۇسىرىغاندا يېنىدىكى قاپاقتا قارىسا ئىچىدىغان سۈيى تۈگەپ كەتكەنىمىش. «ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇق» دېيىشىپ، غەمكىن ھالەتتە تۇرغىنىدا، ئالدىدا بىر بۆرە پەيدا بولغانىمىش. ئۇ بۆرە: «ئۆزۈڭلار تۇرغان جاينى كولىساڭلار سۇ چىقىدۇ» دەۋاتقۇدەكمىش... ئۇلار كۆرگەن چۈشلىرىگە ھەيران بولۇشۇپتۇ ھەم چىنار تۈۋىنى كولاشقا كىرىشىپتۇ. ھايال ئۆتمەي چىنار تۈۋىدىن ئادەم بېلىدەك بىر باشلام سۇ چىقىپتۇ.

ئالىپ بەگ بىلەن ئاي بېكەم چىنار كاۋىكىنى ئۆي قىلىپ، بۇلاق بويىدا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. بەگ چىنار شېخىدىن ئوق ۋە يا، قوۋزىقىدىن كىرىچ ياساپ يىراق - يېقىن جايلارغا بېرىپ ئوۋ ئوۋلايدىكەن. بېكەم ئېرى ئەكەلگەن ئوۋ غەنىيمەتلىرىنىڭ گۆشىدە تاماق ئېتىپ، تېرىسىدە كىيىم تىكىپ ئۆيگە قارايدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ ئۇلار پەرزەنتلىك بوپتۇ. پەرزەنتلەر چوڭ بولۇپ يەنە پەرزەنتلىك بولۇشۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ يۇرتتا يەنە قايتىدىن ئادەم كۆپىيىشكە باشلاپتۇ. ئالىپ بەگ بىلەن ئاي بېكەم نەۋرە - چەۋرىلىرىگە ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ تارىخىنى داۋاملىق سۆزلەپ بېرىپ قاتارغا قوشۇپتۇ. بارا - بارا ئۇلارنىڭمۇ يېشى بىر يەرگە بېرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئالىپ بەگ بارلىق ئوغۇل - قىزلىرىنى، نەۋرە - چەۋرىلىرىنى ئەتراپىغا ئولتۇرغۇزۇپ: «ئەي پەرزەنتلىرىم، بىز ئەمدى قېرىدۇق. ئۆمۈر شامىمىز ئۆچۈش ئالدىدا تۇرۇپتۇ، سىلەرگە مۇستەھكەم ئېتىقاد ۋە ئەقىدىدىن باشقا مىراس قالدۇرغۇدەك دەپىنە - دۇنيالىرىمىز يوق. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، بۇ دۇنيا مەڭگۈلۈك ئەمەس. ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ كەچمىشىدىن قارىغاندا، ئېتىقاد ۋە ئەقىدە ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم، ئۇنىڭدىن ئايرىلغان ئىنسان ئەجدادلىرى ئالدىدا ۋە ئەۋلادلىرى ئالدىدا ئەڭ قەبىھ گۇناھكاردۇر. شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، قىرىق كۈن داۋاملاشقان كەلكۈندە تەلتۆكۈس ۋەيران بولغان بۇ دىياردا يەنە سىلەردەك ئىزباسارلارنىڭ دۇنياغا كېلىشى پۈتۈنلەي بىزدىكى ئېتىقاد كامالىتىدىن بولغان. ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ مېڭىڭلاركى، مۇقەددەس يەر ۋە سۇ ھاياتلىقنىڭ كاپالىتى، ئۇنىڭسىز ئىنسانىنىڭ ئىنساندەك ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ھەممىڭلار بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ ئۇلۇغ تەڭرىدىن يەر ۋە سۇنىڭ ئامانلىقىنى تىلەڭلار، ئۇنىڭ پاكلىقىنى جان تىكىپ قوغداڭلار...!» دەپ نەسىھەت قىلغاچ دۇنيادىن كۆز يۇمۇپتۇ. ئالىپ بەگ دۇنيادىن ئۆتۈپ دەل قىرىقىنچى كۈنى سەھەردە ئاي بېكەممۇ قېشىدا ئولتۇرغان ئوغۇل - قىزلىرىغا: «ئالىپ ئاتاڭلارنىڭ سۆزىگە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ئەمەل قىلىڭلار، بولمىسا ھالاك بولىسىلەر!» دەپ ۋەسىيەت قىلىپ جان ئۈزۈپتۇ.

ئالىپ بەگ بىلەن ئاي بېكەمنىڭ ئەۋلادلىرى ئالىپ ئاتىنىڭ ئېيتقانلىرى بويىچە يول تۇتقاچقا يۇرت كۈندىن - كۈنگە ئاۋاتلىشىپتۇ. بىراق، ئەمدى ھېلىقى چىنار تۈۋىدىكى بۇلاقتىن چىققان سۇ تەدرىجى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېھتىياجنى قامدىيالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. يۇرتنىڭ كېلەچىكى ۋە يۇرت ئەھلىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن بېشى قاتقان يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئۆزئارا باش قوشۇپ، ئاخىر «ئاتا - بوۋىلارغا ئەگىشىپ توغرا يولغا ماڭغانلارنى تەڭرى يۆلەيدۇ، سۈيىمىزنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈن كۆك تەڭرىدىن مەدەت تىلەيلى...» دېگەن قارارغا كېلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇرت ئاغىلىرىنىڭ باشچىلىقىدا يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بارلىق كىشىلەر قۇمالتاغ باغرىغا يىغىلىپ، كۆك تەڭرىگە مۇناجات ئوقۇپ سۇ تەلەپ قىپتۇ. كۆك تەڭرىنىڭ ئۇلارغا رەھمى كېلىپ، تەلىپىنى ئىجابەت قىلىشقا چاقماقنى ئەۋەتىپتۇ.

چاقماق يولغا چىققاندا ئالەمنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، دەھشەتلىك گۈلدۈرماما ساداسىدىن يەر - زېمىن لەرزىگە كەپتۇ. ئارقىدىن چاقماق چېقىلىپ، قارا بۇلۇتلارنىڭ كۆكسى يېرىلىپ يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. ئەسىرلەر بويى قۇياش تەپتىدە

كۆيۈپ قاغجىرىغان مۇقەددەس زېمىن تەشنالىقىنى قاندۇرۇپتۇ. شادلىقتىن كىشىلەرنىڭ بېشى كۆككە يېتىپتۇ. زېمىن ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ شادلىقىدىن سۆيۈنگەن كۆك تەڭرى شاپائەت قولىنى ئايىماي سۇنۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چاقماق تېخىمۇ ھەيۋەتلىك گۈلدۈرماما بىلەن دەھشەتلىك نەرە تارتىپ، زۇلمەت قوينىدا ئالتۇن شەمشىرىنى ئوينىتىپ، قۇمالتاغقا قاراپ شىلتىپتۇ. ھەيھات، ئاۋۋال نۇر چاقناپتۇ، ئاندىن قۇمالتاغ يېرىلىپ بىر ئېقىن سۇ يۇرت باغرىغا ئېقىشقا باشلاپتۇ. بارا ـ بارا سۇ كۆپىيىپ بىر دەرياغا ئايلىنىپتۇ. بۇ مۆجىزىگە ھەيران بولغان ئاۋام كۆك تەڭرىگە بولغان مەڭگۈلۈك تەشەككۈرى سۈپىتىدە چاقماقنى ياد ئېتىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئانا يۇرت ئومۇرتقىسى بولغان بۇ دەريانى «چاقماق دەرياسى» دەپ ئاتاپتۇ.

چاقماق دەرياسىنىڭ خاسىيىتى بىلەن بۇ دىيار يەنىمۇ ئاۋاتلىشىپتۇ. كىشىلەر يەر ـ سۇنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد قەدىرلەپ ئانا يۇرتنى گۈللەندۇرۇپتۇ. چاقماق دەريا ۋادىسىدا بېھىشتەك گۈزەل باغلارنى، ئوردۇكەنت ـــ خانئۆي كەبى مەشھۇر شەھەرلەرنى، مۇرا، كەپتەرخانا ۋە ھەيۋەتلىك بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى بىنا قىلىپ، توققۇز ھۇجرا كەبى مىڭئۆيلەرنى قېزىپ تارىخ بېتىگە چېكىپتۇ. بۈگۈنكى كۈندە چاقماق دەريا ۋادىسىدا ياشاۋاتقانلار دەل ئالىپ بەگ بىلەن ئاي بېكەمنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: بەشكېرەم يېزا قۇمباغ كەنتىدىن قۇربان ئىبراھىم، قەمبەرخان نەجمىدىن.

## توققۇز ھۇجرا

ناھايىتى قەدىمكى زامانلار ئىلگىرى بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا ئەجدادى قەدىمكى تۈرك خاقانى ئەرجەسىپ ئارقىلىق ئەڭ قەدىمكى تۈرك خاقانى ئاپراسىياپقا تۇتىشىدىكەن. ئۇنىڭ ناھايىتى بىلىملىك ئەمىر ـ ئۆمرالىرى، خەزىنە ـ خەزىنىدە دەپىنە ـ دۇنيالىرى، ساداقەتمەن، ئاق كۆڭۈل پۇقرالىرى بولغاچقا دۆلىتى تولىمۇ زىيادە ئىكەن. بىراق، ئۇ پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەچكە كېچە ـ كۈندۈز تەڭرىدىن پەرزەنت تىلەپ ياش تۆكىدىكەن. ئۇ قىرىق ياشقا كىرگەن يىلى تەڭرى ئۇنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىپ، ئايالى بىر قىز تۇغۇپتۇ. بۇ قىز شۇنداق چىرايلىق ئىكەنكى، مەن ـ مەن دېگەن ساھىبجاماللار ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىكەن. پادىشاھ ئارزۇلۇق قىزى ئون ئالتە ياشقا كىرگەندە يامان كۆزلەردىن نېرى تۇتۇش ئۈچۈن، ئوردا شەھىرى خانئۆيىنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان چاقماق دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى تاغ قاپتىلىغا بىر قاتار ھۇجرىلارنى سالدۇرۇپ، ماھىر رەسسام، ئۇستا نەققاشلارنى تەكلىپ قىلىپ ئاجايىپ سېھىرلىك رەسىملەرنى سىزدۇرۇپتۇ، كۆركەم نەقىشلەرنى ئويدۇرۇپتۇ.

پادىشاھ قىزىنى ئۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، ئوردىسىنىڭ ئالدىدىكى چاقماق دەريا ساھىلىدىكى ئارامگاھىدا خانىشى بىلەن قىزىنىڭ كەلگۈسى توغرۇلۇق پاراڭلاشقاچ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىر كەمدە خانىشىنىڭ ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازى پادىشاھنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، خانىش: «ۋاي قىزىم، قانداق قىلارمىز؟ ۋاي قىزىم، ئەمدى بىز قانداق قىلارمىز!...» دېگىنىچە ئۆزىنى كاچاتلاپ يىغلاۋاتقۇدەك. شاھ ئەندىكىپ: «نېمە بولدۇڭ؟ قىزىمىزغا بىر ئىش بوپتىمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. خانىش يىغىدىن ئۆزىنى ئاران توختىتىپ: «بايا بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە ئىككىمىز قىزىمىزنى ئېلىپ چوڭ بىر شەھەردە سەيلە قىلىپ يۈرگۈدەكمىز، كوچىدا مىغىلداپ يۈرگەن ئادەملەر بىزگە ئېسەنكىرەپ قاراۋاتقۇدەك. بىر يەرگە كەلگەندە ئۆزلىرى تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان پالچى بوۋايغا قىزىمىزنىڭ كېلىچىكى ھەققىدە پال سالدۇرۇپلا، پالچى بوۋاي ئالدىدىكى تاشلارنى ئۇيان ـ بۇيان يۆتكەپ پال ئاچقاندىن كېيىن بىردىنلا قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، قىزىمىزغا قاراپ ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىۋاتقۇدەك. يۈرىكىم تۇيۇقسىز بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك قاتتىق ئېغىپ كېتىۋاتقۇدەكمىش. بىز پالچى بوۋاينىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغىنى-

مىزدا ئۇ بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ: «بۇ قىز ئەجەب چىرايلىق چوڭ بوپتىكەن، مىڭلارچە ئەپسۇسكى، قىرىق كۈن ئىچىدە بۇ قىزغا بىر بالا - قازا كەلگۈدەك، دەۋاتقۇدەكمىش. قىزىمىز ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بىر چىرقىراپلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغۇدەكمىش» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ.

خانىشنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، پادىشاھنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ: «بۇ دېگەن چۈش، ئۇنىڭغا ئىشەنگىلى بولامتىمۇ؟» دەپ خانىشنىڭ كۆڭلىنى ياسىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىمۇ خاتىرجەم بولالماي تۈننى تاڭغا ئۇلاپتۇ. تاڭ ئېتىشى بىلەنلا نۆكەرلىرىگە تەۋەلىكىدىكى پالچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئوردىغا يىغىشقا ئەمر قىپتۇ. پالچىلار يىغىلغاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئۇنىڭ قىزىغا پال ئېچىپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن ئۇلارنىڭ باشلىرى چۈشۈپ ئۇھسىنىش ئىچىدە يەرگە قارىشىپتۇ. پادىشاھ بىر كۆڭۈلسىزلىكنى تۇيغاندەك، ھەممىسىگە بىر - بىرلەپ سوغۇق نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن، پالچىلار بىردەك: «ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا، پادىشاھى ئالەم، قىرىق كۈن ئىچىدە مەلىكە بىر چوڭ بالا - قازاغا يولۇققۇدەك» دەپ خانىشنىڭ چۈشىدىكى پالچىغا ئوخشاش جاۋاب بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەرنى قىزىغا ئۇقتۇرماستىن، ئۇ ئىلىم - ھېكمەت ئۆگىنىۋاتقان ھۇجرىلارنى قوغداشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۆزى بولسا كۆڭلى سۇنۇق ھالەتتە چاقماق دەريا ساھىلىدىكى بەشكېرەم باغلىرىدىن ھەر كۈنى بىر تۈرلۈك مېۋىدىن بىر سېۋەت قاچىلىتىپ قىزىنى يوقلاپ تۇرۇپتۇ. بىرىنچى كۈنى ئانار، ئىككىنچى كۈنى ئەنجۈر، ئۈچىنچى كۈنى شاپتۇل... پادىشاھنىڭ پائالىيىتى مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملىشىۋېرىپتۇ. ئوتتۇز توققۇز كۈنگىچە ھېچ ئىش بولماپتۇ، ئوتتۇز توققۇزىنچى كۈنى كېچە ئەندىشە ئىچىدە ئۇزاپ تاڭ ئېتىپتۇ. پادىشاھ «مۇشۇ ئاخىرقى بىر كۈن ساق - سالامەت ئۆتۈپ كەتسىلا بالا - قازا كېتىدۇ» دەپ ئويلاپ، سەھەردە ئۈمىد بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ بىر سېۋەت ئۈزۈمنى ئۆز قولى بىلەن قاچىلاپ قىزىنى يوقلاپ بېرىپتۇ. قىز بۇگۈن دادىسى بىلەن ئادەتتىن تاشقىرى قىزغىنلىق بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئاندىن چەكسىز مىننەتدارلىق بىلەن دادىسى ئېلىپ چىققان ئۈزۈمدىن بىر ساپاق ئېلىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. ھەيھات! قىز ئەمدىلا ئىككى دانە ئۈزۈمنى يەپ بولۇپ، ئۈچىنچى دانىسىنى يېيىشكە ئېغىز ئېچىشىغا ئۈزۈم ئىچىدىن بىر تال ھەرە چىقىپ ئۇنىڭ قىزىلگۈل غۇنچىسىدەك لېۋىنى چېقىۋېلىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. قىز دادىسىنىڭ قۇچىقىغا يىقىلىپ جان ئۈزۈپتۇ. پادىشاھ قىزىنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ كۆزى كۆرمەس، قۇلىقى ئاڭلىماس بولۇپ ھەسرەت بىلەن دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ. قىزنىڭ نام - شەرىپى ئۈچۈن بۇ جاي «توققۇز ھۇجرا» ئاتىلىپ، مۇقەددەس مىڭئۆيلەر قاتارىدىن ئورۇن ئاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: بەشكېرەم يېزا قۇمباغ كەنتىدىن قۇربان ئىبراھىم، قەمبەرخان نەجمىدىن، ئەمەت تاھىر.

## بەشكېرەم سەيلىسى

بىر كۈنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تاڭ سەھەردە ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. ئۇ چۈشىدە نۆكەرلىرى بىلەن شىكارغا چىققۇدەكمىش، قاتمۇقات تاغلار ئىچىدە ئوۋلىغۇدەك بىر نەرسە ئۇچرىماي كۆڭلى مەيۈس يۈرگىنىدە، ئالدىدا بىر ئالىچىپار كېيىك پەيدا بوپتۇدەك. ئۇلار كېيىكنى قوغلىغانىكەن، ئاجايىپ بىر گۈزەل باغقا كىرىپ غايىب بوپتۇدەك، بۇ باغ شۇنداق گۈزەل ئىكەنكى، ئېرىقلاردا سۈپسۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرغۇدەك، مەي باغلاپ پىشقان مېۋىلەرنىڭ شېخىدا تۈرلۈك قۇشلار خۇشال سايراپ قانات قېقىپ تۇرغۇدەك. دەل شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كېتىپتۇ. كۆرگەن چۈشىنىڭ تەسىرىدە، كۆڭلىدە بىردىنلا شىكار ھەۋىسى قوزغىلىپتۇ.

ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن سۇتۇق بۇغراخان بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ بىللە ئويناپ، بىللە

كۆلۈپ چوڭ بولۇشقان؛ ئوتقا باشلىسا ئوتقا، سۇغا باشلىسا سۇغا كىرىدىغان قىرىق نەپەر خاس چەۋەندازلىرى بىلەن قۇمالتاغقا شىكارغا ئاتلىنىپتۇ. سوقا چۈش بولغۇچە تاغ ئارىلىرىنى كېزىپ يۈرۈپ بىرنەچچە توشقان ئوۋلىغاندىن باشقا ئېغىزغا ئالغۇدەك ئوۋ ئۇچرىماپتۇ. ئۇلار خېلى بىر كەمگىچە ئوۋ ئىزدەپ يۈرگەندىن كېيىن تەرلەپ - پىشىپ، ھېرىپ - ئېچىپ، چۈشلۈك غىزالىنىش ئۈچۈن ئولتۇرۇشقا، خاقان مىنگەن ئارغىماقتا توقۇلغان ئېگەرنىڭ بېشىغا قوندۇرۇلغان شۇڭقار شوخشۇپ قانات قېقىپتۇ. بىر نۆكەر ئۇنى قويۇپ بېرىپتۇ. شۇڭقار بىردىنلا كۆك قەرىگە چىقىپ، دەستەك ئۆرۈپ، ئوۋدىن بېشارەت بېرىپ، ئولتۇرغانلارنىڭ باش ئۈستىنى بىر ئايلىنىۋەتكەندىن كېيىن، نېرىقى تاغ چوققىسىنىڭ ئارقىسىغا شۇڭغۇپتۇ.

سۇتۇق بۇغراخان چەۋەندازلىرى بىلەن شۇڭقارنىڭ كەينىدىن دەرھال ئات ساپتۇ. چوققىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ قارىسا، بىر توپ بۆرە بىر ئالىچىپار كېيىكنى قوغلاپ كېلىۋاتقۇدەك، ئۇ كېيىك خاقان چۈشىدە كۆرگەن كېيىككە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن. شۇڭا، چەۋەندازلارغا كېيىككە چېقىلماي بۆرىلەرنى يوقىتىش ھەققىدە ئەمر قىپتۇ. چەۋەندازلار دەرھال ئەتراپنى قورشاپ، ئوقيالىرىنى بەتلىگىنىچە بۆرىلەر توپىغا يېقىنلىشىپتۇ. بۆرىلەر ئات تۇياقلىرىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ چىپپىدە توختاپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، دەقىقە ئىچىدە ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ، خۇددى بىر - بىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا قورشاۋدىن يوچۇق ئىزدەپ، دەھشەتلىك ھۇۋلىغىنىچە يۇگۇرۇشۇپتۇ، ئاتلىقلار دائىرىنى تەدرىجىي كىچىكلەتكەچ ئۇلارغا ئوق ئۈزۈپتۇ. مەرگەنلەرنىڭ ئوقىدىن بىرمۇ بۆرە قېچىپ قۇتۇلالماپتۇ. ھېلىقى ئالا - چىپار كېيىك بولسا رەقىبلىرىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەكچى بولغاندەك نېرىقى دۆڭدە بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن ئاتلىقلارغا رەھمەت ئېيتقاندەك بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپتۇ. ئاندىن تاغنىڭ جەنۇبىي تەرەپ يان باغرىغا تۇتىشىدىغان جىلغا ئىچىدە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. دەل شۇ پەيتتە سۇتۇق بۇغراخان مىنگەن ئارغىماق ھېلىقى كېيىك كەتكەن جىلغىغا قاراپ چاپچىپ تىزگىن سىيرىپتۇ، كۆكتىكى شۇڭقارمۇ باش ئۈستىدە دەستەك ئۆرۈپ، بىر ئايلانغاندىن كېيىن تاغنىڭ جەنۇبىغا شۇڭغۇپتۇ.

سۇتۇق بۇغراخان بىلەن چەۋەندازلار ئاتنى بۆرە مېڭىشىغا قويۇپ بېرىپ، كېيىك ماڭغان جىلغىنى بويلاپ مېڭىپ، تاغدىن چىقىپ، بىر چىرايلىق باغقا كىرىپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بۇ يەرنىڭ قاپئوتتۇرىسىدا بىر ئېقىن سۇ تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ، چاقماق تېزلىكىدە ئېقىپ تۇرغان، ئېقىننىڭ ئىككى تەرىپى تۇتاش كەتكەن ئانارلىق، ئۈزۈملۈك، ئەنجۈرلۈك، ئۆرۈكلۈك، ئالمىلىق، شاپتۇللۇق باغلار بىلەن قاپلانغانىكەن. باغلارنىڭ چۆرىلىرىگە قويۇلغان، ئەمدىلا سارغىيىشقا باشلىغان بېھىلەردىن گويا خۇشبۇي بېھىش ھىدى كېلىدىكەن. باراڭلاردا ساڭگىلاپ تۇرغان ھەر خىل ئۈزۈملەر قۇياش نۇرىدا ياقۇتتەك يالتىرايدىكەن، سوزۇلۇپ پىشقان شاپتۇل ئالمىلىق شاخلاردىن بالقىغان نۇرلار ئىچىدە كۆز قاماشتۇرۇپ پارقىرايدىكەن. قىزىرىپ پىشقان ئانارلار خۇددى ھۆر قىزلارنىڭ مەڭزىگە ئوخشايدىكەن، كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلغۇچى ئەنجۈرلەرنىڭ بۇرنىدىن ئاققان شىرنىسى تىرناقتا توختايدىكەن. قىسقىسى، بۇ خۇددى سۇتۇق بۇغراخان چۈشىدە كۆرگەن ھېلىقى ئىلاھىي باغنىڭ ئۆزىلا ئىكەن.

سۇتۇق بۇغراخان بۇ كارامەتلەرنى كۆرۈپ ئاللانىڭ ھىممىتىگە ھەمدۇ سانا ئېيتىپتۇ ھەم: «بۇ جاي جەننەتكە ئوخشايدىكەن. بۇ بېھىشتەك ماكان ئاللانىڭ قۇدرەت - كەرەملىرى ئارقىلىق بىزگە بەخشەندە قىلىپ بەرگەن يورۇق دۇنيانىڭ جەننىتى ئىكەن. ئاللانىڭ مۆمىنلەر ئۈچۈن ياراتقان ئەڭ ئۇلۇغ نېمەتلىرىدىن بىرسى — جەننەت. بېھىش بىلەن ئەڭ ئۇلۇغ خىسلەت كېرەمدىن پۈتكەن بۇ گۈزەل يۇرتنىڭ نامىنى ‹بېھىشكېرەم› دەپ ئاتىسا بولغۇدەك» دەپتۇ ھەم چەۋەندازلىرى بىلەن قانغۇدەك سەيلە قىلىپ، ئۇلۇغ ئاللاغا شۈكۈر -

سانا ئوقۇپ، شاخلاردىن مېۋە ئىرغىتىپ يەپ، هاردۇقىنى چىقىرىپ، كەچ بولغاندا چاقماق دەرياسىنى بويلاپ، پايتەخت خانئۈيگە قايتىپتۇ.

سۇتۇق بۇغراخان شۇنىڭدىن كېيىن هەر يىلى ساخاۋەتلىك كۈز ئايلىرىدا ئوردىسىدىكى بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن بەشكېرەم باغلىرىدا كەڭ كۆلەملىك «باغ سەيلىسى» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىغان بوپتۇ. كېيىنچە پايتەخت چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى خانئۈيدىن تۆمەن دەريا ۋادىسىغا كۆچۈرۈلگەندىمۇ، قاراخانىيلار خاقانلىرى بىلەن هەرقايسى دەۋرلەردىكى قەشقەر هۆكۈمرانلىرى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۆدۈمى بىلەن «بەشكېرەم سەيلىسى»گە كېلىدىغان بوپتۇ. بۈگۈنكى كۈندىكى يىراق - يېقىن يېزا - قىشلاق، شەهەر - ناهىيەلەردىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مېۋىلەر پىشقان مەزگىللەردە بەشكېرەمگە كېلىپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بېرىۋاتقان «ئۆرۈك سەيلىسى»، «شاپتۇل سەيلىسى»، «ئەنجۈر سەيلىسى»، «ئانار سەيلىسى» ۋە «ئۈزۈم سەيلىسى» قاتارلىق مېهماندارچىلىق پائالىيىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان زامانىدىن باشلانغان يەرلىك ئەنئەنىۋى پائالىيەت — «بەشكېرەم سەيلىسى»نىڭ داۋامى ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: بەشكېرەم يېزا يېڭىئاۋات كەنتىدىكى دىنىي ئۆلىما ئابدۇللا هېكىم.

## سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوردۇكەنتنى چاقماق دەريا ۋادىسىدىن كۆچۈرگەنلىكى

قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ خاقانلىرىدىن بازىر قاراخان ئۆلۈپ كەتكەن ۋاقىتتا تەخت ۋارىسى سۇتۇق تېگىن تېخى كىچىك ئىكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاتا بىر، ئانا باشقا ئاكىسى ئوغۇلچاق بۇغراخان ئىنىسى بازىر قاراخاننىڭ ئوغلى چوڭ بولغۇچە دۆلەتنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان، چوڭ بولغاندا دۆلەت هوقۇقىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان ئەهدە بىلەن مەرهۇم خاقاننىڭ ئورنىغا خان بوپتۇ.

ئوغۇلچاق بۇغراخان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئەڭ چوڭ هۆكۈمدار — «قاراخان» بولۇش غەرىزىدە شۇملۇق بىلەن ئۆزىگە مۇرىت توپلاپ، ئوردا كېيىنكى نامىدىن ئۆزىنى «قاراخان» دەپ جاكارلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆتمۈشىدىن خەۋەردار بولغان ئەل - يۇرت ئۇنى ئېتىراپ قىلماپتۇ.

ئاي - يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۇتۇق تېگىنمۇ ئەقىل - پاراسەتتە، غەيرەت - جاسارەتتە ۋە هەربىي ماهارەتتە كامالىغا يېتىپ چوڭ بوپتۇ. ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەبۇ ناسىر سامانىي بىلەن ئۇچرىشىپ، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە - ئەهكاملىرىنى ئۆگىنىپ ئىمانى كامىل مۇسۇلمان بوپتۇ، ئۇنىڭ ئەهدە بويىچە تەختكە چىقىش مەزگىلى يېقىنلاشقانسېرى تاغىسى ئوغۇلچاق بۇغراخاننىڭ نىيىتى تېخىمۇ يامانلىشىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تەختكە يالغۇز ئىگە بولۇش مەقسىتىدە هىيلە - مىكىر بىلەن تۇزاق قۇرۇپتۇ. بىراق، مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ. ئەكسىچە، سۇتۇق تاغىسى ئوغۇلچاقنىڭ سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلىپ، ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى ۋە ئەل - يۇرتنىڭ ئارزۇسى بويىچە تەختكە ئولتۇرۇپتۇ.

سۇتۇق بۇغراخان تەختكە چىققان يىللاردا هۆل - يېغىن ئاز بولۇپ، چاقماق دەرياسىنىڭ سۈيى سوغۇلۇپ، چاقماق دەريا ۋادىسى قۇرغاقچىلىقنىڭ تەهدىتىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئوردۇكەنت — خانئۈيمۇ چۆلدەرەشكە باشلىغانىكەن. شۇڭا، ئۇ بىر كۈنى ئوردا ئەهلىگە: «ئوردۇكەنتىمىز خانئۈيى ئەڭ بۇرۇنقى بوۋىمىز ئافراسىياپتىن بوۋام كۆل بىلگە قادىرخانغىچە بولغان ئۇزاق تارىختا ئۆتكەن تالاي خاقانلىرىمىزنىڭ ئوردۇكەنتى بولۇپ كەلگەن. ئاتا - بوۋىلىرىمىز خانئۈيدە ئولتۇرۇپ دەۋران سۈرگەن، هالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئوردۇكەنت — خانئۈيدە ئولتۇرۇش ئاللانىڭ هىممىتى بىلەن ماڭا نېسىپ بوپتۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن تەشەككۈر! ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، تۇپراق سۇ بىلەن ياشىرىدۇ، شۇڭا ئىنسان سۇدىن ئايرىلالمايدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپسىلەركى، چاقماق دەرياسىدا سۇ دولقۇنلاپ ئېقىپ

تۇرغان مەزگىللەردە ئوردۇكەنت ــ خانئۆيى گۈللەپ ياشنىغان. مانا ھازىر دەريا سۈيى كۈنسېرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ خان تۇرىدىغان شەھەر خانئۆيىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا پايدىسىز. شۇڭا، بىز ئۇلۇغ خاقانلىقىمىز سەلتەنىتىنىڭ سىمۋولى بولغان ئوردۇكەنتنى سۈيى ئەلۋەك بىر جايغا يۆتكىسەكمىكىن» دەپتۇ.

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ سۆزىگە ئوردا ئەھلى بىردەك قوشۇلۇپتۇ، خاقان خاس ھاجىپ بىلەن ئوردا بېشىنى مۇۋاپىق ئورۇن تاللاشقا بۇيرۇپتۇ. بۇ ئىككىيلەن بىرقانچە نەپەر خاس نۆكەرى بىلەن خاقانىيەنى ئايلىنىپ ئاخىر بىر ئورۇندىن باشلىنىپ، بۆلۈنۈپ ئېقىپ يەنە بىرلىشىدىغان ئىككى دەريا ئارىسىدىكى ئېكىنزارلىقنى مۇۋاپىق تېپىپتۇ. بۇ ئىككى دەريانىڭ بىرسى قىزىل دەرياسى، يەنە بىرسى تۈمەن دەرياسى ئىكەن. ئۇلار تاللىغان ئورۇننى سۇتۇق بۇغراخانغا مەلۇم قىپتۇ ھەم چاقماق دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئېگىز دۆڭگە باشلاپ چىقىپ ئوردا كەنت ئۈچۈن تاللىغان ئورۇننى كۆرسىتىپتۇ. خاقان قارىغۇدەك بولسا غەربتىكى ئېگىز تاغلار ئارىسىدىن ئېقىپ چىققان ئۇلۇغ سۇ ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ بىر ئاز ئاققاندىن كېيىن يەنە بىرلىشىپ ئېقىۋاتقۇدەك. شۇڭا، ئۇ مەمنۇن بولغان ھالدا: «ياخشى جاي! ئىككى دەريا قولتۇقىدىكى ئاشۇ بوستانلىقتا يېڭى قەشقەر بىنا بولغاي» دەپتۇ.

خاقاننىڭ ئەمرى بىلەن يېڭى ئوردا كەنت قۇرۇلۇشىغا تۇتۇش قىلىنىپتۇ. خاقان ئۆزى باش بولۇپ ئوردىغا ياندىش مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرنىمۇ سالدۇرۇپتۇ. تەۋەسىدىكى تامچى، ياغاچچى ۋە سىرچى ئۇستىلارمۇ بارلىق ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىپ، يىراق ـ يېقىندىكى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىسقىغىنا ئىككى يىل ئىچىدە تۈمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسىغا يېقىنراق تۆپىلىكتە ناھايىتى ھەيۋەتلىك خان ئوردىسى قەد كۆتۈرۈپتۇ. سۇتۇق بۇغراخان خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللاپ چوڭ مەرىكە ئۆتكۈزۈپتۇ. ھەيۋەتلىك ناغرا ساداسى ئىچىدە ئوردۇكەنتنى چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى قەدىم ئاستانە خانئۆيىدىن قىزىل دەرياسى بىلەن تۈمەن دەرياسى ئارىسىدىكى قەشقەر شەھىرىگە داغدۇغىلىق ھالدا كۆچۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: بەشكېرەم يېزا سايباغ باشلانغۇچ مەكتەپتىن تۇراق قاۋۇل، بەشكېرەم يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن سىدىق كېرىم.

## قوتلۇق ھەكىم

(1)

قەدىمكى زاماندا چاقماق دەريا ۋادىسىدا بىر خىل غەلىتە كېسەل پەيدا بولۇپ كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سېلىپتۇ. بۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئاۋۋال ناھايىتى تاتلىق قىچىشىدىكەن. قاشلىغانسېرى شۇنچىلىك خۇش ياقىدىكەنكى، ئاخىر ئۆزىنى ئۇنتۇغان بىمار جېنىنى سىغدۇرغۇدەك جاي تاپالماي تامدىن ـ تامغا ئۆزىنى ئۇرۇپ قىپقىزىل قانغا بويىلىدىكەن.

خان ئوردىسى ــ خانئۆيىدىكى ئوردا تېۋىپلىرى بۇنىڭغا چارە تاپالماي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرسىدە، چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى خانلىق باغنىڭ ئون سەككىز ياشلىق باغۋەنى قوتلۇق مۇنداق چۈش كۆرۈپتۇ... ئۇ چۈشىدە يۇرتداشلىرىنىڭ كېسىلىگە شىپالىق دورا ئىزدەپ دەريا بويلاپ سەپەرگە چىققۇدەكمىش. قىرىق كۈن ماڭغاندىن كېيىن دەريا سۈيى تۈگەپ پايانسىز بىر چۆلگە كىرىپ قاپتۇدەكمىش. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ تۇرغىنىدا ئالدىغا بۇغداي ئۆڭلۈك، ئاپپاق ساقاللىق، قەددى ـ قامەتلىك خوددى پەرىشتىدەك بىر بوۋاي ئۇچراپ، ئۇنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى بىلگەندىن كېيىن چەكسىز سۆيۈنۈپ، ئۇنى باياۋاننىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى ئىلاھى باغقا تەكلىپ قىپتۇدەكمىش، بوۋاي ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ باغنى ئايلاندۇرۇپ، تۈرلۈك مېۋىلەردىن بىر تالدىن يېگۈزۈپ مېھمان قىلغاندىن كېيىن، ئالتۇن سۈيى بىلەن يېزىلغان بىر كىتابنى ھەدىيە قىپتۇدەكمىش، ئۇ كىتابنى ھۆرمەت بىلەن ئېلىپ، پېشانە-

سىگە تەگكۈزۈپ، لېۋىنى يېقىپ رەھمەت ئېيتىپتۇدەك... پېشىن نامىزىغا ئېيتىلغان مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كېتىپ، شېرىن چۈشى ئۈزۈلۈپ قالغان قۇتلۇق ئۆزىچە يەڭگىللەپ قالغاندەك، بىر سەكرىسىلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك، دۇنيانىڭ ئىلاھىي ھېكمەتلىرىنى بىر يولىلا بىلىۋالغاندەك بولۇپ قاپتۇ. ئۇ تاتلىق خىياللار ئىلكىدە تاھارەت ئېلىپ، پېشىن نامىزىنى ئوقۇۋالغاندىن كېيىن، بوۋىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بايا كۆرگەن چۈشىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ بوۋىسى ئوردا مەدرىسەسىنىڭ مۇدەررىسى بولۇپ، تورلۇك ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىدە كامالەتكە يەتكەن، نۇرغۇن ئىلىم تەشنالىرىنى تەربىيەلىگەن كاتتا زات ئىكەن. شۇڭا، ئۇ خان ئوردىسى — خانئۆيدە ئولتۇرغان بۇغراخاننىڭ ھۇزۇرىدىمۇ ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەن ھەم زور ئىمتىيازغا ئىگە ئىكەن. ئۇ نەۋرىسى قۇتلۇقنىڭ كۆرگەن چۈشىنىڭ جەريانىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن چەكسىز شادلىق ئىچىدە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنى قۇچاقلاپ، مەڭزىگە سۆيۈپ:

— ئوغلۇم، مۇبارەك بولسۇن! ساڭا ھەزرىتى لوقمان ھەكىمنىڭ تۇتقان يولىنى جارى قىلىش نېسىپ بولغان ئوخشايدۇ. ئىنشائاللا، بىزنىڭ جەمەتىمىزدىنمۇ بىر ھەكىم چىققۇدەك. سەن چۈشۈڭدە كۆرگەن مۇبارەك زات دەل ھەزرىتى لوقمان ھەكىمدۇر. ئۇ ساڭا بىر تالدىن يېگۈزگەن ھېلىقى تاتلىق مېۋىلەر بولسا ئۇلۇغ ئاللانىڭ ھېكمىتى بىلەن ھەزرىتى لوقماننىڭ ئەجرىدىن پۈتكەن مەرىپەت بېغىنىڭ مېۋىلىرىدۇر! — دېگىنىچە ئۆيگە يۈگۈرۈپتۇ. ھايال ئۆتمەي قۇتلۇق چۈشىدە كۆرگەندەككە ئوخشاش بىر كىتابنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ ۋە:

— ئوغلۇم! مانا بۇ جەمەتىمىز يەتتە ئەۋلادتىن بېرى ساقلاپ كېلىۋاتقان، ئەمما پايدىلىنىش ھېچقايسىمىزغا نېسىپ بولمىغان قەدىمىي كىتاب. دادامنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ دەل ھەزرىتى لوقمان ھەكىمنىڭ كىتابلىرىنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەن. قەدىمكى بوۋىلىرىمىز بۇ كىتابنى ناھايىتى قەدىرلەپ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساقلاشنى، يوقىتىپ قويماسلىقنى ۋەسىيەت قىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن. بوۋام، داداملار ئۇنى ئوقۇپ چۈشىنىشكە قادىر بولالماي مېنى ئوقۇپ پايدىلانسۇن، دېگەن ئۈمىدتە تەربىيەلەپ بىلىم ئەھلى قىلدى. ئەپسۇسكى، ھەزرىتى لوقمان ھەكىمنىڭ يولى ماڭىمۇ نېسىپ بولمىدى. نېمىشقا دېسە، ئىنسان قانچىلىك تىرىشسىمۇ، ئاللا بىلىشكە نېسىپ قىلغاندىن باشقىنى بىلىشكە قادىر بولالمايدىكەن. ئاللا نېسىپ قىلمىغان ئىشقا قەدەم بېسىش بىھۇدە ئاۋارىچىلىك ئىكەن. مەن ئوقۇغان مەدرىسەلەردە گەرچە لوقمان ياراتقان ئىلىملەر دەرسلىك قىلىنغان بولسىمۇ، خۇددى «ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك» ماڭا ھېچقانداق تەسىر قىلمىدى. يەنى، باشقا ئىلىملەرنى ئاللا نېسىپ قىلغان دەرىجىدە ئۆگىنەلىدىم — يۇ، ھەزرىتى لوقمان ھەكىمنىڭ يولىغا دائىر ئىلىملەرنى ئۆگىنىش نېسىپ بولمىدى. سەن كۆرگەن چۈشنىڭ تەبىرىگە قارىغاندا، لوقمان ھەكىمنىڭ ئۇدۇمى ئاللانىڭ ھىممىتى بىلەن ساڭا نېسىپ بوپتۇ. سەن يېگەن ھېلىقى مېۋىلەر ئەسلىدە لوقمان ھەكىم بەرپا قىلغان ئىلىملەرنىڭ نەق ئۆزىدۇر. شۇڭا، بۇ قەدىمىي كىتابنى ساڭا تاپشۇراي، بېرىلىپ ئۆگەنگىن. بىزنىڭ چۈشىمىز پاتمىغان بۇ كىتابقا سېنىڭ چۈشىڭ پېتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس... — دەپتۇ ھەم ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى تىلەپ دۇئا قىپتۇ.

قۇتلۇق لوقماننىڭ ئۇشبۇ كىتابىنى ساقلاپ ئۆزىگىچە يەتكۈزگەن يەتتە ئەجدادىغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ نامىنى بىرمۇبىر زىكرى قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىك سائادىتىنى تىلەپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن ھېلىقى كىتابنى ئوقۇشقا باشلاپتۇ. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭدىكى ھەر بىر خەت، ھەر بىر جۈملە سۆزمۇ خۇددى ئۇنىڭغا ئەزەلدىن تونۇشتەك بىلىنىپتۇ. ئۇ ئوقۇغانسېرى كۆڭلى يورۇپ ئىنسان ھاياتىغا دائىر كۆپلىگەن مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىپتۇ. جۈملىدىن قېرىنداشلىرىغا تەھدىت سېلىۋاتقان ھېلىقى نىجىس كېسەلنىڭ قوشلارنىڭ قېنى، زىغىر ۋە قىچا يېغى بىلەن ئۆرۈك، شاپ-

تۇل، بادام مېغىزلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان مەلھەمنى چاپسا ساقىيىدىغانلىقىنى بىلىۋاپتۇ-دە، خانلىق باغقا يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ دەرھال باشقا باغۋەنلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ مېغىز راسلاپتۇ. ئاندىن ئوردا ئاشخانىسىدىن زىغىر، قىچا يېغى ئەكەلدۈرۈپتۇ. چارباغدىكى قۇش بېگىگە ئەھۋال ئېيتىپ، بىر بۆلەك قۇشلارنى ئەكەلدۈرۈپ قېنىنى ئاپتۇ-دە، لوقمان ھەكىم كىتابىدا كۆرسەتكەن ئۇسۇل بويىچە مەلھەم تەييارلاپ قېرىنداشلىرىنىڭ بەدىنىگە چېپىپتۇ. دورا چېپىلغان بىمارلار بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ساقىيىشقا باشلاپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بۇغراخان يەلكىسىدىكى تاغ ئاغدۇرۇلغاندەك خۇشال بولۇپ ئۇنى تارتۇقلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ياسىغان مەلھەملىرىنى خانلىق دائىرىسىگە كېڭەيتىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كېسەللىكنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىپ تاشلاپتۇ. كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلغان ئاۋام - خەلق تەنتەنە قىپتۇ. ئوردا ئەھلى قۇتلۇق باشچىلىقىدا خانلىق شىپاخانا تەسىس قىپتۇ. قۇتلۇق بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن كېسەل داۋالاپ، يەنە بىر تەرەپتىن شاگىرت تەربىيەلەپتۇ. ئۇنىڭ «قۇتلۇق ھەكىم» دېگەن نامى يىراق - يېقىنغا تارىلىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىران، ئىراق، ھىندىستان، جۇڭگو قاتارلىق ئەللەردىن كەلگەن ئىلىم مۇخلىسلىرى قۇتلۇق ھەكىم باشچىلىقىدىكى خانلىق شىپاخانىدا تەربىيەلىنىپ چىقىپ جاھانغا ئىلىم تارقاتقانىكەن.

**(2)**

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە قۇتلۇق جامائەتلەر بىلەن قوشنا مەھەللىدىكى بىر كىشىنىڭ ئۆلۈمىگە بېرىپتۇ. ئۇ بىر مەھەللىدە كېتىۋاتقاندا بىر ئۆيدىن بىر ئايال كىشىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپتۇ-دە، يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا «ھازىر مۇشۇ ئۆيدە بىر ئاجىزە يەڭگۈشتىپتۇ. ئۇ ئىككى ئوغۇل، بىر قىز تۇغىدۇ. قىز ئۆلۈك تۇغۇلىدۇ. ئوغۇللار ساق تۇغۇلۇپ بىرسى ئۆلۈپ كېتىپ، بىرسى ھايات قالىدۇ» دەپتۇ. جامائەت بۇنى ئاڭلاپ ھېچ ئىشەنمەپتۇ. ئەمما، ھېچ كىشى چىش يېرىپ بىر نېمە دېمەپتۇ. ئۇلار ھېلىقى ئۆلۈم نامىزىنى تۈگىتىپ قايتقاندا دەل ھېلىقى ئۆيدە ھازا ئېچىلىۋاتقان، قولۇم - قوشنىلار ئىككى نارەسىدىنىڭ مېيىتىنى زەمبىلگە سېلىپ دەرۋازىدىن چىقىۋاتقانىكەن. جامائەت ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسە دەل قۇتلۇق ئېيتقاندەك ئەھۋال يۈز بەرگەنىكەن. بۇنى ئاڭلىغان جامائەت «تۇۋا» دېيىشىپ ياقىسىنى چىشلەپتۇ. قۇتلۇق شۇندىن كېيىن ئەل ئىچىدە «ھۆكۈما» لىقتا شۆھرەت قازانغانىكەن.

**(3)**

قۇتلۇق ھەكىمنىڭ «ھۆكۈما»لىقىدىن گۇمانلانغان قوشنا شەھەردىكى بىر كىشى ئۇنى سىناپ بېقىش مەقسىتىدە ئۆيىگە ئىزدەپ كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا: «ئايالىم بىتاپ بولۇپ قالغانىدى، تومۇرىنى تۇتۇپ قويسىلا بوپتىكەن!» دەپتۇ. قۇتلۇق ھەكىم: «بولىدۇ، قېنى چاقىرسىلا!» دېگەندە، ھېلىقى كىشى: «ئايالىمنىڭ تومۇرىنى بىۋاستە تۇتسىلا نامەھرەم بولىدۇ. شۇڭا، ئايالىم قوشنىلىرىنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇرسا، پېقىر بىر تال يىپ بىلەن ئۇنىڭ بىلىكىنى چىگىپ، تامنى تېشىپ ئۆتكۈزۈپ ئۆزلىرىگە تۇتقۇزسام...» دەپتۇ. قۇتلۇق ھەكىم ماقۇل بوپتۇ. ھېلىقى كىشى قۇتلۇق ھەكىمنىڭ قوشنىسىنىڭ ئېغىلىدىكى موزايىنى ھويلىغا ئاچىقىپ، پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە باغلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پۇتىغا چىگىلگەن يىپنى تامنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ قۇتلۇق ھەكىمگە تۇتقۇزۇپتۇ. قۇتلۇق ھەكىم يىپنى تۇتۇپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، ھېلىقى كىشىگە: «تەخسىر، مەزلۇملىرىدا جىق كېسەل يوق ئىكەن. پەقەت كېپەكلىك قىلىپ ئوبدان بىر ئوقۇر ھەلەپ ئېتىپ بەرسىلە تېزلا ساقىيىپ كەتكۈدەك!» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ھېلىقى كىشى شۇنداق خىجالەت بوپتۇكى، «ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق» كەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەھلى - يۇرت قۇتلۇق ھەكىمنىڭ تومۇر تۇتۇشتىكى ماھارىتىگە يەنە بىر قېتىم بارىكاللا ئېيتىپتۇ. يۇرتىمىزدىكى

بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ چوڭلارنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ ئىش تۇتىدىغان بىر قىسىم «زېرەك» بالىلارنى «ئەجەب تومۇرچى ئىكەنسەن» دېيىشى دەل قۇتلۇق ھەكىمگە ئىشارە ئىكەن.

(4)

قۇتلۇق ھەكىم ھەزرىتى لوقمان ھەكىم يولىغا كىرگەندىن كېيىن بېرىلىپ ئۆگىنىپ، ئىلىم - مەرىپەتكە ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئەلنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ، داۋالاش جەريانىدا ئۆزىنى ئۇنتۇپ، جان پىدالىق بىلەن ئىشلىگەچكە ئۆيلۈك - ئوچاقلىقمۇ بولمىغانىكەن. بالىچاقىلىرى بولمىغاچقا، ئەھلى - يۇرت ئۇنىڭ ئاغرىپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيدىكەن. ئەكسىچە، ئۇ شۇنچە خاتىرجەم ھالدا كېسەل كۆرۈش، داۋالاش بىلەن مەشغۇل بولىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ پېشىن نامىزىدىن يانغان جامائەتنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، بىساتىدىكى بارى - يوق ھەممىنى قويۇپ مېھمان قىلغاندىن كېيىن، خاتىرجەم ھالدا: «جامائەت، جان تەندە ئامانەتتۇر، ئامانەتنى بېرىدىغان ۋاقتىم يېقىنلاپ قالدى. ئىنشائاللا، ئەتە تاڭ نامىزىدىن كېيىن ھەرقايسىلىرى بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىمەن. شۇڭا، مالال كەلمىسە ئاخىرەتلىكلىرىمنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن يۇرت ئەھلىگە خەۋەر قىلىشقايلا، مەندىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى بولۇشقايلا» دەپتۇ. جامائەت تەشۋىش ئىچىدە ئۇ ئۆزىگە تەييارلىغان ئاخىرەتلىكلەرنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا «ماقۇل، يۇرت ئەھلىگە خەۋەر قىلايلى!» دېيىشىمۇ، «خۇدا بۇيرۇسا، ئۆز ۋاقتىدا بىر گەپ بولار» دېيىشىپتۇ ھەم تەڭتۇشلىرىدىن بىرنەچچەيلەن ئۇنى ساقلاپ يېتىپتۇ. كىم بىلسۇن، قۇتلۇق ھەكىم ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن سەھەرگە يېقىن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ. قولۇم - قوشنا، جامائەت ئەھلى يۇرتقا كېچىچە خەۋەر قىلىپ، يۇيۇپ - تاراپ، ئۇ ئۆزى ئېيتقاندەك تاڭ نامىزىدىن كېيىن يەرلىكىدە قويۇپتۇ. كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتنى ياد ئەتكەن چاغلىرىدا: «ماڭىمۇ ئاسان ئاغرىق، ئاسان ئۆلۈم بەرگەيسەن!» دەپ تىلىشى شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: بەشكېرىم يېزا يېڭىئاۋات كەنت جامەسىنىڭ خاتىپى ياقۇپ داموللاھاجىم، سىدىر كەنت جامەسىنىڭ خاتىپى ئابدۇلھەق مەخسۇمھاجى، قۇمباغ كەنت جامەسىنىڭ خاتىپى ئابدۇجېلىل قارىيھاجىم.

## ئالپاغۇت

ئاپراسىياپ خانئۆينى بىنا قىلغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ تەڭرى ئۇنىڭ ئەجرىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ، قۇتلۇق تىلەكلىرىگە يەتكۈزۈپ، تۇران مەلىكىسى ئاي خاتۇندىن توققۇز ئوغۇل ۋە توققۇز قىز ئاتا قىپتۇ. ئاپراسىياپنىڭ يەنە بىر ئىسمى ئالىپ ئەرتۇڭا ئىكەن. شۇڭا، ئۇ ئوغۇللىرىغا ئۆزىنىڭ ئېتىغا ماس كېلىدىغان، ئالىپ ئارسلان، ئالىپ بۇغرا، ئالىپ بەگ، ئالىپ ئەر، ئالىپ تېگىن، ئالىپ قۇتلۇق... دېگەندەك ئاتلارنى؛ قىزلىرىغا ئانىسى ئاي خاتۇننىڭ ئىسمىغا خوپ كېلىدىغان ئايبېكەم، ئايچېچەك، ئايسىلىڭ، ئايقۇت... دېگەندەك گۈزەل ھەم مەنىلىك ئاتلارنى قويۇپتۇ. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ھىممىتى بىلەن ئۇلارنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلەپ قاتارغا قوشۇپتۇ. توققۇز ئوغلى ئۈچۈن بىردىن توققۇز شەھەر بىنا قىلىپ، ئۇلارنى ئايرىم ئايرىم خان قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ. شۇ قاتاردا ئالىپ ئارسلان قۇمالتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى بەشكېرەمگە، ئالىپ بۇغرا قۇمالتاغنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى ئاتۇشقا خان بوپتۇ. بۇ دەۋردە ئۇلارنىڭ خانلىقى ئاجايىپ گۈللەپ ياشنىغان بولسىمۇ، ئاپراسىياپ ئۆلگەندىن كېيىن، بۇ توققۇز ئوغۇل خانئۆيدىكى خان تەختىنى تالىشىپ نىزالىشىپ، پۇتۇشەلمەي ئۆز خانلىقىغا قايتىپتۇ.

بەشكېرەم خانى ئالىپ ئارسلاننىڭ ئايتېگىن ئاتلىق بىردىنبىر يالغۇز قىزى بولۇپ، تولىمۇ سۇمباتلىق، چېچەن ھەم ئەقىللىك ئىكەن. شۇڭا، ئالىپ ئارسلان ئۇنىڭغا تولىمۇ ئامراق ئىكەن. ئايتېگىن بىر تەرەپتىن، ئوردا ئوقۇلىنىڭ باش بىلگىسى ھەم ئوردا ئۇستازى كۆكتۈركتىن زامانى-

سىدىكى مەۋجۇت ئىللەتلەرنى ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، دادىسىدىن ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق قاتارلىق جەڭ ماھارەتلىرىنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ، ئەلەم ھەم قەلەمدە تەڭ يېتىلىپتۇ. شۇڭا، ئۇ دادىسىنىڭ ئوغلى يوقلۇقىنى بىلىندۇرمەي، قىزلارغا خاس نازۇك تەبىئەتلىك، ئەمما خۇددى ئوغۇللارغا خاس چەبدەس ۋە جۈرئەتلىك چوڭ بوپتۇ. ئايتېگىن گاھىدا پەرىشتىدەك تارىنىپ، قىرىق كېنىزىكى بىلەن بەشكېرەم باغلىرىدا ئويناپ ـ كۈلۈپ، خۇشال ـ خۇرام ناخشا تۇۋلايدىكەن، گاھىدا قۇمالتاغدا ئوغۇل بالىدەك ئوقيا ئېتىپ، قىلىچۋازلىق قىلىپ، ئوۋ ئوۋلايدىكەن. دادىسى ئالىپ ئارسلان ئايتېگىندىن قاتتىق پەخىرلىنىپ، ئۇنىڭغا تولىمۇ كۆيۈنىدىكەن، ئۆزىنىڭ بۇ تەخت ۋارىسىنىڭ كەلگۈسىگە ئىشىنىپ، چىن كۆڭلىدىن سۆيۈنىدىكەن. ئەمما، ئۇنىڭ قۇمالتاغنىڭ تەسكەي تەرىپىگە ئۆتمەسلىكىنى پات ـ پات ئەسكەرتىپ قويىدىكەن.

ئايتېگىن ئون ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى بىر كۈنى سەھەردە ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئۇ چاقماق دەريا بويىدىكى بىر ئەنجۈرلۈك باغدا ياتقۇدەكمىش، تۇيۇقسىز شامال چىقىپ، قارا بۇلۇتلار ھەممە يەرنى قاپلاپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغۇدەكمىش، ئارقىدىنلا جاھان يورۇپ، قۇمالتاغنىڭ تەسكەي تەرىپىدە ئاجايىپ نۇرلۇق بىر قۇياش پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغۇدەكمىش، ئۇ كۆزىنى ئاچالماي، قوللىرى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالغۇدەكمىش، قۇياش بىردىنلا ئالدىغا چۈشۈپ، قۇچىقىغا سىڭىپ كەتكۇدەكمىش! ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاجايىپ بىر ئىللىق سېزىم تاراپ، ئۆتتەك يېنىۋاتقۇدەكمىش! بۇ كارامەتتىن ھەيرانلىق ئىچىدە ئويغانغان ئايتېگىن نېمىدۇر بىر نەرسىگە تەلپۈنۈش ئىچىدە ئويغىنىپ كېتىپتۇ. شۇندىن بېرى قۇمالتاغدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي باشقىچە ئىشتىياق بىلەن قاراپ، چۈشىدە كۆرگەن ھېلىقى قۇياشنى ئويلايدىغان، كېنىزەكلىرىنى بەشكېرەم باغلىرىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى يالغۇز قۇمالتاغ ئاردىسىدا ئايلىنىپ ئوۋ ئوۋلايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئاتۇش خانى ئالىپ بۇغرانىڭمۇ ئالپاغۇت ئىسىملىك يالغۇز بىر ئوغلى بولۇپ، تۇغۇلۇشىدىن تولىمۇ زېرەك ۋە ئەقىللىق ئىكەن. ئۇ ئايىغى چىققاندىن باشلاپ، بىر تەرەپتىن، ئەجداد ئەنئەنىسى بويىچە ئوردا چەۋەندازىدىن ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، قىلىچۋازلىق، گۈرزىۋازلىق قاتارلىق جەڭ ماھارەتلىرىنى ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوردا ئۇستازى بەگتۇركتىن تۈرلۈك ئىلىملەرنى ئۆگىنىپتۇ. ئالپاغۇت ناھايىتى ئىرادىلىك ۋە چىدامىلىق بولغاچقا، ھەرقانداق ئىشقا ئاجايىپ ئىشتىياق بىلەن كىرىشىدىكەنكى، مەيلى ئەلەم ياكى قەلەمدە بولسۇن، ئۆگەنمەكچى بولغان نەرسىنى ئۆز دەستىگە ئالمىغۇچە پەقەت كۆڭلى ئۇنىمايدىكەن. مەشىق ۋە ئۆگىنىش جەريانىدا غەلىتە سوئاللارنى سوراپ، كۆڭۈلدىكىدەك جاۋاب ئالمىغۇچە بولدى قىلمايدىكەن. ئۇنىڭ بۇ خىل ئۆزگىچە خاراكتېرى ئوردا چەۋەندازى بىلەن ئوردا ئۇستازىنى ھەيران قالدۇرىدىكەن. دېمەك، ئۇ مەرىپەت سۆيىنى قانچە ئىچسىمۇ باغرى قانمايدىكەن، چەۋەندازلىق قىلسا كۆڭلى يايرايدىكەن. چېپىۋاتقان ئات ئۈستىدە ئالدىغا ئوقنى قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەنكى، قولىدىن ھېچقانداق ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن. شۇڭا، ئۇ قىرىق يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ، ئارتۇچ دەرىخى بىلەن قاپلانغان تاغلاردا شىر، يولۋاسلارنى تىرىك تۇتۇش ئۈچۈن قوغلايدىكەن، تاسادىپىي يېتەلمەي قالغاندىلا، ئاندىن ئوق ئۈزۈپ ئوۋلايدىكەن. ئالپاغۇت ئالىپ بۇغرانىڭ كۆزىگە گويا ئاتىسى ئاپراسىياپتەك جەسۇر كۆرۈنىدىكەن، شۇڭا ئۇ ئالپاغۇتنىڭ جەڭگىۋار ھالىتىدىن تولىمۇ سۆيۈنىدىكەن. ئۇ ھەر قېتىم ئوۋغا ماڭغاندا ئۇتۇق تىلەپ ئۆزى ئۇزىتىپ قويىدىكەن، ئەمما قۇمالتاغنىڭ جەنۇبىغا ئۆتمەسلىك ھەققىدە قايتا ـ قايتا جېكىلەيدىكەن.

ئالپاغۇت ئون سەككىز ياشقا كىرگەن يىلى بىر كۈنى سەھەردە ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. ئۇ ئارتۇچزاردا يالغۇز ئىستىقامەت قىلىۋاتسا، قۇ-

مالتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىن بىر ئاي كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، ئۇنىڭغا جىلمىيىپ قاراپ تۇرغۇدەكمىش، ئۇ زوقلىنىپ قارىغانسېرى بىر ئوت ئىچىگە كىرىپ كەتكەندەك بولۇپ بىھوش ھالدا ئاھ ئۇرغۇدەكمىش، شۇ ئان ھېلىقى ئاي ئېقىپ چۈشۈپ ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈۋاتقۇدەكمىش، ئالپاغۇت ئۇنى قۇچاقلىسا، پۈتۈن ۋۇجۇدى ياغدەك ئېرىپ كۆيۈۋاتقۇدەكمىش! شۇ ئەسنادا ئۇ خانىۋۈي تەرەپتىكى بىر خورازنىڭ چىللىشى بىلەن ئويغىنىپتۇ، بايىقى شېرىن چۈش كەيپىدە يىلاندەك تولغىنىپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇمۇ قۇمالتاغدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي باشقىچە ئىشتىياق بىلەن قارايدىغان، قۇمالتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاينى كۆپرەك ئويلايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئەمما، ئۇ دادىسى ئالىپ بۇغرانىڭ قۇمالتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە ئۆتمەسلىكنى جېكىلىگەنلىكىنىڭ تېگىگە ھېچ يېتەلمەپتۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك قىرىق يىگىتنى ئارتۇچ دەرەخلىرى ئارىسىدا باشقا ئىشلارغا بەنت قىلىپ قويۇپ، ئۆزى يالغۇز ئېتىنى مىنىپ، ئوقياسىنى ئېلىپ، قىلىچىنى ئېسىپ، قۇمالتاغ ئارىسىدا پىيادە ئايلىنىپ يۈرىدىغان، پەقەت شۇنداق قىلسىلا كۆڭلى بىرئاز ئارام تاپقاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى ئالپاغۇت ئادىتى بويىچە قۇمالتاغ ئارىسىغا كىرىپ ئايلىنىپ يۈرسە ئالدىغا بىر ئىپار كېيىك ئۇچراپتۇ. ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان ئالتۇن قوڭغۇراق ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى چۈشىدە كۆرگەن ھېلىقى نۇرلۇق ئايدەك كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ. شۇڭا، ئۇ كېيىكنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈش ئىستىكىدە قوغلاشقا باشلاپتۇ. كېيىك ئۇنىڭ ئالدىدىن تاقلاپ ئۆتكىنىچە قۇمالتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە قاراپ قېچىپتۇ. ئالپاغۇت ئىز بېسىپ قوغلاپ مېڭىپتۇ. ئۇ ھېرىپ توختىسا، كېيىكمۇ توختايدىكەن، قوغلىسا، قاچىدىكەن. ئالپاغۇت بۇ ئىپار كېيىكنىڭ ئۆزىنى مەسخىرە قىلغاندەك قىلىقلىرىدىن بەكمۇ تېرىككەن ھەم كېيىكنىڭ چىرايلىقلىقىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن ھالدا ئۇنىڭغا ئەگىشىپتۇ. ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشنى ئۆزىگە نومۇس بىلگەن ئالپاغۇت كېيىكنى تىرىك تۇتمىغۇچە ئۆيگە قايتمايمەن دەپ قەسەم ئىچىپتۇ. كېيىكنى قوغلاپ تاغ ئارىسىدا يۈرۈپ كەچ بولۇپ كېتىپ، كېيىك كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئالپاغۇت كېچىچە كېيىكنى ئىزدەپ تاپالماي ئاۋارە بولۇپ يۈرگەچكە، كۆزىگە ئۇيقۇمۇ ئىلىنماپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەتىسى كۈن قىيام بولغاندا ئالپاغۇت قۇمالتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە ئۆتۈپ قاپتۇ. ئېگىز بىر ئېدىرلىققا كەلگەندە ئىپار كېيىك كۆزدىن غايىب بولۇپ، ئالپاغۇتنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىپتۇ. شۇڭا، ئۇ بىرئاز ئارام ئېلىپ، كېيىك ئىزىنى ئىزلاش ئويى بىلەن ئولتۇرسا، كۆكتە بىر ياۋا غاز پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئوۋ ھەۋىسى ئويغىنىپتۇ. ئۇ دەرھال ئوقياسىنى ئېلىپ غازغا قارىتىپ ئاتقانىكەن، غاز ئېدىرلىقنىڭ كەينىگە موللاق ئېتىپ چۈشۈپتۇ. ئۇ ھارغانلىقىنى ئۇنتۇپ، ئېدىرلىقتىن ئۆتۈپ، ئۆلگەن غازنى قولىغا ئېلىپ قارىسا، ئۆزى ئاتقان ئوق غازنىڭ ئوڭ كۆزىگە، باشقا بىر كىشىنىڭ ئاتقان ئوقى سول كۆزىگە تەگكەنىكەن. ئالپاغۇت كۆڭلىدە يەنە بىر ئوقنى ئاتقان كىشىنىڭ مەرگەنلىكىگە قايىل بولۇپ، ئۇ ئوققا قارىسا، «ئايتېگىن» دېگەن ئالتۇن خەت ئويۇلغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتراپقا نەزەر تاشلىغانىكەن، ئون قەدەم نېرىسىدىكى چىلان دەرىخىنىڭ يېنىدا پەرىشتىدەك بىر قىز قولىدا يا تۇتقان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغۇدەك، ھېلىقى ئىپار كېيىك بولسا ئۇنىڭ يېنىدا ئوتلاپ يۈرگۈدەك. قىز ئالپاغۇتقا خۇددى چۈشىدە كۆرگەن ھېلىقى ئايدەك كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ. دەرۋەقە، ئۇ قىز شۇنداق گۈزەل ئىكەنكى، چېچى دەريادەك، كۆزلىرى بۇلاقتەك، كىرپىكلىرى قىياقتەك، بۇرنى ئىلىپتەك، ئاغزى ئويماقتەك، لەۋلىرى غۇنچىدەك، چىشلىرى ئۈنچىدەك، «ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار» تەڭداشسىز چىرايلىق قىز ئىكەن. قولىدىكى ئوقيا ئۇنىڭغا تولىمۇ ياراشقان بولۇپ، ئۇنىڭ يېگانە جاسارىتىدىن بېشارەت بېرىدىكەن. بۇنى كۆرگەن

www.nurkitap.com

يىگىت ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس - تاس قاپتۇ ۋە «بۇ قىزنىڭ ئىسمى ‹ئايتېگىن›، ئىكەن - دە، نېمە دېگەن چىرايلىق ھەم مەرگەن قىز بۇ، ئۇ كىمنىڭ قىزىدۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئەسلىدە ئايتېگىن بۈگۈن ئادىتى بويىچە قومالتاغقا ئۆزى يالغۇز ئوۋغا چىقىپ، ھېچقانداق ئوۋ ئۇچرىتالماي ياكى قۇرۇق قول قايتىشقا رايى بارماي، چىلان تۈۋىدە ئارام ئېلىپ تۇرغاندا ئېدىر ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن ياۋا غازغا كۆزى چۈشۈپ، مۇنداقلا ئوق ئېتىپ قويغان، بىر يىگىتنىڭ ئېدىردىن چۈشۈپ، ئۆلگەن غازغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز يۈرىكى ئېغىپ، تەئەججۈپ ئىچىدە چىلان دەرىخىنىڭ يېنىدا قاراپ تۇرغانىكەن. قولىغا غازنى ئېلىپ ئەتراپقا قارىغان يىگىت ئۇنىڭغا خۇددى چۈشىدە كۆرگەن قوياشتەك كۆرۈنۈپ، ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ يېنىپتۇ. شۇڭا، ئۇ ھودۇقۇش ئىچىدە يىگىتنىڭ قولىدىكى غازغا قاراپ ھەيران بولۇپ قاپتۇ. چۈنكى، غازنىڭ ئىككى كۆزىگە ئىككى ئوق سانجىلغانىكەن.

ئالپاغۇت قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بېرىپ، ئۆلۈك غازنى قىزغا تەڭلەپتۇ. قىز ئالپاغۇتنىڭ سالىمىغا ئوتلۇق تەبەسسۇم بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، غازنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ، ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىگە سانجىلغان ئوقنىڭ دەستىسىگە «ئالپاغۇت» دېگەن ئالتۇن خەت ئويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ يىگىتنىڭ ئېتىنىڭ ئالپاغۇت ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىپتۇ. شۇنىڭدەك ئۆزىگە ئوخشاش مەرگەنلىكىگە چىن دىلىدىن قايىل بولۇپ، ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپتۇ. ئالپاغۇت ئارىدىكى سۈكۈتنى بۇزۇپ، ئۇنىڭدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن سوراپتۇ:

— ئايتېگىنمۇ سىز؟

— ئالپاغۇتمۇ سىز؟ — سوئال بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ ئايتېگىن.

سۆھبەت داۋامىدا ئۇلار تونۇشۇپ سىردىشىپتۇ. ئالپاغۇت ئۆزىنىڭ يېقىندا كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ كېلىپ: «مەن چۈشۈمدە كۆرگەن ھېلىقى ئاي دەل سىز ئىكەنسىز - دە؟» دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ. ئايتېگىنمۇ چەكسىز ھەيرانلىق ئىچىدە ئۆزىنىڭمۇ يېقىندا شۇنداق بىر چۈش كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن: «مەن چۈشۈمدە كۆرگەن ھېلىقى ‹قوياش›مۇ دەل سىز ئىكەنسىز» دەپتۇ. ئالپاغۇت تەڭرىنىڭ بۇ قىسمىتىدىن تولىمۇ ھەيران قاپتۇ. ئايتېگىن بىلەن ئالپاغۇت بۈگۈنكى ئۇچرىشىشنى «چۈش»لەرنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى دەپ قاراپ، مەڭگۈ بىللە ئۆتۈشكە قەسەم قىلىشىپ، ئۆز ئارا ئوق ئالماشتۇرۇشۇپتۇ. ئاندىن ئايتېگىن بىلەن ئالپاغۇت سىرداشقاچ قومالتاغ باغرىدىكى ئۆرۈكلۈك باغدا چېچەك سەيلىسى قىپتۇ. سەيلە جەريانىدا ئايتېگىن ئالپاغۇتقا بىر جۈپ ئۆرۈك چېچىكى تەڭلەپ تۇرۇپ: «بۇ ئۆرۈك چېچىكىنى پاك قەلبىمنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە سىزگە تۇتاي، ئەقىدە - ئىخلاسىڭىز بىلەن پەرۋىش قىلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن» دەپ تەقدىم قىپتۇ. ئالپاغۇت چېچەكنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ پۇرىغانىكەن، شۇ ھامان ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇ ھوشىغا كېلىپ قارىسا، ئايتېگىن ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك ۋە ئەتراپنى نۇرغۇن لەشكەرلەر قورشاپ تۇرغۇدەك. ئالپاغۇت: «بۇ نېمە ئىش؟» دېگەندەك ئايتېگىنگە قاراپتۇ. ئايتېگىن: «ئۇلار مېنىڭ ئاتامنىڭ لەشكەرلىرى، مېنى ئىزدەپ چىقىپ تاغنى ئارىلاپ كېلىۋاتقانىكەن، بۇ يەردە بىزنى كۆرۈپ قالدى» دەپتۇ. يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلار بىلەن ئېلىشماقچى بولغانىكەن، قىز ئۇنىماي: «سەۋر قىلىڭ، بىز تەڭرىنىڭ ھىممىتى بىلەن مەقسىتىمىزگە يېتىمىز» دەپتۇ...

ئالپاغۇت ئوردىغا قايتمىغاچقا، ئۇنىڭ ھېلىقى قىرىق يىگىتى پۈتۈن ئارتۇچزارلىقنى ئىزدەپ تاپالماي، ئەھۋالنى ئالىپ بۇغراخانغا مەلۇم قىپتۇ. ئۇلار ئوردا كېڭەشى ئۆتكۈزۈپ باش قاتۇرۇپتۇ. ئوردا كېڭەشى بولۇۋاتقاندا، ئالپاغۇتنىڭ زەنجىرلەكلىك ئوۋ ئىتى قاۋاپ ئوردا ئەھلىنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ. شۇ چاغدا ئوردا ئۇستازى بەگتۇرك: «ئالپاغۇتنىڭ دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوۋ ئىتىنى بوشىتىپ، قويۇپ بېرەيلى، ئۇ يول باشلاپ

ماڭسا ئەجەب ئەمەس» دېگەن مەسلىھەتنى بېرىپتۇ. ئالىپ بۇغرانىڭ پەرمانى بىلەن ئالپاغۇتنىڭ ئوۋغا ئېلىپ چىقماي باغلاپ قويغان ئىتى قويۇپ بېرىلىپ، كەينىدىن ئاتلىق لەشكەرلەر يۈرۈپتۇ. ئىت ئالپاغۇتنىڭ ئىزىدىن يول باشلاپتۇ. لەشكەرلەر كېچىلەپ مېڭىپ، داۋانلاردىن ئېشىپ، قۇمالتاغدىن ھالقىپ، ئالپاغۇت بىلەن ئايتېگىننى بەشكېرەم لەشكەرلىرى قورشاپ تۇرغان ئۆرۈكلۈك باغقا كەپتۇ. ئەسلىدە بەشكېرەم لەشكەرلىرى بەشكېرەم خانى ئالىپ ئارسلاننىڭ «يىگىت بىلەن قىزنى ئەكېلىڭلار» دېگەن پەرمانى كەلگۈچە ئۇلارغا تەگمەي كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى جەڭ خەۋپىگە دۇچ كەلگەن جىددىي پەيتتە بەشكېرەم خانى ئالىپ ئارسلاندىن: «يىگىتنى تاشلاپ، قىزنى ئېلىپ كېلىڭلار» دېگەن پەرمان كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ، ئۆز تەۋەسىگە قايتىپتۇ. شاھزادە ئالپاغۇت قىزنىڭ دەردىدە كۆيۈپ پۇچىلىنىپ، بىر قانچە قېتىم ھېلىقى يەرگە بارسىمۇ قىزنى ئۇچرىتالماپتۇ. ئۇنىڭ چىرايى زەپىران بولۇپ ئۇھ تارتىپ يۈرۈپتۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇ قۇمالتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە پات - پات كېلىپ، ئايتېگىن بىلەن ئۇچراشقان جاينى كۆرۈپ كېتىدىكەن. ئالىپ بۇغرا ئۇنىڭغا باشقا ئەللەرنىڭ مەلىكىلىرىنى ئېلىپ بەرمەكچى بولغاندا، ئالپاغۇت ئاتىسىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ، ئايتېگىندىن بۆلەك ھېچقانداق قىز بىلەن توي قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاتۇش خانى ئالىپ بۇغرا ئىلگىرىكى ئاداۋەتلىرى تۈپەيلى ئاكىسى ئالىپ ئارسلاننىڭ ئالدىغا قىز سوراپ بېرىشقا ئۇنىماپتۇ. شۇڭا، ئالپاغۇتنىڭ قارغىشلىرىنى ئاڭلىماسقا ساپتۇ. قىرىق كۈن ئۆتكەندە ئالپاغۇت ئاتىسىنىڭ ئەمرى بويىچە ئۆزىگە نەسىھەت قىلغىلى كىرگەن ئوردا ئۇستازى بەگتۇركتىن بەشكېرەم خانى ئالىپ ئارسلان بىلەن دادىسى ئالىپ بۇغرانىڭ بىر ئاتىدىن بولغان بىر تۇغقان قېرىنداش ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەرزىمەس زىددىيەتلەرنى ئۇقۇپ، ئايتېگىن بىلەن قوشۇلۇشقا بولغان ئىرادىسى ھەسسىلەپ ئېشىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ كۆرگەن چۈشى بىلەن ئايتېگىننىڭ كۆرگەن چۈشىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئوردا ئۇستازى بەگتۇرك ئۇنىڭ چۈشىنى ئاڭلاپ بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن، بۇ چۈشكە: «ئاي بىلەن كۈننىڭ قوشۇلۇشى ئىككىڭلارنىڭ قوشۇلۇشىنىڭ ئالامىتى، بىراق، كۈن بىلەن ئاي قوشۇلۇشتىن ئاۋۋالقى قاراڭغۇلۇق بولسا، بۇ قۇتلۇق كۈن كېلىشتىن ئىلگىرىكى مۇشكۈلچىلىكنىڭ بېشارىتىدۇر» دەپ تەبىر بېرىپتۇ. ئالپاغۇت بۇ ئىشقا ئوردا ئۇستازى بەگتۇركنىڭ ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ، ئوردا ئۇستازى بەگتۇرك باش لىڭشىتىپتۇ. ئۇ ئالىپ بۇغرانىڭ ھوزۇرىغا كىرگەندىن كېيىن: «ئەي ئالىپ بۇغراخان، بەشكېرەم خانلىقى ۋە ئاتۇش خانلىقى قاتارلىق توققۇز خانلىقنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە بىر خانلىق، يەنى خانئۆيىدىكى خان تەختىدە ئولتۇرغان بوۋىمىز ئالىپ ئەرتوڭانىڭ تۇران زېمىنلىرىدىكى توققۇز ئوغلىنىڭ خانلىقى. توققۇز خانلىقنىڭ خانلىرى ئۆز ۋاقتىدا بىرئاز ئېزىقىپ، ئارازلىشىپ قالغان بولساڭلارمۇ، ئەمەلىيەتتە، بىر - بىرىڭلارغا چىدىمايسىلەر. يىگىرمە يىلدىن بېرى ئالاقە قىلىشمىغان بىلەن ئۆزئارا ھوجۇم قىلىشماي تىنچ ئۆتكىنىڭلارنىڭ ئۆزىلا بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەرسە كېرەك. شۇڭا، ئۇلۇغ خاقان بوۋىمىز ئالىپ ئەرتوڭانىڭ روھىنى شادلانسۇن دېسەك، دەرھال بەشكېرەمگە ئەلچى ئەۋەتەيلى، ئالپاغۇت بىلەن ئايتېگىننىڭ بېشىنى قوشۇپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، قان قېرىنداش تۇران خانلىرىنى تويغا چىللاپ، ئارىدىكى ئاداۋەتنى تۈگىتەيلى!» دەپ كەسكىن خىتاب قىپتۇ. ئالىپ بۇغراخان ئوردا ئۇستازى بەگتۇركنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە قايىل بولغان بولسىمۇ، يەنىلا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ.

بەشكېرەم لەشكەرلىرى ئايتېگىننى ئوردىغا ئېلىپ بارغان چېغىدا ئالىپ بۇغرا ئۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىن قىزنى ئوردىدىن سىرتقا چىقارماسلىق توغرىسىدا پەرمان چۈشۈ-

رۈپ، ئۇردا ئەھلىدىن ئۇنىڭغا كۆز - قۇلاق قويۇپ-
تۇ. ئۇ نەگە بارسا كېنىزەكلەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە
چىقىدىكەن، ئۇخلىسا بېشىدا قاراپ تۇرىدىكەن،
يېنىدىن پەقەت ئايرىلمايدىكەن. شۇڭا، قىز ھېچ
ئىش قىلالماي، ئىشق - پىراق ئوتىدا ئۆرتىنىپ
ئايدەك چىرايى كۈندىن - كۈنگە سارغىيىپتۇ. مە-
لىكىنىڭ ئەھۋالى شاھنى ئويغا سېلىپ قويۇپتۇ.
تەگرىنىڭ ئەمدىلىكتە ئۆزىنىڭ بىر قورساق قې-
رىندىشى بولغانلىقىغا قارىماي، ئاتىسى ئاپراسىياپ
ئۆلگەندىن كېيىنكى تەخت ماجىراسى سەۋەبىدىن
تاكى ھازىرغىچە بىر - بىرىگە قاپاق تۈرۈپ كې-
لىۋاتقان ئاتۇش خانى ئالىپ بۇغرانىڭ ئوغلى بىلەن
ئۆزىنىڭ يالغۇز قىزى ئايتېگىننى بىر يىپقا باغلاپ
قويغانلىقىدىن ئەجەبلىنىپتۇ.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ بىرسىدە
كېنىزەكلەر ھېرىپ كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەن چاغدا،
پىراق ئوتىدا پۇچىلانغان ئايتېگىن سىرتقا چى-
قىپ، تولپارىنى مىنىپ، قۇمالتاغ باغرىغا، يەنى
ئالپاغۇت بىلەن كۆرۈشكەن يەرگە كەپتۇ. بۇ كۈنى
ساماندەك سارغايغان ئالپاغۇتمۇ ئايتېگىننى سېغى-
نىپ ئۇ يەرگە كەلگەنىكەن. ئۇلار قۇچاقلىشىپ
كۆرۈشۈپ، ئۇزاق سىردىشىپتۇ. بىر - بىرىنىڭ
ھالىغا ئېچىنىپ يىغلىشىپتۇ. ئايتېگىن: «بىز
چوقۇم مۇراد - مەقسىتىمىزگە يېتىمىز، بولمىسا
بىللە ئۆلىمىز» دەپتۇ. ئالپاغۇت: «قوشۇلسىڭىز،
ئىككىلەن خان ئاتىلىرىمىزنىڭ قېرىنداشلىرى-
نىڭ خانلىقلىرىدىن بىرسىگە پاناھ تىلەپ كەتسەك
مۇراد - مەقسىتىمىز ھاسىل بولاتتى» دەپتۇ. ئاي-
تېگىن: «مېنىڭ سىزدىن پەقەت ئايرىلغۇم يوق،
لېكىن ئۇنداق قىلساق، خان ئاتىلىرىمىز بىر-
بىرىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، بىھۇدە قان تۆكۈلى-
دۇ. نۇرغۇن ئادەم جېنىدىن ئايرىلىپ، خانۇ ۋەيران
بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە بىر مەزگىل تاقەت قىلاي-
لى، ‹سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن› دېگەن ھېكمەتنى
ئۇنتۇمايلى» دەپ، خوشلىشىپتۇ.

ئايتېگىن كەتكەندە ئالپاغۇت يەنە پەرياد چې-
كىپ قاپتۇ. ئاتۇش خانى ئالىپ بۇغرا ئوغلىنىڭ
بۇ كۈنكى ھالىنى كۆرۈپ تاقەت قىلالماپتۇ. ۋەزىر -
ۋۇزرالىرىنى يىغىپ، ئوردا كېڭىشى ئۆتكۈزۈپتۇ.
كېڭەشتە ئوردا ئۇستازى بەگتۇرك يەنە ئۇلۇغ
ئەجدادلار تارىخىنى ۋە ئىككى خانلىقنىڭ قان قې-
رىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى پۈتۈن ئوردا ئەھلىگە
شەرھلەپ كەلتۈرۈپ مېغىزلىق چۈشەندۈرگەندىن كې-
يىن، خانغا يۈزلىنىپ: «ئەي قۇدرەتلىك ئالىپ
بۇغراخان، شاھزادىنى ھايات قالسۇن دېسەك، ئۇنىڭ
رايىغا بېقىپ، بەشكېرەم مەلىكىسىگە ئەلچى قوي-
غىنىمىز تۈزۈك» دەپتۇ. ئالىپ بۇغراخان ئوردا
ئۇستازى بەگتۇركنىڭ بىر - بىرىدىن ئورۇنلۇق
سۆزلىرىنى ۋە تەخت ۋارىسى ئالپاغۇتنىڭ ئەھۋا-
لىنى ئويلاپ، قوشۇلۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئوردا كې-
ڭىشى ئوردا ئۇستازىنىڭ بەشكېرەم خانلىقىغا ئەل-
چى بولۇپ بېرىشىنى قارار قىپتۇ، ئوردىدا بەشكې-
رەمگە يولغا چىقىش ئۈچۈن يول تەييارلىقى باشلى-
نىپ، كاتتا سوۋغا - سالاملار تەييارلىنىپتۇ.

بەشكېرەم خان ئوردىسىدىكى كېنىزەكلەر ئاي-
تېگىننىڭ غايىب بولغانلىقىنى ئالىپ ئارسلانخانغا
خەۋەر قىپتۇ. ئالىپ ئارسلانخان نېمە قىلارىنى
بىلمەي، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ تۇر-
غاندا، ئايتېگىننىڭ ئوردىدا پەيدا بولغانلىق خەۋىرى
يېتىپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى ئىزىغا
چۈشۈپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشىراق كۆز - قۇلاق
بولۇشنى ئۇقتۇرۇپتۇ. ئارىدىن توققۇز كۈن ئۆت-
كەندە ئاتۇش خانلىقىنىڭ ئوردا ئۇستازى بىرنەچچە
بەگنىڭ ھەمراھلىقىدا سوۋغا - سالاملىرىنى ئې-
لىپ ئەلچىلىككە كەپتۇ. ئالىپ ئارسلانخان بەش-
كېرەم خانلىقىنىڭ ئوردا ئۇستازى كۆكتۈرك باش-
چىلىقىدىكى بىر بۆلەك ئوردا ئەھلىنى ئەلچىلەرنى
قىزغىن قارشى ئېلىپ، بەشكېرەم باغلىرىدا قىز-
غىن كۈتۈۋېلىشكە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئەمما، ئېنىق
جاۋاب بەرمەپتۇ. بۇ جەرياندا ئىككى خانلىقنىڭ
دانىشمەنلىرى بولغان بەگتۇرك بىلەن كۆكتۈرك
ئىككىيلەن ناھايىتى قىزغىن پىكىر ئالماشتۇرۇپ-
تۇ. ھەر ئىككى دانىشمەنىنىڭ ئويلىغىنى بىر يەر-
دىن چىقىپتۇ، چۈنكى كۆكتۈركمۇ خۇددى بەگ-

تۈرككە ئوخشاش قېرىنداش تۇران خانلىقلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئويلايدىغان يىراقنى كۆرەر دانىشمەنلەردىن ئىكەن. شۇڭا، ئۇ بۇ مەسىلە توغرۇلۇق ئوردا كېڭىشى بولغاندا ئۆزىنىڭ ئالىپ ئارسلانخاننى قايىل قىلىشقا تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. توققۇز كۈندىن كېيىن، ئالىپ ئارسلانخان ئوردا كېڭىشى ئۆتكۈزۈپ، ئاتۇش خانلىقىنىڭ ئەلچىسىگە قانداق جاۋاب بېرىش ھەققىدە ئوردا ئەھلىنىڭ پىكرىنى ئاپتۇ. ئوردا كېڭەشچىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئاتىبېگىننى ئاتۇش خانلىقىغا ياتلىق قىلىش تەكلىپىنى بەرسە، يەنە بىر قىسمى ياتلىق قىلماسلىق تەكلىپىنى بېرىپتۇ. بولۇپمۇ بۇ پىكىردە ئوڭ قول ۋەزىر ئالىپ بۇغراخان بىلەن ئالىپ ئارسلانخاننىڭ ئىلگىرىكى ئارازچىلىقىنى شەپە كەلتۈرۈپ، بەشكېرەم مەلىكىسىنى ئاتۇش شاھزادىسىگە ياتلىق قىلماسلىق پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئالىپ ئارسلانخانمۇ ئىلگىرىكى ئارازچىلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، كېيىنكىلەرنىڭ پىكرىنى توغرا تېپىپتۇ. شۇ ئارىدا ئوردا ئۇستازى كۆكتۆرك ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالىپ ئارسلانخانغا سالام بەرگەندىن كېيىن: «ئەي قۇدرەتلىك ئالىپ ئارسلانخان، بەشكېرەم خەلقى كىمنىڭ ئۇرۇقى، «ئاتۇش خەلقى كىمنىڭ ئۇرۇقى»، سۈرۈشتۈرسەك، ھەممىيلەن بىر ئۇرۇق، يەنى خانئۆيىنى تەختىگاھ قىلغان ئالىپ ئەرتوڭانىڭ ئۇرۇقى. تۇران زېمىنلىرىغا ئىز سالغان تۇرىنىڭ ئەۋلادلىرى! شۇنداق ئىكەن، نېمىدەپ بەشكېرەم مەلىكىسىنى ئاتۇش شاھزادىسىگە ياتلىق قىلساق بولمايدىكەن؟ ئالىپ ئەرتوڭا دەۋرىدىكى توققۇز خانلىقتىن تەشكىل تاپقان تۇران خانلىقلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنكى تۇران خانلىقلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قارىساق، ئەھۋالىمىز ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ. ئىلگىرى مۇقەددەس يەر - سۇنىڭ ھىممىتى ۋە ئالىپ ئەرتوڭانىڭ غەيرىتى بىلەن ھەرقايسى خانلىقلار ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلىشىپ ياشىغاندۇق. بىزنى ھېچكىم ئاني تاپالمىغان ياكى بوزەك قىلالمىغان. كېيىن قۇمدەك چېچىلىپ كەتتۇق، بىر - بىرىمىزنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكى بىلەن كارىمىز بولمىدى. نەتىجىدە مەغرىپتىكى بەزى تۇران خانلىقلىرى باشقىلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ بىز يەنە بىرلىشەلمىسەك، ئەجدادلار ئالدىغا قايسى يۈزىمىز بىلەن بارىمىز؟ ئەۋلادلارغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟... ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىز بىلەن قان قېرىنداش بولغان ئاتۇش خانلىقىدىن قىز سوراپ كەلگەن ئەلچىنى قۇرۇق ياندۇرماسلىقىمىز كېرەك! ئۇنداق بولمايدىكەن، ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت قايتىدىن چېچەكلەپ، خەلقنى ئۇرۇش قويىنىغا تارتىشى، ئەل - يۇرت قان ئىچىدە قېلىشى مۇمكىن. ئۇرۇشماق ئاسان، ياراشماق تەس. مەلىكىنى ئاتۇش شاھزادىسىگە ياتلىق قىلمىغان تەقدىردىمۇ، ئەقىل بىلەن ئىش قىلغىنىمىز تۈزۈك» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. كۆكتۆركنىڭ سۆزىدىن ئوردا زىلزىلىگە كەپتۇ. بىراق، ئالىپ ئارسلاننىڭ غورۇرى ماقۇل دېيىشكە يەنىلا يول قويماپتۇ. شۇ چاغدا ئوڭ قول ۋەزىر: «مەلىكىنى ئاتۇش شاھزادىسىگە ياتلىق قىلىشتا، ئۇنىڭ تويلۇقىغا قۇمالتاغنى يېرىپ، بەشكېرەم بىلەن ئاتۇشنى بىۋاستە تۇتاشتۇرىدىغان يول ئېچىشتىن ئىبارەت بىر ئېغىر شەرت قويايلى، شەرتنى ئادا قىلالىسا، مەلىكىنىڭ تويىنى چىرايلىق قىلىپ ئۇنىڭغا ياتلىق قىلايلى، بولمىسا، بۇ تويغا قوشۇلمايلى. شۇنداق بولغاندا، ئۇلار سەۋەبنى ئۆزىدىن ئىزدەپ، چىدىماسلىق بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا پېتىنالمايدۇ» دەپتۇ. بۇ مەسلىھەت ئالىپ ئارسلانخانغا ياغدەك يېقىپ، كېڭەش ئاخىرلىشىپتۇ.

ئاتۇش خانلىقىنىڭ ئەلچىسى بەگتۆرك بۇ شەرتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال يولغا چىقىپتۇ. ئۇ توققۇز كۈندە بەشكېرەمگە كېلىپ، توققۇز كۈن تۇرۇپ، يەنە توققۇز كۈندە ئاتۇشقا يانغۇچە بولغان ئارىلىقتا، ئاتۇش خانى ئالىپ بۇغرانىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، بەشكېرەم خانلىقىغا جەڭ ئېچىش ئارقىلىق مەلىكە ئاتىبېگىننى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن لەشكەر يىغىشقا باشلىغاچقا، ئالپاغۇت قاتتىق ئازابلانغانىكەن.

ئوردا ئۇستازى بەگتۇرك ئەكەلگەن خەۋەردىن ئالىپ بۇغرانىڭ قوۋاقلىرى ئۈرلەپ قاتتىق غەزەپلىنىپ بېشى قېتىپتۇ. چۈنكى، شەرتنى ئورۇنلاي دېسە، تولىمۇ قىيىن ئىكەن. پىلان بويىچە لەشكەر تارتاي دېسە، «قىز تەرەپنىڭ شەرتىنى ئورۇنلىيالماي، چىدىماسلىق قىلىپ ئۇرۇشۇپتۇ» دەپ يەتتە ئىقلىمغا سۆز ـ چۆچەك تارقىلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن.

ئەلچىنىڭ سۆزلىرىدىن خەۋەر تاپقان ئالپاغوت ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ شەرتنى ئادا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالپاغوت ئېتىنى مىنىپ ئىتىنى ئەگەشتۈرۈپ قومالتاغ باغرىغا يول ياسىغىلى كەپتۇ. ئوردا ئۇستازى بەگتۇركنىڭ مەسلىھەتى بويىچە قومالتاغنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن بەشكېرەمگە قاراپ يول ئېچىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئىتى بىلەن ئېتى ناھايىتى ئەسقېتىپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئوۋ ئىتى بۆرە نەسلىدىن بولۇپ، تولىمۇ خىسلەتلىك ئىكەن. شۇڭا، ئۇ يول ئېچىشقا باشلىغاندا ئىتى ئالدىدا مېڭىپ، تاغنىڭ قوم ـ شېغىلىنى تاتىلاپ بوشىتىپ بېرىپتۇ. ئالپاغوت ئۇنى قاپقا ئۇسۇپ، ئېتىغا ئارتىپ سىرتىغا توشۇپتۇ. قورام تاشقا دۈچ كەلگەندە بولسا، ئالپاغوت ئۆزى مىتىن بىلەن ئۇرۇپ قومۇرۇپ چىقىرىپ، سالغا بىلەن تاغنىڭ ئۇستىگە ئېتىپتۇ. ئالپاغوتنىڭ قەيسەر ئىرادىسىدىن، قىلمىۋاتقان ئىشىدىن تەسىرلەنگەن ئاتۇش خەلقى ئۇنى ئوغلاق ھەم پاقلان گۆشى ۋە قىمىز ـ قايماق بىلەن يوقلاپ تۇرۇپتۇ. بەشكېرەم مەلىكىسى ئايتېگىن كېنىزەكلىرى بىلەن كېلىپ، بەشكېرەم باغلىرىدا پىشقان ئۆرۈك، شاپتۇل، ئەنجۈر، ئۈزۈم، ئانار ۋە پىستە ـ بادام، گۈلە ـ قاق، جىگدە ـ ياڭاق ھەم چىلان قاتارلىق مېۋىلەر بىلەن يوقلاپ، ھال سوراپ تۇرۇپتۇ. ئايتېگىننى كۆرگەن ئالپاغوتنىڭ غەيرىتى ھەسسىلەپ ئېشىپ، ئۇنىڭغا بولغان ئىشقىنىڭ كۈچى بىلەن ئىرادىسى تاشتەك چىڭىپتۇ. ئالپاغوتنىڭ ۋاپادار ئىتى ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىكەن، شۇڭا ئالپاغوت ھېرىپ ـ چارچاپ ئۇخلاپ قالسا، بۇ جانىۋار ئۇنىڭ پېشىنى چىشلەپ ئويغىتىپتۇ، ئۇ كۆزىنى ئاچسا يەڭگىل قاۋاپ ئىلھام بېرىپ، ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئۇرغۇتۇپتۇ. شۇڭا، كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپ، ساق توققۇز ئاي، سەككىز كۈن بولغاندا يول ئېچىلىشقا ئون نەچچە گەزلا قاپتۇ. توققۇزىنچى كۈنى سەھەردە ئالپاغوتنىڭ ۋاپادار ئىتى يۇقىرىدىن چۈشكەن تاشنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قېلىپ ئۆلۈپتۇ. ئالپاغوت ئىتىغا قايغۇرۇپ، ئۇنى چىرايلىق كۆمگەندىن كېيىن، كەچ كىرگۈچە قالغان يولنى ئۆزى ئېچىپ پۈتكۈزۈپتۇ. يولنىڭ ئېچىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ئايتېگىن ئالپاغوتنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئەنجۈر، ئۈزۈم ۋە ئانار بىلەن مېھمان قىپتۇ، بەشكېرەم باغلىرىغا باشلاپ ھاردۇقىنى چىقىرىپتۇ. ئۇلار ئالپاغوتنىڭ ۋاپادار ئىتىنى مەڭگۈ ياد ئېتىش ئۈچۈن قومالتاغنىڭ قاپئوتتۇرىسىدىن ئېچىلغان بۇ يولغا «ئىت يولى» دەپ نام بېرىپتۇ. ئىككى خانلىقتىكى ئاشىق ـ مەشۇقلار ئالپاغوتنىڭ ئايتېگىنگە بولغان مەڭگۈلۈك ئىشقىنىڭ نەمۇنىسى بولغان بۇ «ئىت يولى»نى «ئىشق يولى» دەپمۇ ئاتاپتۇ. قىسقىسى، ھەممەيلەن بۇ جەسۇر ھەم ئىرادىلىك يىگىت ئالپاغوتنى تەبرىكلەپتۇ.

بەشكېرەم خانى ئالىپ ئارسلان ئالپاغوتنىڭ توي شەرتىنى تولۇق ئادا قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ۋەدىسى بويىچە ئالپاغوت بىلەن ئايتېگىننىڭ تويىغا رازىلىق بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالىپ بۇغراخان بارلىق ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى بىلەن بەشكېرەمگە قەدەم تەشرىپ قىپتۇ. ئالىپ ئارسلانخان پۈتۈن ئوردا ئەھلى بىلەن ئالدىغا چىقىپ، قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئىنىسى ئالىپ بۇغراخان بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئۇزۇن يىللىق ئاداۋەتنىڭ ئورنىنى قايتىدىن سەمىمىيەت ۋە قېرىنداشلىق مۇھەببىتى ئىگىلەپ، ئىككى خانلىقتىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن چەكسىز شادلىنىپتۇ. ئالىپ ئارسلانخان مېھمانلار ئۈچۈن توققۇز تۆگە، توققۇز كالا، توققۇز قوتاز، توققۇز قوي، توققۇز ئوغلاق، توققۇز

(ئاخىرى 112 ـ بەتتە)

# ئۈچ سوئال

(چۆچەك)

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇقادىر سادىر



بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن. قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھ بار ئىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ ھاماقەت بىر ئوغلى بار ئىكەن. كۈن-كۈنلەرگە، ئاي - ئايلارغا ئۇلىشىپ، بالا يىگىرمە بەش ياشقا كىرىپتۇ، لېكىن ئەقلى يېشىغا لايىق ئاشماپتۇ. پادىشاھ بولسا بارغانسېرى قېرىپ، بېلىدىن قۇۋۋىتى، كۆزىدىن نۇرى كېتىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھ ئالتۇن تەختىدە ئولتۇرۇپ: «مەن قېرىپ قالدىم، ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى، ئەمدى ئۇزاق ياشىيالماسلىقىم مۇمكىن. كىمنى تەخت ۋارىسى قىلسام بولار؟ ئوغلۇمنى قىلاي دېسەم، ئۇ ھاماقەت شۇنچە يىللاردىن بېرى توپلىغان مال - مۈلكۈمنى بىر - ئىككى ئايغىمۇ يەتكۈزمەي كۆككە سورۇۋېتىشى مۇمكىن» دەپ ئۇزاق ئويلىنىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ بىردىنلا بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. «ھە، تاپتىم، — دەپتۇ ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — ئوغلۇمغا ئەقىللىك قىزدىن بىرنى ئېلىپ بېرەي. ئۇ قىز ئۇنىڭغا ئەقىل كۆرسىتىدۇ». پادىشاھ شۇنداق دەپتۇ - دە، دەرھال ئوغلىنى چاقىرتىپ:

— ئوغلۇم، مېنىڭ ساناقلىقلا كۈنلىرىم قالدى، سېنى ئۆيلەپ ئورنۇمغا پادىشاھ قىلسام قانداق دەيسەن؟ — دەپتۇ.

— سىز نېمە دېسىڭىز مەيلى، — دەپتۇ ئوغلى.

— كىمنى ئېلىپ بېرەي، ئوغلۇم؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— كىمنى خالىسىڭىز شۇنى ئېلىپ بېرىڭ، — دەپتۇ ئوغلى. پادىشاھ ئوغلىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ئەقىللىك كېلىننى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. ئاخىر بىر پادىشاھنىڭ قىزىنى ئۈچ كۈن توي - تاماشا قىلىپ ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئەتىگەندە، پادىشاھ ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— قانداق، خوتۇنۇڭدىن رازىمۇسەن، ئوغلۇم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ماڭا ياقمىدى، يامان ئايال ئىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوغلى .

— ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— كەلگەن يېرىگە ئاپىرىپ قويىمەن، — دەپتۇ ئوغلى. پادىشاھ نېمىلا دېسۇن، ئۇ پەقەتلا ئۇنىماپتۇ. پادىشاھ ئامالسىز ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغلى خوتۇنىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسىغا:

— ئاتا، مېنى يەنە ئۆيلەپ قويسىڭىز، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئوغلىغا يەنە بىر پادىشاھنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ كېچە، ئۈچ كۈندۈز ئۆتكەندە، پادىشاھ ئەتىگەنلىك ناشتىدا ئولتۇرۇپ ئوغلىدىن سوراپتۇ:

— قانداق ئوغلۇم، خوتۇنۇڭدىن رازىمۇسەن؟

— ياق، — دەپتۇ ئوغلى، — بۇمۇ ماڭا ياقمىدى، يامان خوتۇن ئىكەن.

uyghurkitap.com

پادىشاھ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ قاپتۇ. كېيىن ئوغلىدىن:

— ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— توغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىگە كەتكۈزۈۋېتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوغلى. پادىشاھ ئوغلىنى كۆندۈرۈشكە كۆپ تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن كۆندۈرەلمەپتۇ. ئوغلى ئاخىر قىزنى ئۆز ئۆيىگە ئەۋەتىۋېتىپتۇ.

كۈنلەر كەينىدىن كۈنلەر، تۈنلەر كەينىدىن تۈنلەر ئۆتىۋېرىپتۇ. بىر كۈنى ئوغۇل ئاتىسىغا:

— ئاتا، مېنى ئۆيلەپ قويسىڭىز، — دەپتۇ.

پادىشاھ يەنە بىر پادىشاھنىڭ قىزىنى لايىق كۆرۈپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. شاھزادە بۇ خوتۇنى بىلەنمۇ ئۈچ كۈن بىللە ئۆتۈپ، يەنە «ياقمىدى» دەپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. كېيىن شاھزادە ئاتىسىغا يەنە «مېنى ئۆيلەپ قويۇڭ» دېگەنىكەن، ئاتىسى شۇنداق دەپتۇ:

— ئوغلۇم، ئۈچ خوتۇن ئېلىپ بەرسەم، بىرسىنى «پۇتاق» ئىكەن، بىرسىنى «چوماق» ئىكەن دەپ ھەيدىۋەتتىڭ. ئەمدى ئاتقا مىنگىن - دە، ئۆزۈڭگە يارايدىغان قىزنى ئۆزۈڭ ئىزدەپ تاپقىن.

شاھزادە بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئېتىغا مىنىپتۇ - دە، قىز ئىزدەپ چىقىپ كېتىپتۇ. شەھەرنىڭ ئاۋات بىر يېرىگە كەلگەندە، بىر قىزغا كۆزى چۈشۇپتۇ. قىز تولىمۇ چىرايلىق بولۇپ، ئاي دېسە ئاغزى، كۈن دېسە كۆزى بار ئىمىش. شاھزادە قىزنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ ۋە ئۇ قىز كىرىپ كەتكەن ئىشىككە بەلگە قىلىپ، دەررۇ ئارقىسىغا قايتىپتۇ. ئۇ ئوردىغا كېلىپ، ئاتىسىغا بىر قىزنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئاتىسى ئۇ قىزنى تېپىپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىلىپ، ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنى پادىشاھ ئوغلىدىن:

— قانداق؟ ئۆزۈڭ تاپقان بۇ خوتۇنۇڭدىن رازىدۇرسەن ئوغلۇم؟ — دەپ سوراپتۇ.

شاھزادە «ياق، بۇمۇ يامان خوتۇن ئىكەن...» دېيىشكە تەمشىلىپ، ئېغىزىنى ئۆمەللەپتۇ - يۇ، ئەمما قىزنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئۆيىگە كەتكۈزۈۋېتىشكە كۆزى قىيماي، «ھەئە» دەپ قويۇپتۇ. پادىشاھ خۇشلۇقىدا قايتىدىن ئۈچ كۈنلۈك توي زىياپىتى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. كۈنلەر كەينىدىن كۈنلەر، تۈنلەر كەينىدىن تۈنلەر ئۆتىۋېرىپتۇ، پادىشاھ بارغانسېرى قېرىپ، ھەتتا گەپ قىلىشقىمۇ ھالى يەتمەس بولۇپ قاپتۇ. ۋاقتىنىڭ بەكمۇ ئاز قالغانلىقىنى بىلىپ، ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى ھەر قايسى جايلارغا ئەۋەتىپ، يەتتە يىللىق باجنى يىغىپ ئەكەلدۈرۈپ، ھېچكىمگە بىلىندۈرمەي يەر ئاستىدىكى گەمىگە كۆمدۈرۈپتۇ. ئاندىن كېيىن كېلىنىنى چاقىرىپ گەمىگە كىرىپتۇ:

— بالام، — دەپتۇ پادىشاھ ئالتۇنلىرىنى كۆرسىتىپ، — ھاياتىم ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. تېنىمدە قۇۋۋىتىم، ئايىغىمدا دەرمانىم، كۆزۈمدە نۇر قالمىدى. ئېرىڭىزنىڭ ئەقلى كەمرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ مەندىن كېيىن بۇ يۇرتقا پادىشاھ بولۇشىغا كۆزۈم يەتمەيدۇ. مانا بۇ كوزىلاردىكى ئالتۇنلارنى تېجەپ ئىشلەتسەڭلار، بىر ئۆمۈر خەجلىسەڭلارغا يېتىپ ئاشىدۇ. قالغىنىنى سىزگە تاپشۇردۇم، — دەپتۇ. كۆپ ئۆتمەي پادىشاھ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە بىر نەچچە يىل بولمايلا شاھزادە پادىشاھلىقنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ، ئۆيدىكى مال - دۇنيانى خەجلەپ تۈگىتىپ، ئاددىي پۇقرالاردەك كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭ بۇرۇتىغا چالما تىزىپ، ئالدىدا ۋاي دەپ قويۇپ كەينىدە باشقىلار بىلەن كۆڭۈل خۇشى قىلىپ ئۆتىۋېرىپتۇ. بىر كۈنى خوتۇنى شاھزادىگە:

— بازارغا بېرىپ لازىمەتلىك سېتىۋېلىپ كەلسىڭىز، — دەپتۇ.

شاھزادە «خوپ» دەپ خالتىنى كۆتۈرۈپ بازارغا كېتىپتۇ. بازارغا مېڭىۋېتىپ، پۇل ئېلىۋالمىغىنى ئېسىگە كېلىپ، ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. ئۆيىگە كەلسە، ئۆيدە خوتۇنى ناھايىتىمۇ بەتبەشىرە، ساقاللىق بىر زەڭگى بىلەن ئولتۇرغان:

— بۇ كىم؟ — دەپ سوراپتۇ شاھزادە.

— تاغامنىڭ ئوغلى، بازارغا كەلگەنىكەن، مېنى كۆرۈپ كېتەي دەپ كەپتۇ، — دەپتۇ خوتۇنى.

يىگىت خوتۇنىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، بازارغا بېرىپ لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋېلىپ كەپتۇ. كاتتا زىياپەت باشلىنىپتۇ، ھاراق - شاراپ ئىچىش ئەۋجىگە چىقىپتۇ. شاھزادە ئۇلار تۇتقان ھاراقنى ئىچىۋېرىپ مەست بولۇپ قاپتۇ. خوتۇنى ئۇنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئۆزى ھېلىقى زەڭگى بىلەن قاتمۇقات كۆرپىلەردە تاڭ ئاتقۇچە ئەيش - ئىشرەت قىپتۇ. چاشگاھ بولغاندا شاھزادە ئورنىدىن تۇرسا، يېنىدا خوتۇنى ئولتۇرغان.

— بەك ئۇخلاپ كەتتىڭىز، — دەپتۇ خوتۇنى، — تۇرۇڭ، چاي ئىچەيلى. شاھزادە ئورنىدىن تۇرۇپتۇيۇ، لېكىن ھېچ نەرسىنى بايقىماپتۇ. كۈنلەر كېيىنىدىن كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ. بىر كۈنى شاھزادىنىڭ خوتۇنى يەنە:

— بازارغا بېرىپ، كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلسىڭىز، — دەپتۇ. شاھزادە «خوپ» دەپ بازارغا كېتىپتۇ. مېڭىۋېتىپ يەنە پۇل ئېلىۋالمىغىنى ئېسىگە كېلىپ: «پۇل ئېلىپ كېلەي» دەپ ئۆيىگە كەلسە، خوتۇنى كېلىشكەن، بۇرۇتلۇق بىر يىگىت بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ گەپلىشىپ ئولتۇرغان. شاھزادىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— بۇ كىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھاماممىنىڭ ئوغلى، مېنى كۆرگىلى كەپتىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خوتۇنى. شاھزادە خوتۇنىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، ئۇلارنى قالدۇرۇپ بازارغا كېتىپ، كەچكە يېقىن قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار ئاخشىمى زىياپەت بېرىپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا شاھزادە قاتتىق مەست بولۇپ قاپتۇ، خوتۇنى ئۇنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ھېلىقى «ھاممىسىنىڭ ئوغلى» بىلەن تاڭ ئاتقۇچە كەيپ - ساپا قىپتۇ. بىر چاغدا شاھزادە بېشى ئاغرىپ، كۆزىنى ئاران ئېچىپ ئورنىدىن تۇرسا، يېنىدا خوتۇنى ئولتۇرغان. شاھزادە بۇ ئىشلارغا ھەيران بولۇپ كىمگە ئېيتىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ بىر دوستى بار ئىكەن، شاھزادە تۇيۇقسىز شۇ كىشىنى ئېسىگە ئاپتۇ. شاھزادە «بۇ ئىشلارنى ئەڭ ياخشىسى ئاتامنىڭ دوستىغا ئېيتاي» دەپ ئويلاپ ئۇ كىشىنى ئىزدەپ بېرىپتۇ:

— تاغا، سىزگە مەسلىھەت سالىدىغان زۆرۈر بىر ئىش بار ئىدى، — دەپ بولغان ۋەقەلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— بۇ گەپنى بالدۇرراق ئېيتىشىڭىز كېرەك ئىدى شاھزادە، — دەپتۇ ئاتىسىنىڭ دوستى، — ئۆيىڭىزگە بىرىنچى قېتىم خوتۇنىڭىزنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى كەلگەنىكەن، ئىككىنچى قېتىم ھاممىسىنىڭ ئوغلى كەپتۇ. ئەمما، شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، خوتۇنىڭىزنىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى ئاۋۇ بازارنىڭ ئۇدۇلىدىكى كاتتا دۇكاننىڭ ئىگىسى بولىدۇ. ئۇ بىر كۈنلۈك سودىسىنىڭ پۇلىنى يېنىغا تۈگۈپ كېلىدۇ. ئەمدى سىز مۇنداق قىلىڭ: بۇ قېتىم خوتۇنىڭىز سىزنى بازارغا ئەۋەتكەندە، ياخشى بىر زىياپەت تەييار قىلىڭ، بازاردىن بىر ئۆچكە سېتىۋېلىپ، تېرىسىنى تۇلۇمچە سويۇپ، ئىچىڭىزگە ئېسىۋېلىڭ. كەچلىك زىياپەتتە، ھاراقنى ئىچكەن بولۇۋېلىپ، تۇلۇمغا قۇيىۋېرىڭ. مۇبادا تولۇپ كەتسە، بىرەر باھانە تېپىڭ - دە، سىرتقا چىقىپ تۆكۈپ كىرىڭ، يېرىم كېچە بولغاندا ئۆزىڭىزنى مەستلىككە سېلىڭ. كېيىن نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغىنىنى كۆرىسىز.

شاھزادە خوتۇنىنىڭ «بازارغا بېرىپ كېلىڭ» دېيىشىنى كۈتۈپ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى خوتۇنى شاھزادىگە:

— بازارغا بېرىپ كەلسىڭىز بوپتىكەن، ئۆيدە ياغ قالماپتۇ، — دەپتۇ.

شاھزادە ئاۋۋالقىدەك خىرامان ھالدا «ماقۇل» دەپ بازارغا كېتىپتۇ. بېرىپ، چوڭ بىر ئۆچكىنىڭ تېرىسىنى تۇلۇم قىلدۇرۇپ، ئۇنى ئىچىگە ئېسىۋاپتۇ. ئۆيىگە كېلىپ قارىسا، خوتۇنى تولغىما بۇرۇتى قۇلىقىدىن ئاشقان، كۆزلىرى ئالىيىپ چانىقىدىن چىققان بىر كىشى بىلەن بىمالال گەپلىشىپ ئولتۇرغان. شاھزادە خوتۇنىنى بىر ياققا چاقىرىپ، قۇلىقىغا ئاستاغىنە:

— بۇ كىم ئەمدى ؟ — دەپ شىۋىرلاپتۇ.

— بۇ مېنىڭ نەۋرە ئاكام، بازارغا كەتكەن، مېنى كۆرۈپ كېتەي دەپ كىرىپتۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خوتۇنى. شاھزادە:

— ياخشى بوپتۇ، — دەپ زىياپەتنى باشلىۋېتىپتۇ. داستىخان ئۈستىگە هاراق - شاراپ، مېۋە - چېۋىلەر تولۇپ كېتىپتۇ. شاھزادە هاراقنى ئارقا - ئارقىدىن قۇيۇپتۇ. ئۆزىمۇ ئىچىپتۇ، خوتۇنىنىڭ «نەۋرە ئاكىسى»مۇ توختىماي ئىچىپتۇ. بىر چاغدا شاھزادىنىڭ ئىچىگە ئېسىۋالغان تۇلۇم توشۇپ قاپتۇ، ئۇ هېچكىمگە سەزدۈرمەي تاشقىرىغا چىقىپ تۆكۈپ كىرىپ، مەست قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ. خوتۇنى يەنە ئۇنى ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. شاھزادە كۆرپىنىڭ يىرتىقىدىن قاراپ تۇرسا، خوتۇنى كىمخاب - ئەتلەس كۆرپىلەرنى تىز بويى سېلىپ، هېلىقى ئادەمگە ئەركىلەشكە باشلاپتۇ. ئۇ كىشى خوتۇنىنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ دەسسىدە كۆتۈرۈپ كۆرپە ئۈستىگە تاشلاپتۇ. كۆرپىدە ئىككىسى سۆھبەتكە كېتىپتۇ. بۇنى شاھزادە ئاڭلاپ يېتىپتۇ.

— بۇ تەنتەككە خوتۇن بولغۇچە، ماڭا خوتۇن بولسىڭىز بولماسمىدى؟ — دەپتۇ ئۇ كىشى.

— بۇ گالۋاڭغا خوتۇن بولۇشۇم ئاتىسىدىن قالغان ئالتۇننى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، — دەپتۇ خوتۇنى، — ئالتۇنلارنى قولغا ئالغان كۈنۈم بۇ يەردىن كېتىپ سىزگە تېگىمەن.

— ئۇ جىق ئىچىۋېلىپ قاتتىق مەست بولۇپ قاپتۇ. مەقسىتىڭىزنى بۈگۈنىڭ ئۆزىدە ئەمەلگە ئاشۇرايلى. ئالتۇنلارنى ئالايلى - دە، بىزنىڭكىگە كېتەيلى، — دەپتۇ ئۇ كىشى.

— بۈگۈن ئالتۇنلارنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىۋېلىڭ، باشقا كۈنى ئالىمىز، — دەپتۇ شاھزادىنىڭ خوتۇنى.

ئىككىسى ئورنىدىن تۇرۇپ يېتىلىشىپ يەر ئاستىغا چۈشۈپتۇ. شاھزادە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چۈشۈپتۇ. خوتۇن ئاشنىسىغا ئالتۇن كۆمۈلگەن جاينى كۆرسىتىپتۇ. شاھزادە جايىغا قايتىپ ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ خورەك تارتىپ يېتىۋېرىپتۇ.

خوتۇنى تاڭغىچە هېلىقى كىشى بىلەن ئەيش-ئىشرەت قىپتۇ. شاھزادە ئۇيقۇدىن ئويغانغان بولۇپ كۆزىنى ئاچسا، يېنىدا خوتۇنى «ئوبدان ئۇخلاپسىزمۇ؟» دەپ تۇرغان.

شاھزادە هېچنەرسىنى سەزمىگەندەك خوتۇنىغا ياخشى سۆزلەرنى ئېيتىپتۇ. ئاندىن «تۈنۈگۈنكى ئىشلارنى ئېيتاي، ئاتامنىڭ دوستى قانداق مەسلىھەت بېرەركىن» دەپ ئويلاپ، ئۇ كىشىنى تېپىپ، كېچىسى يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ بىرسىنىمۇ قالدۇرماي ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— ئەمدى مۇنداق قىلىڭ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ ئاتىسىنىڭ دوستى، — بازارغا بېرىپ كۈچتۈڭگۈر يىگىتتىن تۆتنى ياللىۋېلىڭ، ئۇلارنى ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ، «ھەققىڭلارغا مۇنچە تىللادىن بېرىمەن، مەن ئېيتقان ئىشلارنى سۆزسىز بېجىرسىلەر» دەڭ. ئاندىن خوتۇنىڭىزنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ، راسا دۇمبالاڭ، خوتۇنىڭىز تاياققا چىدىماي ئاتالمىش «نەۋرە ئاكىسى» بولغان باينىڭكىگە بېرىپ داد ئېيتىدۇ، ئاندىن باي بىلەن سىزنى ئېلىپ شەھەر قازىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئاجرىشىمەن، دەيدۇ. شۇ چاغدا سىز ئۆينى سېتىشنى ئېيتىڭ، باھاسىنى يىگىرمە مىڭ تىللا دەڭ. كېيىن قانداق بولىدىغىنىنى كۆرۈپ قالىسىز.

شاھزادە ئاتىسىنىڭ دوستىدىن بۇ مەسلىھەتنى ئاڭلاپ، ئۆيىگە كىرىپ:

— خوتۇن، مەن بازارغا بېرىپ كېلەي، — دەپتۇ. بازارغا بېرىپ تاغنى تەپسە تالقان قىلغۇدەك يىگىتتىن تۆتنى ياللاپ كەپتۇ، ئۇلارنى خوتۇنىغا بىلىندۈرمەي مېھمانخانىغا جايلاشتۇرۇپتۇ. شاھزادە چاي ئۈستىدە خوتۇنى بىلەن گەپ تالىشىپ قېلىپ، ئۇنى تاشقىرىغا سۆرەپ چىقىپ راسا ئۇرۇپتۇ. خوتۇنى «ۋاي داد» دېگىنىچە كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، توپتوغرا دۇكاندار باينىڭكىگە بېرىپتۇ. ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ، شاھزادىنى ئالدىغا سېلىپ شەھەر قازىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ:

— قازى غوجام، — دەپتۇ خوتۇن، — مېنى بۇ زالىمدىن ئاجراشتۇرۇپ قويسىلا. بولمىسا بىر كۈن

ئەمەس بىر كۈنى مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ.

شۇ چاغدا يىگىتمۇ:

— مەنمۇ ئاجرىشىمەن! — دەپتۇ.

ئىككىلا تەرەپ پىكرىدە چىڭ تۇرغاچقا قازى ئۇلارنى ئاجراشتۇرۇپتۇ. شاھزادە قازىغا:

— قازى ئاخۇنۇم، خوتۇندىن ئاجراشتىم، ئەمدى شەھەردە تۇرۇش ماڭا نومۇس، ھويلامنى سېتىپ باشقا يۇرتقا كېتىمەن. ھويلامنى ئالاملا؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ باي بىلەن خوتۇنىنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپتۇ-دە، ئالدىراپ-تېنەپ: «نەچچە پۇلغا ساتىسەن؟» دەپتۇ.

— يىگىرمە مىڭ تىللاغا، — دەپتۇ شاھزادە.

قازى «ئۇن مىڭ تىللاغا ساتقىن» دەپتۇ. خوتۇن بىلەن باي يەر ئاستىدىكى ھېلىقى ئالتۇنلارنى ئويلاپ، قازى يىگىرمە مىڭغا ئېلىۋالمىسۇن، دەپ، ۋەھىمىگە چۈشۈپ، «مەيلى، يىگىرمە مىڭ تىللاغا بىز ئالايلى» دېيىشىپتۇ.

— قازى ئاخۇنۇم رازى بولۇپ ھۆكۈم قىلىۋاتسا، مەن نېمىمۇ دېيەلەيمەن، — دەپتۇ شاھزادە. قازى ھويلىنى يىگىرمە مىڭغا ھۆكۈم قىپتۇ. بايدا ئۇن مىڭ تىللا بار ئىكەن، قالغان ئۇن مىڭ تىللانى ئۇنىڭدىن-بۇنىڭدىن قەرز ئېلىپ، شاھزادىگە بېرىپتۇ. شاھزادە:

«ئۇن كۈندىن كېيىن كۆچۈپ كەلسىلە» دەپتۇ. خوتۇنىدىن ئالغان بەش مىڭ، ئۆي ساتقان يىگىرمە مىڭ تىللانى يېنىغا سېلىپ ئۇدۇللا ئاتىسىنىڭ دوستىنىڭكىگە كەپتۇ ھەمدە بولغان ۋەقەلەرنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە قالدۇرماي تەپسىلىي ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— ھەر بىر دەقىقە بىز ئۈچۈن غەنىيمەت، ئەمدى مەن تۆت كىشىلىك پولۇ تەييارلاپ تۇردىمەن، سىز دەررۇ بېرىپ ھېلىقى تۆت مەدىكارنى ئېلىپ كېلىڭ، — دەپتۇ ئاتىسىنىڭ دوستى.

شاھزادە بېرىپ، ئىش كۈتۈپ تۇرغان تۆت مەدىكارنى باشلاپ كەپتۇ، ئاشنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئۆيگە بېرىپ يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن تىللالارنى ئېلىپ يەنە ئاتىسىنىڭ دوستىنىڭكىگە كەپتۇ ۋە تۆت مەدىكارغا ھەققىنى ئوبدان بېرىپ يولغا ساپتۇ.

ئارىدىن ئۇن كۈن ئۆتۈپتۇ، شاھزادە بىر بالىدىن بايغا:

— «ئۆينى بىكارلىدىم، بىمالال كۆچۈپ كەلسۇن!» دەپ خەۋەر ئەۋەتىپ، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرۈپتۇ.

ئەمدى گەپنى باي بىلەن خوتۇندىن ئاڭلايلى: بالىدىن ئۆينىڭ بوشىتىلغىنىنى ئاڭلىغان باينىڭ خۇشاللىقتىن يۈرىكى يېرىلىپ كېتەيلا دەپتۇ. باي بىلەن خوتۇن ئالدىراپ-تېنەپ ئۆيگە كۆچۈپ كېلىپ: «ئەخمەق شاھزادىنى راسا بابلىدۇق-دە!» دېيىشىپتۇ. ئەتىسى ئىككى مىڭ تىللا قەرز بەرگەن سودىگەر كەپتۇ. ئۇ بايغا:

— باي غوجام، مەندىن قەرز ئالغان ئىككى مىڭ تىللانى بەرسىڭىز بوپتىكەن، مەن مالغا ماڭىدىغان بولۇپ قالدىم، — دەپتۇ. باي:

— بولىدۇ، ھازىر ئېلىپ چىقىمەن، — دەپ خوتۇنىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. كۆمۈلگەن ئالتۇنلارنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئىككىسى يەر ئاستىغا چۈشۈپتۇ. قارىسا، بۇ يەر قۇپقۇرۇق تۇرغان.

— بۇ قانداق گەپ؟ — دەپتۇ باي، — سەن مېنى ئۆيۈمدىن، بار-يوق پۇلۇمدىن ئايرىپلا قالماي، يەنە ئۇن مىڭ تىللاغا قەرزدار قىلىپ قويدۇڭ! — دەپ، جان ئاچچىقىدا خوتۇنىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. باي: «ئادەم ئۆلتۈرگىنىم ئۈچۈن مېنىمۇ بەرىبىر ئېلىپ بېرىپ دارغا ئاسىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ھازىرلا ئۆلگىنىم ياخشى» دەپ ئۆزىمۇ ئۆلۈۋاپتۇ.

سودىگەر: «باي ئەجەب چىقمايدىغۇ؟» دەپ تاشقىرىغا قارىسا، ھويلىدا بىر خوتۇن بىلەن بىر ئەركىشى قىپقىزىل قانغا مىلىنىپ ياتقۇدەك. ئۇ ئۆلۈك ئەرنىڭ باي ئىكەنلىكىنى تونۇپ، «ئاپلا! مېنى خۇدا ئۇرۇپتۇ، قەرزنى كىمدىن تۆلتەرمەن؟ مەيلى، بۇ يەردىن تېزرەك كېتىۋالاي، بولمىسا بىرەر كىشى كۆرۈپ قالسا، گۇۋاھلىقتىن ئۆتىسەن دەپ، قازىخانىلاردا سۆرەپ يۈرمىسۇن يەنە» دەپ ئويلاپ، يولغا راۋان بوپتۇ.

ئەمدىكى گەپنى شاھزادىدىن ئاڭلايلى:

ئاتىسىنىڭ دوستىنىڭ بويىغا يەتكەن گۈزەل بىر قىزى بار ئىكەن. ئاتىسى قىزنى شاھزادىگە نىكاھلاپ بېرىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ شاھزادىنىڭ خوتۇنى ئېغىر ئاياق بولۇپ، ئاي ـ كۈنىمۇ يېقىنلاپ قاپتۇ. يەمەن ۋىلايىتىدە ھاجى ئەسەت ئىسىملىك بىر كارۋان بېشى بولۇپ، پادىشاھنىڭ دوستى ئىكەن. ئۇ سودا ئىشى بىلەن ھەر يىلى بىر قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ كېتىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ كېلىپ، كارۋان سارايغا چۈشۈپتۇ. سارايۋەندىن پادىشاھنىڭ ئۆلگىنىنى ئاڭلاپ، يېنىدىكى قىرىق كارۋىنى بىلەن فاتىھە ئوقۇغىلى بېرىپتۇ. شاھزادە ۋە ئۇنىڭ قېيىنئاتىسى كارۋان بېشىغا كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. ئۇ كېتىدىغان چاغدا شاھزادىنىڭ قېيىنئاتىسى:

— ھۆرمەتلىك كارۋان بېشى، كۈيۈ ئوغلۇمنى مەملىكىتىڭىزگە بىللە ئېلىپ كەتسىڭىز، ھېچ بولمىسا سودىگەرلىكنى ئۆگىنىۋالسا، — دەپتۇ.

كارۋان بېشى:

— بۇ بالا ھېچ يەرگە بارمىغان، ھېچ يەرنى كۆرمىگەن تۇرسا، قانداقمۇ سودا قىلالىسۇن؟ — دەپتۇ.

— سىزنىڭ كەينىڭىزدە يۈرۈپ سودا ـ سېتىقنى ئۆگىنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ قېيىنئاتىسى.

— مەيلى، ئېلىپ كەتسەك كېتەيلى، — دەپتۇ كارۋان بېشى.

قېيىنئاتىسى كۈيۈ ئوغلىغا سودىگەرچىلىكنى ئۆگىنىڭ دەپ قىرىق تۆگىگە مال يۈكلەپ بېرىپتۇ. يەنە ئۇستىلەپ ئىككى خىزمەتكار، ئۈچ ئاتمۇ بېرىپتۇ.

كارۋان بېشى ماللىرىنى پۇل قىلىپ، كەچ بولغاندا كەپتۇ. ئۇ كۈنىمۇ زىياپەت ئۇستىگە زىياپەت بوپتۇ. ئەتىگەن تاڭ ئاتار پەيتىدە شاھزادە كارۋان بېشى بىلەن يولغا چىقىپتۇ. شاھزادە مېڭىش ئالدىدا قېيىنئاتىسى ئۇنىڭغا:

— بالام، ھەرقانداق چاغدا كارۋان بېشىنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىڭ. نېمە دېسە شۇنى قىلىڭ. يولدا چوڭ بىر دەريادىن ئۆتىسىلەر، دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن «مەنزىلى ئاباد» دېگەن يەرگە كېلىسىلەر. ئۇ يەردە ھەرگىز قونىماڭلار، — دەپ جېكىلەپتۇ.

شاھزادە كارۋان بېشىنىڭ باشچىلىقىدا يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ، بىر چاغدا بىر چوڭ دەرياغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار بىر ئىلاج قىلىپ دەريادىن ئۆتۈپ يولنى داۋام قىپتۇ. ئۇلار نەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر مەنزىلگە يېتىپ كەپتۇ. بۇ يەردە تۈرلۈك ـ تۈمەن گۈللەر ئېچىلغان بولۇپ، شاخلىرىدا بۇلبۇللار سەيلە ـ تاماشا قىلىدىكەن. كارۋان بېشى شاھزادىگە: «قېيىنئاتىڭىز دېگەن جاي مۇشۇ بولسا كېرەك» دەپ بۇ مەنزىلدە ئۇزاق تۇرماسلىقنى ئېيتىپتۇ.

— مۇشۇنداق گۈزەل جايدا دەم ئالماي قەيەردە دەم ئالىمىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە كەچ كىرىپ قالدى. كېچىسى قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈرگەندىن كۆرە كېچىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزگىنىمىز ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ شاھزادە.

كارۋانلار كارۋان بېشىنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپتۇ، ئەمما شاھزادە ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. كارۋانلار «بۇ جايدا قونمايلى» دېسە، «ياق، بۇنىڭدىن ياخشىراق جاي تاپالمايمىز» دەپتۇ شاھزادە. ئاخىر كارۋان بېشى شاھزادىنى يالغۇز قالدۇرۇپ كەتمەكچى بوپتۇ. كېيىن: «ئۇنى قېيىنئاتىسى ماڭا ئىشىنىپ قوشۇپ بەرگەنىدى، يالغۇز تاشلاپ كېتىش ئادەمگەرچىلىك ئەمەس» دەپ ئويلاپ بىللە قونۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

ئۇلار ئەمدى ياتايلى دەپ تۇرۇشىغا، قاياقتىندۇر ئاي دېسە ئاغزى، كۈن دېسە كۆزى بار بىر پەرى پەيدا بوپتۇ. ئۇ پەرىنىڭ جىلۋىسىدىن كېچە كۈندۈزدەك يورۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، قۇيرۇقىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرغان بىر ئالا مۇشۇكى بار ئىكەن. قىز شاھزادىگە قاراپ لېۋىنى چىشلەپ، بېلىنى تۇتۇپ، ئاغزىدىكى شارچىسىنى تىرىسلىتىپ چىشلەپ تۇرۇپتۇ. باشقا كارۋانلار دەسلەپتە قىزغا ئېتىبار قىلىشماپتۇ. كېيىن قىز قولىغا دۇتارنى ئېلىپ چېلىشقا باشلاپتۇ. بىردەمدىلا ھەممىسى مەست بولۇپ مۈگدەپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. قىز چېلىشنى توختىتىپتۇ.

شاھزادە بىر پەستىلا ھېلىقى قىزغا خۇشتار بولۇپ قاپتۇ. قىزنىڭ ئىشق پىراقى ئۇنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىپتۇ.

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ شاھزادە قىزدىن.

— ئېتىم بوتاكۆز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز ناز ـ كەرەشمە بىلەن. ئاندىن:

— بىز ئويۇن ئوينىساق قانداق؟ — دەپتۇ سوراپتۇ قىز.

— قانداق ئويۇن ئوينايمىز؟ — دەپ سوراپتۇ شاھزادە.

— بۇ ئالا مۈشۈكنى ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويىمەن، ئون قاداق ياغ پاتىدىغان بىر چىراغ بار، ئۇنىڭغا ئون قاداق ياغ قۇيۇپ، ئاندىن چىراغنى يېقىپ مۈشۈكنىڭ بېشىغا قويىمەن. ئەگەر مۈشۈك تاڭ ئاتقۇچە چىراغنى بېشىدىن چۈشۈرۈۋەتمىسە، مەن ئۇتقان بولىمەن، ئەگەر ئۇ قىمىرلاپ چىراغنى چۈشۈرۈۋەتسە، سىز ئۇتقان بولىسىز.

— بولىدۇ، — دەپتۇ شاھزادە، — بىر مۈشۈكنىڭ تاڭ ئاتقۇچە چىراغنى بېشىدا قىمىرلىماي تۇتۇپ تۇرالىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ دەڭە، نېمىدىن تىكىشىمىز؟ — دەپتۇ شاھزادە.

— ئىختىيارىڭىز، نېمىدىن تىكىشىمىز دېسىڭىز شۇنىڭدىن تىكىشەيلى، — دەپتۇ قىز.

— قىرىق تۆگىدە مېلىم بار، شۇنى تىكتىم، — دەپتۇ شاھزادە.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كارۋان بېشىنىڭ جان ـ پېنى چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ شاھزادىنىڭ قۇلىقىغا:

— شاھزادە، بولدى تىكىشمەڭ، قىزغا ئۇتتۇرۇپ قويىسىز، — دەپ شىۋىرلاپتۇ.

— ئۇتتۇرسام ئۇتتۇرارمەن، — دەپ سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ شاھزادە. شۇ پەيتتە قىز شاھزادىگە يېقىنراق كېلىپ:

— ئەمىسە باشلىدۇق، — دەپتۇ.

قىز ئون قاداقلىق چىراغقا ياغ قۇيۇپ، ئۇنىڭ پىلىكىگە ئوت يېقىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرغان مۈشۈكنىڭ بېشىغا قويۇپتۇ ـ دە، دۇتارىنى چېلىپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. مۈشۈكنىڭ ئوڭ تەرىپىدە شاھزادە، چەپ تەرىپىدە قىز ۋە كارۋان بېشى قاتارلىق سودىگەرلەر تاكى تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي مۈشۈككە تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. مۈشۈك تاڭ ئاتقۇچە قىمىر قىلماپتۇ، كۈن كۆتۈرۈلگەندە قىز دۇتارىنى يەرگە قويۇپ، قوڭغۇراقنى چېلىپ مۈشۈكنىڭ بېشىدىن چىراغنى ئاپتۇ.

شاھزادە ئۇتتۇرغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قاپتۇ. قىز خىزمەتكارلىرىغا تۆگىلەردىكى ماللارنى چۈشۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. كارۋان بېشى: «بىزنىڭ گېپىمىزگە كىرمىدىڭىز، ئەمدى خالىغىنىڭىزنى قىلىڭ، بىز كەتتۇق» دەپ تۆگىلىرىگە ماللىرىنى ئارتىپ، يەمەن ۋىلايىتىگە قاراپ كېتىپتۇ. شاھزادە ئۈچ ئات ۋە ئىككى خىزمەتكار بىلەن نېمە قىلارىنى بىلمەي قاراپلا قاپتۇ. بىر چاغدا شاھزادە ئۆزىگە كېلىپ، ئىككى خىزمەتكارىغا قاراپ:

— ئەمدى سىلەر ئاتقا مىنىپ ئارقاڭلارغا قايتىڭلار. مەن كارۋانلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىمەن، ئۇلار قەيەرگە بارسا، مەنمۇ شۇ يەرگە بارىمەن، — دەپتۇ.

كارۋانلار خېلىلا ئىلگىرىلەپ كەتكەنىكەن، قانچە قىلسىمۇ ئۇلارغا يېتىشەلمەپتۇ. شاھزادە يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئاخىر بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئۇيان ـ بۇيان يۈرۈپ كىرىدىغانغا تۆشۈك، يەيدىغانغا نان، ئىچىدىغانغا سۇ تاپالماپتۇ، ئامالسىز كوچا ـ كويدا ياشاشقا مەجبۇر بوپتۇ. بۇ ئارىدا شاھزادە ئېتىنى سېتىپ، پۇلىنى خەجلەپ بوپتۇ. ئاخىر تىلەمچىلىك قىپتۇ، ھامماللىق قىپتۇ، يەنە بولماپتۇ. ئاخىر بىر مانتىخانىغا ئوت قالىغۇچى بولۇپ ئىشلەپ كۈننى ئاران ئۆتكۈزۈپ يۈرۈپتۇ. شاھزادىنى بۇ ئەھۋالدا قويۇپ، ئەمدى ئىككى ئېغىز گەپنى ئۇنىڭ خوتۇنىدىن ئاڭلايلى.

شاھزادە مېڭىپ نەچچە ئاي ئۆتكەندە، خوتۇنىنىڭ ۋاقىت ـ سائىتى توشۇپ كۆزى يورۇپتۇ. ئەمدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىگى
www.uyghurbookaap.com

ئانا ئېرىنى، بالا ئاتىسىنى، قېيىنئاتىسى كۈيئوغ- لىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈشكە باشلاپتۇ.

ئەمدىكى گەپنى كارۋان بېشىدىن ئىشىتەيلى، ئۇ يەمەنگە يېتىپ بېرىپ قالغان ماللىرىنى سېتىپ، يەنە ئارقىسىغا قايتىپ شاھزادىنىڭ قېيىنئاتىسى تۇرىدىغان شەھەرگە يېتىپ كېلىپتۇ. كارۋان سارايغا چۈشۈپ، ماللىرىنى ئەمدى چۈشۈرۈپ تۇرۇشىغا، شاھزادىنىڭ قېيىنئاتىسى يېتىپ كېلىپ:

— كۈيئوغلۇم قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كۈيئوغلىڭىز يولدا گېپىمگە كىرمىدى، سىز «قونماڭلار» دېگەن جايدا قونۇپ، ئاشۇ يەرلىك بىر قىز بىلەن دوغا تىكىشىپ، بار - يوق بىساتى-دىن ئايرىلىپ، شۇ يەردە قالدى. كېيىن ئۇچرى-شالمىدۇق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كارۋان بېشى.

ئاتا «ھەي» دېگىنىچە ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئاتى-سىنى خاپا ھالدا كۆرگەن قىزى:

— ئاتا، كۈيئوغلىڭىز كەلمەپتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەئە، ئېرىڭ ماللىرىنى سېتىپ بولۇپ، يەمەن شەھىرىنى ساياھەت قىلاي دەپ شۇ يەردە قاپتۇ، — دەپتۇ ئاتىسى. كۈنلەر كۈنلەرنى، ئايلار ئايلارنى قوغلىشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شاھزادىدىن خە-ۋەر كەلمەپتۇ. خوتۇنىنىڭ رەڭگى ساماندەك سار-غىيىپ، ھۆسنى سولۇپتۇ. بىر كۈنى ئۇ بالىسىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، قولىغا ئۆتكۈر پىچاقنى ئېلىپ ئاتىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ئاتا، ماڭا راستىنى ئېيتىڭ، بولمىسا بۇ پىچاقنى ئۆزۈمگە سالىمەن، بەختسىز يىگانە قىزى-ڭىزدىن ئايرىلىپ قالىسىز. كۈيئوغلىڭىز راستلا يەمەن شەھىرىنى تاماشا قىلىمەن دەپ قالغانمۇ يا-كى باشقا بىرەر سەۋەب بىلەن قالغانمۇ؟ — دەپتۇ.

ئاتىسى قىزىنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپ، ئېيتمى-سام ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇدەك، دەپ قورقۇپ كارۋان بېشىدىن ئاڭلىغان گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— ئەمىسە ماڭىمۇ قىرىق تۆگە مال قىلىپ بېرىڭ. سودىگەر كارۋانلار بىلەن بىللە بېرىپ كۆ-يۈ ئوغلىڭىز بىلەن ئۇ ئۇتتۇرغان ماللارنى ئېلىپ قايتىمەن، — دەپتۇ. ئاتىسى:

— بالام، سەن ئۇزاق سەپەرگە چىقىپ باقمى-غان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىك بالاڭ بار، ئۇنى قانداق قىلىسەن؟ — دەپتۇ.

— ئاتا، — دەپتۇ قىزى، — ئۇزاق سەپەرگە ئەمدى چىقسام نېمە بوپتۇ؟ بالامغا بىر ئىلاج قى-لىپ سىز قاراپ تۇرارسىز. ئەگەر ئۇنىمىسىڭىز، بۇنداق ياشىغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى.

ئاتىسى ئويلىنىپ، «بۇ مېنىڭ بىردىنبىر قى-زىم تۇرسا، بۇنداق كۈندىن - كۈنگە سولغۇنلىشىپ كېتىشىگە قاراپ تۇرسام بولماس. ئەگەر بۇنداق كې-تىۋەرسە، بىردىنبىر قىزىمدىن ئايرىلىپ قېلىشىم مۇمكىن» دەپ ئويلاپتۇ - دە، رازى بولۇپ، «مەيلى، بارساڭ بارغىن» دەپتۇ. كېيىن قىزىنىڭ دېگىنى بويىچە كارۋان سارىيىغا بېرىپ، كارۋان بېشىغا:

— ئەي دوستۇم، قىزىم سىلەر بىلەن كې-تىشكە مەندىن رازىلىق ئالدى. سىلەر بىلەن ئون بەش كۈن بىللە بولسۇن. ئون بەش كۈنلۈك خىرا-جىتىڭلارنى مەن كۆتۈرىمەن، — دەپتۇ. كارۋان بېشى رازىلىق بېرىپتۇ.

شاھزادىنىڭ خوتۇنى يېڭى تۇغۇلغان چاشقان بالىسىدىن ئىككىنى تۇتۇۋېلىپ، ئون بەش كۈن كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن چاشقانلارنى كۈندۈرۈشكە مەشغۇل بوپتۇ. ئون بەش كۈن بولغاندا چاشقانلار «كىشت» دېسە يۈگۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان، «ئىشت» دې-سە قايتىپ كېلىدىغان بوپتۇ. خوتۇنى ئەرەنچە كى-يىنىپ، چېچىنى بېشىغا تۈرمەكلەپ، تەلپەك كى-يىپ، «كىشت - ئىشت» كە ئۆگەتكەن ئىككى چاشقاننى قوينىغا سېلىپ، «ئاتا، كارۋان بېشىغا بېرىپ ئېيتىڭ، مەن مېڭىشقا تەييارمەن، — دەپ-تۇ. ئاتىسى شاھزادىدىن قالغان ئالتۇنلارنى سېتىپ قىرىق تۆگە مال قىلىپ، قىزىغا ئۇچ ئات بېرىپ، ئىككى مەدىكار قوشۇپ، «ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلگىن» دەپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

كارۋان يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈ-

روپتۇ. بىر چاغدا ئالدىنقى قېتىم ئۆتكەن ھېلىقى چوڭ دەرياغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭدىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ، يولىنى يەنە داۋام قىپتۇ.

ئۇلار ئۇزاق يول يۈرگەندىن كېيىن، ھېلىقى مەنزىلگاھقا كېلىپ قاپتۇ. قارىسا، بۇ مەنزىل تېخىمۇ گۈزەل جايغا ئايلىنىپ قالغانىمىش. سان - ساناقسىز بۇلاقلاردىن سۈپسۈزۈك سۇلار قايناپ چىقىپ تۇرغانىمىش، رەڭگا رەڭ گۈللەرنىڭ شاخلىرىدا قۇمرى، شاتۇتى، بۇلبۇللار نەغمە قىلىشىۋاتقانىمىش. «ئاتام قونماڭلار دەپ جېكىلىگەن، ئېرىم جاھىللىق قىلىپ قونۇپ، مال - دۇنياسىدىن ئايرىلغان جاي مۇشۇ بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ شاھزادىنىڭ خوتۇنى، ئۇ كارۋان بېشىغا قاراپ:

— مۇشۇ يەردە قونايلىچۇ، — دەپتۇ.

— ھە؟ نېمە دەۋاتىسىز، — دەپتۇ كارۋان بېشى، — بۇ يەردە قونۇپ قېلىشنى خىيالىڭىزغىمۇ كەلتۈرمەڭ. بۇ يەردە قونغان ئادەم ئەسلا ئامان كەتكەن ئەمەس. بىلسىڭىز، ئېرىڭىزمۇ دەل مۇشۇ يەردە شەرمەندە بولغان.

— توغرا دەيسىز، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ يەردە قونايلى دەۋاتىمەن، — دەپتۇ ئايال، — ئەگەر، بۇ قېتىم تىكىشمەكتە مەنمۇ ئۇتتۇرسام ئېرىم ئۇتتۇرۇۋەتكەن ماللىرىڭىزنىمۇ قوشۇپ تۆلەپ بېرىمەن.

كارۋانلار ئاخىر ئىلاجسىز تۆگىلەرنىڭ ئۈستىدىكى ماللارنى چۈشۈرۈپ، ئەمدىلا تاماققا ئولتۇرغانىكەن، قولىدا ئالتۇن دۇتار تۇتقان ھېلىقى قىز يەنە پەيدا بوپتۇ.

قىز ناھايىتى گۈزەل ئىكەن، ئاي دېسە ئاغزى، كۈن دېسە كۆزى بار ئىمىش. كىچىككىنە قىلىپ ئۆرۈلگەن قىرىق تال چېچى ئوشۇقىنى سۆيۈپ تۇرىدىكەن. قىز ئالتۇندىن ياسالغان دۇتارنى چېلىپ، لېۋىنى چىشلەپ، بېلىنى تۇتۇپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە:

— قېنى ئاراڭلاردا بىز بىلەن تىكىشمەك ئوينايدىغان مەردلەر بارمۇ؟ — دەپتۇ.

يەردىن سادا چىقسا چىقىپتۇكى، ئولتۇرغانلارنىڭ بىرەرسىدىن «غىڭ» قىلغان ئاۋاز چىقماپتۇ. قىز ئىككىنچى مەرتەم سورىغاندا، شاھزادىنىڭ ئەرەنچە كېيىنىۋالغان خوتۇنى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن ئوينايمەن. قانداق ئوينايمىز؟ — دەپتۇ.

— يېنىمدىكى ئالا مۇشۇكنى ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىمىزغا قويۇپ، ئۇن قاداقلىق ياغ كېتىدىغان چىراغنى ياندۇرۇپ، بېشىغا قويىمەن. ئەگەر مۇشۇك تاڭ ئاتقۇچە چىراغنى بېشىدىن چۈشۈرۈۋەتمىسە مەن ئۇتقان بولىمەن، ناۋادا بېشىدىن چۈشۈرۈۋەتسە، سىز ئۇتقان بولىسىز، — دەپتۇ قىز.

— بوپتۇ، ئوينىدۇق. نېمىدىن ئوينايمىز؟ — دەپتۇ شاھزادىنىڭ خوتۇنى.

— ئىختىيارىڭىز، نېمىدىن ئوينايمىز دېسىڭىز شۇنىڭدىن ئوينايلى، — دەپتۇ قىز.

— مېنىڭ قىرىق تۆگىدە مېلىم بار. ئاۋۇ ئولتۇرغان قىرىق بىر سودىگەرنىڭ قىرىق بىر تۆگىدە مېلى بار. شۇنىڭدىن ئوينايمىز، — دەپتۇ شاھزادىنىڭ خوتۇنى.

— مەن رازى، — دەپتۇ قىز.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كارۋان بېشى ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قاپتۇ، ئۇ شاھزادىنىڭ خوتۇنىغا قاراپ:

— ھەرگىز مالنى تىكمەڭ، بۇ جادۇگەرگە ئۇتتۇرۇپ ۋەيران بولىمىز، — دەپتۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دەپتۇ خوتۇن.

شۇ پەيتتە ھېلىقى قىز ئۇن قاداق ياغ تۆكۈلگەن چىراغنى يېقىپ، مۇشۇكنى يېتىلەپ، ئايالنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەمىسە باشلىدۇق، — دەپتۇ.

قىز مۇشۇكنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويۇپ، ئالتۇن دۇتارنى چېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. سودىگەر كارۋانلار بىر بۇلۇڭدا ئۇيقۇسى قېچىپ، «شاھزادىنىڭ خوتۇنى ئەلۋەتتە ئۇتتۇرۇپ قويىدۇ، بىز بولساق مالدىنمۇ، ئالتۇنلاردىنمۇ ئايرىلىپ، پىيادە قېلىپ، چۆل - باياۋانلاردا ئۆلۈپ كېتىمىز» دەپ مىڭبىر تەشۋىشكە چۈشۈپ، كىرپىك قاقماي مۇشۇككە قاراپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. ۋاقىت ئۆتمۈۋېرىپتۇ، مۇشۇك شۇ قاتقىنىچە قېتىپ، قىمىر قىلماي تۇرۇۋېرىپتۇ. قىزمۇ دۇتارنى چېلىپ، خاتىرجەم ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. شاھزادىنىڭ خوتۇنى قىزغا قاراپ،

يارا تمىغان ھالدا:

— شۇمۇ چېلىشمۇ، قېنى دۇتارنى ماڭا بېرىڭ، مەن بىر چېلىپ باقاي، — دەپتۇ.

قىز ئالتۇن دۇتارنى ئايالغا بېرىپتۇ. شاھزادىنىڭ خوتۇنى چېلىشقا باشلاپتۇ، ئۇ چالغان كۈينى ئاڭلاپ، سودىگەر كارۋانلار ئۇخلاپ قاپتۇ. ئەما، قىز تەلمۈرگىنىچە ئولتۇرارىمىش، شاھزادىنىڭ خوتۇنى ئىككىنچى كۈينى چېلىشقا باشلاپتۇ، ئۇنى ئاڭلىغان قىزمۇ مۈگدەشكە باشلاپتۇ. شاھزادىنىڭ خوتۇنى ئۈچىنچى كۈينى چالغاندا قىز ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

شاھزادىنىڭ خوتۇنى بىر قولىدا دۇتارنى چېلىپ تۇرۇپ، ئىككىنچى قولى بىلەن قويىنىدىكى چاشقانلارنى ئېلىپ، مۈشۈككە قارىتىپ قويۇۋېتىپتۇ. چاشقانلار يورغىلىغىنىچە مۈشۈكنىڭ ئالدىغا بېرىپ «چىر – چىرلىشىپ» تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن مۈشۈكنىڭ قولىقى تىكلىنىپ، بۇرۇتى نەيزە – نەيزە بولۇپ، چاشقانغا تاشلىنىپتىكەن، بېشىدىكى چىراغ يەرگە چۈشۈپ چۇل – چۇل بوپتۇ. بۇ ئاۋازدىن قىزمۇ، سودىگەر كارۋانلارمۇ ئويغىنىپ قارىسا، شاھزادىنىڭ خوتۇنى دۇتارنى چېلىپ ئولتۇرغانىمىش، مۈشۈك پارە – پارە بولۇپ كەتكەن چىراغنىڭ ئۈستىدە كۆز يېشىنى ئاققۇزۇپ تۇرغانمىش.

شاھزادىنىڭ خوتۇنى چاشقانلارغا قاراپ ئاستاغىنە «ئىشت» دېگەنىكەن، ئۇلار دەررۇ خوتۇننىڭ قوينىغا قايتىپ كىرىپ كېتىشىپتۇ. ھېلىقى قىز مۈشۈكنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى ئۇرۇپ – تېپىپتۇ، ئاندىن شاھزادىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مەن ئۇتتۇردۇم، ئەمدى پۈتۈن ئۆمرۈم بويى تىكىشمەكتە ئۇتقان ماللارنى ھەم ئۆزۈمنىمۇ سىزگە تاپشۇرىمەن، — دەپتۇ. سودىگەر كارۋانلارنىڭ ئىچىگە يورۇق كىرىپ، قاتتىق خۇش بولۇشۇپتۇ. ئۇلار ئۇتتۇۋېلىنغان ماللارنى تۆگىلەرگە يۈكلەپ، «پايدىنى مۇشۇ يەردە تاپتۇق» دەپ، مىڭىش تەرەددۇتىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. شاھزادىنىڭ خوتۇنى ئىككى خىزمەتكارىغا ئۇتتۇۋالغان قىرىق تۆگە مالنى تۆگىلەرگە يۈكلىتىپ، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ماڭدۇرۇپتۇ. قالغان قىرىق تۆگە مالنى ئېلىپ، قىزنى ئەگەشتۈرۈپ يەمەنگە يول ئاپتۇ.

ئۇلار نەچچە ئاي يول يۈرۈپ يەمەنگە يېتىپ كەپتۇ ۋە بىر كارۋان سارايغا چۈشۈپتۇ. شاھزادىنىڭ خوتۇنى بوتاكۆزنى بىر پادىشاھقا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى رەستىمۇ رەستە شاھزادىنى ئىزدەپ يۈرۈپتۇ. كەچكە يېقىن بىر رەستىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان شاھزادىگە كۆزى چۈشۈپتۇ. شاھزادىنىڭ چاچلىرى ئۆسۈپ يەلكىسىگە چۈشكەن، يۈز – كۆزىنى چاپاق بېسىپ كەتكەنىمىش. كىيىم – كېچەكلىرىگە قارىغىلى بولماسىمىش. ئايال ئاتتىن چۈشۈپ مانتىخانىغا كىرىپ، مانتىپەز بالىنى چاقىرىپ:

— ماڭا بىر تاۋاق سامسا بىلەن بىر تاۋاق مانتا تەييارلاپ، ئاۋۇ شۇمشىيىپ ئولتۇرغان كىشىدىن كىرگۈزۈپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

مانتىپەز بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ.

— ھەي ئاكا، — دەپتۇ ئۇ مېھمانغا قاراپ، — ئۇنىڭ قولىدىن تاماق يېگىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭغا قارىسىڭىزلا ئىشتىھايىڭىز تۇتۇلۇپ قالارمىكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ پۇرىقىغا ئەسلا چىدىيالمايسىز. ئۇ ئەسلى مۇشۇ يەردە ئوت قالايتتى، ئۇنى سېسىق پۇرىقىغا چىدىماي قوغلاپ چىقاردىم، ئۇ ھەر كۈنى كېلىپ قالغان – قاتقان تاماقلارنى يەپ كېتىدۇ. بولدى، ئەڭ ياخشىسى تاماقنى ئۆزۈم ئەكىرىپ بېرەي.

— ياق، — دەپتۇ ئايال، — شۇ كىشىدىن كىرگۈزۈڭ.

مانتىپەز ئامالسىز بىر تاۋاق مانتا بىلەن بىر تاۋاق سامسىنى شاھزادىدىن كىرگۈزۈپ بېرىپتۇ. شاھزادە تاماقلارنى كۆتۈرۈپ خوتۇنىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. خوتۇنى ئېرىنى تونۇغان بىلەن، ئەمما شاھزادە خوتۇنىنى تونۇماپتۇ. تاماقنى قويۇپ يەرگە قارىغىنىچە چىقىپ كېتىۋاتقانىكەن، خوتۇنى ئۇنىڭغا قاراپ شۇنداق دەپتۇ:

— بېرىپ يۈز – قوللىرىڭنى يۇيۇپ كەل، تاماقنى بىللە يەيلى.

شاھزادە ھاپىلا – شاپىلا ئېرىق بويىغا بېرىپ

يۈز - قوللىرىنى يۇيۇپ قايتىپ كىرىپتۇ. ئەر - خوتۇن بىللە تاماقلىنىپتۇ، ئەمما شاھزادە يېنىدا ئولتۇرغان ئەرەنچە كىيىنگەن خوتۇننى تونۇماپتۇ. ئۇلار تاماقنى يەپ بولۇپ، بىر چەينەكتىن كۆك چاي ئىچىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادىگە سەل جان كىرىپ، يۈزىگە قىزىللىق يۈگۈرۈپتۇ.

— تويدۇڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ خوتۇنى.

— رەھمەت، ئاكا، تويدۇم، — دەپتۇ شاھزادە.

— تويغان بولساڭ سەندىن بىر سوئال سورىسام بولامدۇ؟ — دەپتۇ ئايال.

— قېنى سوراڭ، — دەپتۇ شاھزادە.

— بۇ شەھەرلىككە ئوخشىمايسەن، قايسى شەھەردىن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئايال.

ئايال بۇ سوئالنى نەچچە قېتىم تەكرارلاپتۇ، ئەمما شاھزادىنىڭ ئاغزىدىن «لام - مىم» دېگەن ندا چىقماپتۇ. ئاخىر ئايال:

— نېمە سەۋەبتىن باشقا يۇرتلاردا خارۇ زار بولۇپ يۈرىسەن؟ «باشقا يۇرتتا سۇلتان بولغۇچە ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول!» دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ — دەپتۇ.

ئايالنىڭ گېپىنىڭ تەسىرىدە، شاھزادە چوڭقۇر «ئاھ» تارتىپتۇ ۋە:

— سىزگە بېشىمدىن ئۆتكەننى سۆزلەپ بېرەي، — دەپتۇ. كېيىن ئالدىرىماي، كۆرگەن - كەچكەنلىرىنىڭ بىرسىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىپتۇ. تاڭ ئېتىپ كېتىپتۇ، لېكىن شاھزادىنىڭ ھېكايىسى تېخى تۈگىمەپتۇ. چۈش پەيتى بولغاندا شاھزادە: «كېيىن سىز كۆرۈپ تۇرغان مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم» دەپ ھېكايىسىنى تۈگىتىپتۇ.

— قايغۇرما، — دەپتۇ ئايال ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەن بولۇپ، — ئەسلىدە مىسىر شەھىرىنىڭ ئادىمى ئىكەنسەن. بىزمۇ مىسىرلىقمىز، سېنى بۇ يەردىن چىرايلىق بىر ئايالغا ئۆيلەندۈرۈپ قىرىق تۆگە مال بىلەن ئىككى خىزمەتكار قوشۇپ بېرىمىز، بىز بىلەن بىللە مىسىرغا كېتەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

شاھزادە تەسىرلەنگىنىدىن ھۆكرەپ يىغلىۋېتىپتۇ.

— مە، بۇ ئالتۇننى مانتىپەزگە بېرىپ، دەرھال قايتىپ كەل، — دەپتۇ ئايال.

شاھزادە ئالتۇننى مانتىپەزگە بېرىپ، دەرھال قايتىپ كەپتۇ.

— ئەمدى ساتىراشخانىغا بېرىپ چاچ - ساقىلىڭنى ئالدۇرۇپ، بازاردىن ئەڭ ياخشى كىيىملەرنى ئېلىپ، ئاندىن ھاممامغا بېرىپ يۇيۇنۇپ، يۆتكىۋالغىن. كەچقۇرۇن كارۋان سارىيىغا كەلگىن، — دەپتۇ ئايال.

شاھزادە ئايالنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، كەچ كىرگەندە كارۋان سارىيىغا بېرىپتۇ. ئۇلار كاتتا بەزمە قىلىپ، بوتاكۆزنى شاھزادىگە نىكاھ قىلىپ ئېلىپ بېرىپتۇ. ئەتىسى شاھزادىگە قىرىق تۆگىگە مال يۈكلەپ بېرىپ، ئىككى ھەمراھ قوشۇپ مىسىرغا يولغا ساپتۇ. كېيىن ئۆز تۆگىلىرىدىكى ماللىرىنى سېتىپ، ئۆزلىرىمۇ مېڭىپتۇ ۋە شاھزادىگە يېتىشىۋاپتۇ. مىسىرغا ئۈچ كۈنلۈك يول قالغاندا ئۇ شاھزادىگە مۇنداق دەپتۇ:

— قانداقلا بولمىسۇن، سېنىڭ شاھزادە دېگەن نامىڭ بار، سەپەرگە چىقىپ كەتكىنىڭگىمۇ ئۇزاق بوپتۇ. شۇڭا شەھەرگە بۇنداقلا كىرسەڭ ياخشى بولمايدۇ. مەن ئېتىمنى چاپتۇرۇپ شەھەرگە بالدۇرراق بېرىپ، كېلىۋاتقىنىڭنى ئۆيۈڭدىكىلەرگە بىلدۈرەي، ئۇلار سېنى قارشى ئېلىشسۇن! — دەپتۇ.

شاھزادە رازى بوپتۇ. خوتۇنى ئېتىنى چاپتۇرۇپ يولغا چۈشۈپتۇ ۋە ئۆيىگە يېتىپ كېلىپ، ئاتىسى ۋە ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ھال - ئەھۋاللىشىپ، ئەرەنچە كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىۋاپتۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ، شاھزادە قىرىق تۆگە يۈكى ۋە بوتاكۆز دېگەن چىرايلىق خوتۇنى بىلەن شەھەرگە كىرىپتۇ. شاھزادە ئۆيىگە كېلىپ، خوتۇن - بالىسىغا قاراپمۇ قويماي، كېچە - كۈندۈز بوتاكۆز بىلەن بولۇپ كېتىپتۇ. شاھزادىنى كەپتۇ دەپ قېرىنداشلار، تونۇش - بىلىشلەر يىغىلىشىپ كاتتا بەزمە قۇرۇپتۇ. شاھزادە تۆردە ئولتۇرۇپ، كۆرگەن - كەچكەنلىرىنى بىر يالغانغا ئۈننى قوشۇپ ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ كېتىپ-

تۇ. خوتۇنى پۈتۈنلەي يالغان گەپ قىلىپ ئۆزىنى ماختاپ ئولتۇرغان شاھزادىنىڭ يېنىغا كەلگەندە كەن، شاھزادە: «نېرى تۇر» دەپ ئۇنى سىلكىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئايال بالىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ: «قىرىق تۆگىگە يۈكنى ئارتىپ سەپەرگە چىقىپ، يولدا ئۇتتۇرۇپ قويغان بالام» دەپ بالىسىنى ئوڭ تىزىغا ئاپتۇ، «شەھەرمۇ شەھەر مېڭىپ دۇۋانىچىلىق قىلىپ، كېيىن مانتىپەزگە ئوت قالاپ، ئۇ يەردىنمۇ ھەيدەلگەن بالام» دەپ بالىسىنى سول تىزىغا ئاپتۇ. «بىر كىشى ئالدىغا چاقىرىپ تائام يېگۈزۈپ، مۇساپىرمۇ سەن دەپ ھال سورىغاندا ھۆكۈرەپ يىغلىغان بالام» دەپ بالىسىنى يەنە ئوڭ تىزىغا ئاپتۇ. «بىر ئايالغا ئۆيلەندۇرۇپ، قىرىق تۆگە مال قىلىپ بەرسەك شەھىرىڭگە قايتارسەنمۇ؟، دېگەن كىشىنىڭ ئايىقىغا يىقىلىپ، پۇتىنى سۆيگەن بالام» دەپ بالىسىنى يەنە سول تىزىغا ئاپتۇ.

شۇ چاغدا شاھزادە يالت قىلىپ خوتۇنىغا قاراپتۇ، شۇندىلا ئۇنى تونۇپ، يۈگۈرۈپ ئالدىغا كېلىپ، ئايىقىغا يىقىلىپتۇ-دە، پۇتىنى سۆيۈپ:

— مەندەك ئەخمەق، نادان ئېرىڭنى كەچۈر! — دەپتۇ، — مەن ئەمدى ئەقلىمنى تاپتىم. ھاياتىمدا ئۈچ ئەۋلىيا بار ئىكەن، بىرىنچى ئەۋلىيا ئاتام ئىكەن، ئاتام مېھنەت قىل ياكى ھۈنەر ئۆگەن، دېسە، گېپىگە كىرمەي يامان يولغا كىردىم؛ ئىككىنچى ئەۋلىيا قېيىنئاتام ئىكەن، سەپەردە ئۇ قونما دېگەن جايدا قونۇپ، ئېيتقىنىنى قىلماي، شەرمەندە بولدۇم. ئۈچىنچى ئەۋلىيا خوتۇنۇم ئىكەن، قىلغان ياخشىلىقلىرىنى بىلمەي كور بولدۇم.

شاھزادە شۇنداق دەپتۇ-دە، قىلىچىنى سۇغۇرۇپ بوتاكۆزگە ئۇرماقچى بولغانىكەن، خوتۇنى «ئۇنىڭدا ئەيىب يوق!» دەپ ئۇتتۇرىغا چۈشۈپ توسۇۋاپتۇ. كېيىن بوتاكۆزنى سودىگەر كارۋانلارنىڭ بىرسىگە نىكاھ قىلىپ بېرىپتۇ. شاھزادە بولسا خوتۇنى بىلەن ھەر يىلى بىر - ئىككى قېتىم سودىغا بېرىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە راھەت - پاراغەتتە ياشاپ مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى گۇما ناھىيەلىك قوشتاغ يېزا 3 - كەنتتىن ئەخمەت ئاخۇن، توپلاپ رەتلىگۈچى گۇما ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى)

---

(بېشى 100 - بەتتە)

ئارقار، توققۇز كېيىك، توققۇز توخۇ ۋە توققۇز كەپتەر سويۇپ، توققۇز كۈن مېھمان قىپتۇ. ئاندىن ئۇلار خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللاپ، توي كۈنى قىلىپ بېكىتىپتۇ.

ئالىپ ئارسلانخان ئوردا ئۇستازى كۆكتورۇكنىڭ باشچىلىقىدا بېھىشتەك بەشكېرەم باغلىرىدا قىرىق كېچە - كۈندۈز شاھانە توي قىلىپ، قىزى ئايتېگىننى ئالپاغۇتقا ياتلىق قىپتۇ. ئالىپ بۇغراخانمۇ ئايتېگىننى قىرىق يەڭگە ۋە قىرىق كېنىزىكى بىلەن قوشۇپ، ئاتۇشقا يۆتكىگەندىن كېيىن، يەنە ئارتۇچزارلىقتىكى ياپپېشىل يايلاقلاردا قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئالىپ ئارسلانخان بىلەن ئالىپ بۇغراخان ئاكا - ئۇكا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلۇغ خاقان ئاتىسى ئاپراسىياپ، يەنى ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلگەندىن كېيىن چۆلدەرەپ قالغان خانئۆي شەھىرىنى قايتىدىن تۈزەپ، ئوردا - قەسىرلەرنى تېخىمۇ كۆركەم زىننەتلەپ، ئالپاغۇت بىلەن ئاي تېگىننى تەنتەنە بىلەن كۆچۈرۈپتۇ. ئارقىدىن بەشكېرەم بىلەن ئاتۇشنىڭ خاندانلىقىنى ئالپاغۇتقا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئالپاغۇت خەلقنى ياخشى يېتەكلەپ، يۇرتنى گۈللەندۈرۈپ، تىنچ ۋە ئاسايىشلىق تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: بەشكېرەم يېزا بايلا كەنتىدىن ھېيت كېرىم، مۇسا كېرىم، سىدىق كېرىم.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىدا)

# قوتادغو بیلیک

[illegible]





قولى گۈل قىزلار

رەسسام : ئابدۇغېنى ئىمام


源泉 (布拉克) بۇلاق

(维吾尔文) 总151期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 151- سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编:艾力·托合提 副主编:买买提吐尔地

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆漢尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118 邮政编码:830001
邮政代号:58-108 定价:8.50元
广告经营许可证号:6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118 پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108 باھاسى: 8.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى : 6500006000043